# تارىم

2

1983

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىتتىپاقلىق — غەلىبە

غازى ئەھمەت سىزغان.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژورنال

26-يىل نەشرى

1983

# بۇ سانىدا

## نەسرى ئەسەرلەر


شۆھرەت (نەسر) ........................ ئەخمەت ئىمىن 4
لايىق تاللاش (ھېكايە) ........................ سەمەت دۇگايلى 7
مەتيانىڭ ھەسرىتى (ھېكايە) ........................ ئۇركەش ئىبراھىم 26
سادىق ھەمرا (ھېكايە) ........................ ئەكبەر غۇلام 32

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر ........................ 70
«ئاۋرال شامالىرى» پروزىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى (ئوبزور) ........ مەھەممەت پولات 79
ئەدەبىي ئاتالغۇلارنىڭ قىسقىچە لۇغىتى ........................ 92
مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ........................ 97


## شېئىرلار


شېئىرلار ........................ ماخمۇت مەھەممەت 19
ھاياتلىق ئۇنچىلىرى ........................ ئابدۇللا سۇلايمان 20
بۇگۈن ........................ كېۋىر نىياز 22
ئىككى شېئىر ........................ مەمتىلى زۇنۇن 22
رۇبائىلار ........................ رىشىت مەخسۇت 23
ئىشلە، يەنە كور راھەت ........................ تۇرغان شاۋۇدۇن 23
ئۈچ شېئىر ........................ پەرھات ئابدۇرېھىم 38
ئىككى غەزەل ........................ ئاۋۇت ئوسمان 40
باھار ئىشقى ........................ ئەنەيتۇللا قۇربان 41
ئىككى شېئىر ........................ ماخمۇتجان ھېزىم 41
ئىلقا ........................ غېنىزات غەييۇرانى 43
ئارزۇ ........................ مەتتوختى ئەخمەت 44
ناخشىچى قىزغا ........................ تۇرسۇن ھېكىم 45
رۇبائىلار ........................ ئابدۇۋەلى ئەلى 46
تۇرۇپ... ........................ ئەيسا سايىم 46
ئۆمۈر ۋە ئارمان ........................ قاۋۇل ساۋۇت 75


www.uyghurkitap.com

ئىككى شېئىر ........ تەلئەت ناسىرى 75
ئىككى شېئىر ........ سەييارە سەلەي 76
شوپۇر قىز ........ ئايشەم نۇراخۇن 77
«تارىم» ........ مىجىت تاش 78


## بالىلار ئەدەبىياتى


ئىككى شېئىر ........ تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن 47
مىجىت بىلەن ئويۇنچۇق (شېئىر) ........ پولات ھېۋىزۇللا 48
ئىككى شېئىر ........ ئەخمەتجان ئوسمان 48
مۇزىكانتلار (شېئىر) ........ مۇتەللىپ جۇماخۇن 49
ئېتىزىم (شېئىر) ........ ئابلىكىم روزى 50
گۈل تېرىدۇق ........ روزى توختى داۋۇت 50
«ئالاھىدە ئەترەت» نىڭ تار مار قىلىنىشى (ھېكايە) ........ مەتتۇرسۇن سۇلايمان 51


## كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن


«بېكەچ ئارسلان تېگىن» (تارىخىي داستاندىن پارچىلار) ........ ئىمىن تۇرسۇن 100


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


«تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە ئەمىرى ئەپەندى (ھېكايە) ........ رىفات 113


رەسىملەرنى مەھەممەت ئايۇپ سىزغان ........

# شوھرەت

(نەسىر)

## ئەخمەت ئىمىن

— شوھرەت ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغ شان - شوھرىتى، ئۇ زادى قەيەردە؟ — مەن بىر دانىشمەندىن سورىدىم.

ئۇ، ئويچان كوزلىرى بىلەن كوككە تىكىلدى. مەن:

— ئۇ، بىر - بىرىگە ھەسەتخورلۇق بىلەن كوز تاشلىشىپ گاھ قىزارسا، گاھ ئاقىرىۋاتقان يۇلتۇزلار ئالىمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ، ئۈندىمىدى.

— ئۇ، ياكى ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرۇۋاتقان ھەيۋەتلىك چوققىلارنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالغانمۇ؟ — دىدىم.

ئۇ، ئۇنچۇقماستىن يىراق - يىراقلارغا كوز سالدى. مەن سوئالىمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ئەمىسە، ئۇنىڭ ماكانى — بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ، كاككۇكلار سايرىشىۋاتقان، مەجنۇن تاللار قويۇق سايە تاشلاپ، گۇل - چىچەكلەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىۋاتقان گۈزەل باغلارنىڭ قوينى ئىكەن - دە!؟

ئۇ، يەنىلا خىيال ئىلكىدە ئىدى.

— ئېيتقىنا دانىشمەنىم، ئۇ، ياكى جانانىمنىڭ شامالدا يەلپۈلدىگەن سۇمبۇل چاچلىرىدەك تارام - تارام ئېقىۋاتقان دەريالارنىڭ قوينىدىن ياكى شىددەتلىك دولقۇنلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بلەن خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇۋاتقان دېڭىزلارنىڭ قەھرىدىن ماكان تۇتقانمۇ؟
ئۇ، ئېغىر ئۇيـقۇدىن ئويغانغاندەك خيـالـدىن باش كوتىرىـپ، ماڭا بىر تىكىلىپ قويدى ـ دە، سوئالىمغا سوئال بىلەن جاۋاپ قايتۇردى:
— ئەي يىگىت، سەن ئوزەڭ ئىزلەۋاتقان شوھرەتنىڭ زادى نىمىلىگىنى بىلەمسەن؟
مەن دەرھاللا جاۋاپ بەردىم:
— بىلىمەن، شوھرەت — بەختنىڭ گۈلتاجىسى.
— دىمەك سەن بەختنىلا ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ گۈلـتاجىسىنى ئىزلـەۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا، — دەپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى دانىشمەن، — سەن ئۇنى بەختنىڭ ماڭلىيىدىن ئىزلە.
— بۇ گەپچە، ئۇ شاھانە تاجلارغا نەقىشلەنگەن ئىكەن ـ دە!؟
دانىشمەننىڭ كوزلىرى ماڭا مىقتەك قادالدى.
— ھەي نادان، — دىدى ئۇ، — سەن شان ـ شوھرەت ئالتۇن تاجلارغا نەقىشلەنـ-گەن دەۋاتامسەن!؟ سەن تارىخ دېڭىزىغا تەپەككۇر كىمەڭنى سال. دۇنيادا قانچىلىغان شاھلار ئوتمىدى!؟ ئۇلار قەھرلىك بورانلىرى بىلەن گۈل ـ چىچەكلەرنى ئۇرۇپ ـ سۇندۇرۇپ، دەل ـ دەرەخلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنى، بۇلاق سۈيىگە تەلمۈرۈۋاتقان باغ ـ ۋارانلارغا بالا كەلكۈنى باشلاشنى، غەزەپلىك چاقماقلىرى بىلەن گوزەل تەبىەتنىڭ قۇچىغىدا ئاپەت يانغىنى ياندۇرۇشنى، قان ـ ياشلار بىلەن ئوزىنىڭ چاكىلداپ تۇرغان بالايى نەپسىنى قاندۇرۇشنى شوھرەت بىلىشتى. ئۇلار شانۇ ـ شەۋكەتـ-نىڭ مۇقەددەس ۋىسالىغا يىتىش ئۇچۇن قان دەريالىرىنى كەچتى، جەسەت تاغلىرىدىن ھالقىپ ئوتتى، لىكىن شوھرەت ئۇلارغا نىسىپ بولمىدى. ئۇلار ئاقىۋەت شوھرەت ۋەسلىدە نالە ـ پەريات قىلىپ قىساس ئارقانلىرىدا بوغۇلۇپ تۈگەشتى. ئۇلاردەك، ئوز-لىرىنى بەخت بۇلىغىدا بىلىقتەك پىلتىڭلاپ يۈرگەنلەر، دەپ ئاتىنىشۋالغانلار ھەرگىز ھەقىقى بەختنىڭ ئىگىسى ئەمەس. تەننىڭ ھوزۇرى، مۇھتاجلىقنىڭ تەمىن ئېتىلىشى بەخت ھىساپلانمايدۇ. ھوقۇق ـ ئىمتىياز — سائادەتنىڭ بەلگىسى ئەمەس. زوراۋاندا نۇسـ-رەت رىسقى بولمايدۇ. سەن بەختنىڭ سايىسىمۇ چۈشمىگەن ئالتۇن تاجلاردىن شوھرەت جۇلاسى ئىزلىمەكچىمۇ؟!
— ئەي دانىشمىنىم، — دىدىم مەن، — سەن ئالتۇن تاجلاردا شوھرەت جۇلاسى بولمايدۇ دەيسەن. ئەمىسە، شوھرەت ئىگىسى بولمىغان تاجلار نىچۈك باشقىلارغا شوھرەت تونىنى كىيگۈزۈشكە قادىر بولالىغان؟
ئۇ كۈلۈۋىتىپ سوزىنى باشلىدى:
— سەت چىراي پەدەزغا مۇھتاج. ھەقىقى شوھرەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چول ئېزىتقۇسىغا ئوخشايتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىنتىلگەنسىرى ئۇ يىراقلىدى، ئۇلار قوغلىغاندا ئۇ قاچتى ـ يوقالدى. ھەقىقى شوھرەتكە مۇيەسسەر بولالمىغان بۇ بايقۇشلار سۈنئى شوھـ-رەتنى پەيدا قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوزلىرىنى، بىر ـ بىرىنى راسا پۈۋلىشىپ شار ئورنىدا ئاسمانغا ئۇچۇرۇشتى، لىكىن كوككە ئورلىگەن شارنىڭ يېرىلمىغىنىنى سەن قاچان كورگەن؟ ئۇلار شوھرەتنى لىباس ئورنىدا كورۇشۇپ بىر ـ بىرىگە تارتۇق قىلىشـ-

تى، لېكىن مەيلى زەر لىباس، مەيلى كىمخاپ تونلار بولسۇن، دۇنيادا يىرتىلمايدىغان لىباس بولمىغان، ۋاقىتنىڭ ئۇپۇرتۇشى بىلەن بۇ تونلارمۇ چاك - چېكىدىن بوسۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سەت يەلكىسى ئېچىلىپ قالدى.

بەخت ھالال ئىنسانلارنىڭ جاپالىق، مىننەتسىز مېھنىتىنىڭ ئەبىدى مەھسۇلى. مۆلىلىك دەرەخ تىككەن باغۋەن مېۋىدىن ئۆزى بەھرىمەن بولۇشنىلا ئويلىمايدۇ. قارا بوۋاڭ تىككەن ئانارنىڭ مېۋىسىدىن سەن لەززەت كورۇۋاتىسەن؛ ئاتاڭ تىككەن سۇۋادان تېرەكنىڭ ئاستىدا سەن سايىداۋاتىسەن، ئۆز مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدىن باشقىلارغا مەڭگۈلۈك بەھىر قالدۇرغان، زۇلمەتلىك ماكانلارغا ئومۇرۋايەت ئوچمەس چىراق ياندۇرغان كىشىلەرلا ھەقىقى بەخت ئىگىسى. بەخت — سولمايدىغان گۈل. شوھرەت ئۇنىڭ تاجىسى. كىم ئىنسانىيەتكە بەخت ياراتسا شۇ شوھرەت تاجىسىنى كىيىشكە ھەقلىق.

بەخت گۈلشىنى بىر ئەتىگەندىلا بەرپا بولغان ئەمەس. ئۇ تالاي گۈللەرنىڭ بەرق ئۇرۇشى بىلەن ھوسۇن تاپىدۇ. سەن گۈلزاردىكى ئوزەڭگە مەلۇم بولغان، ئېچىلغان، ئېچىلىۋاتقان گۈللەرگە زوقلىنىۋاتقىنىڭدا ئوزىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى تامام چېچىپ تۈگىتىپ توزۇپ بولغان، ئوزى ئوسكەن ئېزىز يەرگە ئۇرۇق بولغان نامەلۇم گۈللەرنى ئۇنتۇمىغىن. بۇ گۈللەرنى بەزىلەر بىلمەيدۇ. بەزىلەر بىلسىمۇ ئۇنتۇدى، سەن گۈل ئۇرۇقلىرىنى ئالقىنىڭغا ئالغاندا، ئۇنىڭ كىچىككىنە جىسمىدىكى پۈتمەس ھاياتىي كۈچنى چۈشىنىشىنى، قەدرلەشنى ئەسلا ئۇنتۇما.

ئىنسان يەرلىگىگە تىكلەنگەن تاش مۇنارە قەدىر - قىممەتنىڭ يالغۇز نامايەندىسى ئەمەس. ھەقىقى بەخت ئىگىسى، ھەقىقى شوھرەت ئىگىسى ئۆز قەۋرىسىگە مۇنارە تىكلىنىشنى تاما قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ يادنامىسى خەلقنىڭ قەلبىگە پۈتۈلگەن.

ئاڭلا يىگىت، سوئالىڭغا جاۋابىم شۇ: شوھرەت — ئىنساننىڭ ئۇلۇغ شان - شوھرىتى، خەلقنىڭ — ھەقىقى شان - شوھرەت ئاتا قىلىشقا قادىر ئۇلمەس خەلقنىڭ چوڭقۇر قەلبىدە بولىدۇ.





# لايىق تاللاش

(ھىكايە)

سەمەت دۇگايلى

1

رابىخاننىڭ گۈلنسانى "قايىل قىلىش سوھبىتى" ئاخىرى جىدەل بىلەن ئاياقلاشتى:

— يېشىڭ ئەللىمازاغا يەتتى، بويۇڭغا قارىسا توگىدەك. يەنىلا "ياق"، "ياق" دەۋدىرەمسەن؟ — دەپ ۋاقىرىدى رابىخان شۇنچە كوپ يۇمشاق ۋاستىلارنى ئىشلىتىپمۇ قىزىنى كوندۇرەلمىگەندىن كېيىن، "ئانا" لىق بېسىم ئىشلەتمەكچى بولۇپ، — مەن سېنىڭ يېشىڭدا ئىككىنچى قېتىم ئەرگە تەككەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ مۇشۇ داداڭغا تەككەن...

— ئاغزىڭىزنى بۇزماڭ، ئانا، — گۈلنىسا ئۈننى ھەر قانچە مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشسىمۇ، ئەمما ئۈنىڭدا بايىقىدىنمۇ كۈچلۈكرەك قەتئىيەت جاراڭلاپ كەتتى، — مەن تۇرمۇشقا چىقىش مەسىلىسىدە ئۆز قارىشىمنى بارلىغىنى ئېيتقان ئىدىم. مېنى مۇنداق قىستاۋەرمەڭ...

مەن قىستىدىممۇ؟ ئاق سۈت بېرىپ باقىقىنىمنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن گەپ قىلىپ باقە قېنى، مەن سېنى قىستىدىممۇ؟ خان بالام، ئاي بالام، يىگىرمە سەككىز ياشقا

كىرىپ قالدىڭىز بالام، ئەمدى ئەر كىشىنىڭ بېشىنى تۇتۇڭ بالام، دەپ نەسىھەت قىلىۋاتىمەن، بۇنى قانداقمۇ قىستىدى دېگىلى بولىدۇ؟

— قىستىدىڭىز ئانا، يېرىم كۈنىڭياقى كوزۇمگە كىرىۋالدىڭىز، ئەتىلدىن بۇيانمۇ ھەر كۈنى بېشىمنى بىر ئاش پىشىم ئۇچاق قىلدىڭىز. ئۇتۇنۇپ قالاي، قىستىماڭ.

رابىخاننىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ، كوزلىرى چەكچەيدى. بۇرنىنىڭ چاناقلىرى كېڭىيىپ، تىنىقلىرى ئۇلاشماي قالدى:

— مەن ساڭا ئوچۇق ئېيتىپ قوياي: مەن دېگەن ئاشۇ ئەرگە قەتئى تېگىسەن. خەق سېنى نەق 6 يىلنىڭياقى ساقلاۋاتىدۇ، بىلىپ قوي، جۇمۇ؟!

— ياق.

— تېگىسەن دىدىم، تېگىسەن! — رابىخان تېخىمۇ قىستاپ كەلدى، — مەن سېنىڭ يېشىڭدا ئاللىقاچان ئىككىنچى قېتىم ئەرگە تېگىپ بولغان...

— ئەمدى ئۇچىنچى قېتىم تېگىۋېلىڭ!

بۇ سوز رابىخاننىڭ بېسىقمايۋاتقان غەزىۋىنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى سۇپىدىكى گىلەمنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ھۆڭرەيتۈپ يىغلاشقا، ئاغزىغا توغرى كەلگەن سوز بىلەن قىزىنى قاغاشقا باشلىدى:

— ھۇ، ئىزانى بىلمەيدىغان، ھۇ، توز كور قىلىدىغان، ھۇ، ھاياسىز، ئىسىت، ۋاي ئىسىت، سېنى تۇققىچە...

گۇلنىسا ئەسلىدە ئانىسىنىڭ ئاغزىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ھېلىقى سوزنى قىلغان ئىدى، ئەمدىلىكتە گېپىنىڭ باشقىچە نەتىجە بەرگەنلىگىدىن بىر ئاز ھودۇقۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك ئىش يۈز بەردى، ئۇنىڭ چاقىرغان دوستلىرى — مېھمانلار چۇۋۇلۇپ، نېرىقى ئويدىن بۇ ئويگە كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار نېرىقى ئويدە ئۇنىئالغۇدىن ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاپ ئولتۇرغانلىقتىن، ئانا بىلەن قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرادىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا دەسلەپ بېشىنى ئاستا سوزۇپ قاراپ بېقىپ، كېيىن دووۇرەپ كىرىشتى. بۇ چاغدا رابىخان سۇپىدا يۇمۇلاۋاتاتتى، گۇلنىسا بولسا ئىمتىمان بېرەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك تىمىغىنى تاتىلاپ ئورە تۇرۇپ يىغلىماقتا ئىدى.

— نىمە بولدىڭىزلار رابىخان ئاچا، گۇلنىسا؟ — دەپ سورىدى گۇلسۇم ئىسىملىك بىر قىز، — بىزنى مېھمانغا چاقىرىپ ئوزەڭلار يىغلاۋاتقىنىڭلار نىمىسى؟

— مەن ئۇنى قېرىپ كەتتىڭ، ئەرگە تەككىن، دىسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ، — رابىخان ئورنىدىن تۇرۇپ شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. كوزلىرىدىن چوڭ ـ چوڭ ياش تامچىلىرى قورۇق چۈشكەن بولسىمۇ قىزىلىنى يوقاتمىغان مەڭزىگە دومۇلاپ چۈشمەكتە ئىدى، — قاراڭلار، ئۇنىڭ ئەپتىگە. ئۇ قاچانغىچە ئاشۇنداق ئولتۇدۇ؟ جاھانغا تۆۋرۈك بولماقچىمۇ، يا؟

— تېگىدۇ، قىز بالا بولغاندىكىن ئەرگە تەگمەمتى؟ — گۇلسۇم رابىخاننىڭ كوڭلىنى ياساش ئۈچۈن شۇنداق دىگەن ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ سوزى ھەممەيلەننى كۇلدۇرۇۋەتتى، — خاپا بولمىسلا، يەنە ئۈچ ئاي پىراكتىكا مۇددىتى قالدى، شۇنىڭغىچە چىداپ بەرسىلە.

باشقىلار يەنە كۇلۇشتى. رابىخاننىڭ يۈزىدىمۇ كۇلكە پەيدا بولدى. ئۇ ئەمدى راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ ھەممەيلەنگە ئوچۇق چىراي بىلەن سەپسېلىپ چىقتى. كوز چۆرىسىدىكى ياش يۇقى، مەڭزىدىكى ھولنى كورگەندە، ئۇنى باياتىدىن بېرى خۇشلۇقتىن يىغلايتۇ، دەپ قېلىش مۇمكىن ئىدى.

قاسىمجان ماڭا "ئوقۇش پۇتتى، تەق-

سىماتقا قاراشلىق قالدى" دېگەن ئىدىغۇ؟ — ئۇ ئەمدى تامامەن ئۇرنىدىن تۇرۇپ قىزى بىلەن ئۇزى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق گەپ-سۆز ئۆتمىگەندەك سوزلەشكە باشلىدى.— يەنە پىراكتات دېگەن نەرسەگىلەر بار ئىكەن-دە. شۇنداقتا ئالتە يىلدىمۇ پۈتمەيدىغان ئوقۇش بوپتۇ بۇ؟ يا سەن سىنىپ كوچەلمەي قالمساڭ،— ئۇ قىزىغا مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن قارىدى،— ھە، مەيلى. ئالتە يىلغا چىدىغان قاسىمجان يەنە ئۈچ ئايغا چىدايدۇ، قاسىمجان، قېنى سىز!

گۇلنىسانىڭ دوستلىرى ئۇز ئەتراپىغا قاراپ ھېچبىر يىگىتنى كورەلمىدى. رابىخان دەرھال ئىزاھات بەردى:

— قاسىمجاننىڭ ئىپىتىشچە، ئالى مەكتەپتە ئوقۇغان ياشلار تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى جۈپ-جۈپ بولىشىۋالىدىكەن. شۇڭا بۇگۈن گۈلنىسانى دوستلىرى يىغىلغان چاغدا باغلاپ قويايى دەپ، قاسىمجاننى چاقىرغان ئىدىم. گۇۋا بولۇپ قويۇڭلار. كېيىن بىرەرسى تۇمشۇغىنى سوزۇپ يۇرمىسۇن. قېنى سىز، قاسىمجان؟

ياشلار بىر-بىرسىگە قاراشتى. كېيىن ياندىكى ئويگە بويۇنداشتى. شۇ چاغ ئىشىكتە قاسىمجانمۇ كورۇندى. ئۇ، 30 ياشلاردىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بويى، قارامتۇل، بەستلىك كىشى ئىدى، يېڭى ئېلىنغان بولسىمۇ قويۇق ساقاللىق ئىكەنلىگى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، ھەممەيلەننىڭ ئۇزىگە بىراقلا بۇرۇلۇپ قارىشىدىن سەل بەيلىك سەزدىمىكىن، ئۇڭ قولى بىلەن ئىشىگىنى مەنىسىز سىلاپ تۇرۇپ قالدى. رابىخان دەرھال كۇلۇپ:

— قېنى، بالىلىرىم، ئالتۇندەك قولدىرىڭلار بىلەن "مۇبارەك بولسۇن" دەپ بىر چاۋاك چېلىۋەتمەمسىلەر؟— دېدى ۋە ئىنكاس چىقمىغىنىنى كورۇپ يېلىنىش ئاھاڭىدا داۋام قىلدى،— خۇدا سىلەرنىڭمۇ بەختىڭلارنى بېرەر. يېڭىچە پۈتۈشۈش مۇراسىمى باشقىچە بولامتى، يا؟ — رابىخان ئاچا، گۇلنىسانىڭ كوزىدىن ئېقىۋاتقان يېشىغا چاۋاك چالاماسدۇق؟— دەپ سورىدى گۇلسۇم ئەيىپلەش ئاھاڭىدا،— قارىسىلا، ئۇنىڭ ئەپتىگە.

ھەممەيلەننىڭ قاتارىدا رابىخانىمۇ بۇرۇلۇپ گۇلنىساغا قارىدى. گۇلنىسا گويا بىلمەي گۇنا سادىر قىلىپ قويغان بالىدەك ئۈنسىز ياش توكمەكتە ئىدى. رابىخاننىڭ خۇيى تۇتتى. ئەمما سورۇننىڭ بەپىلگىسىنى ھېس قىلدى. ئەسلىدە، بۇگۈن ئۇ ئۇزىچە بىر "قاپقان" قۇرۇپ قىزىنى "ھەممە ساۋاقداشلىرىڭنى باشلاپ كەل" دەپ ئۇزى بۇيرۇغان. قاسىمجانىمۇ ئۇنئالغۇ ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپ، مۇشۇنداق بىر سورۇندا "مەسىلە" نى ھەل قىلىپ، گۇلنىسانىڭ قارشىلىقىنى تۇگەتمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن، ھېلىغىچە توسۇن تايىدەك تۇتۇق بەرمەيۋاتقان قىزى بۇگۈن قەتئى رەت قىلدى. رەت قىلغاندىمۇ قايتا گەپ قىلغىلى بولمايدىغان قىلىپ ئەدەپسىزلىك بىلەن "ئۇزىڭىز تېگىۋېلىڭ" دېدى. شۇ تاپتا قىزىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلسا، ئۇ بەربىر ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ گۇلنىسانى ماقۇل، دېگۈزۈپ بېرىشنىڭ ئورنىغا "ياق دە!" دېگەندەك قاراشماقتا. بۇنداق شارائىتتا ھەددىدىن ئاشسا ئۇزى يېتىم قالىدىغانلىغى، ئاۋادا، گۇلنىسا توقامنى قارنىغا ئالسا قاسىمجاننىڭ ئالدىدا سەتچىلىك بولۇدىغانلىغى كورۇنۇپ تۇراتتى.

— قاسىمجان ئومۇمنىڭ خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولۇپ يۇردى،— رابىخان مۇرەسسە قىلماقچى بولغاندەك خىتاپ قىلدى،— بىزنىڭ گۇلنىسامۇ ئايىغى تۇگمەيدىغان ئوقۇشتىن باش كوتىرەلمىدى. ئىككىسى بىر-دەم-يېرىم دەم بىللە بولۇپ باقمىغان. بىر ئاز سوزلەششە خۇدايىم ئىسسىقچىلىقنى بەر-

مەي قالماس. قېنى، بىر ئاۋۇ ئۆيگە چىقايلى.

رابىخان دەرھال ماڭمىغانلارنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ يەڭگىل ئىتتىرىپ سىرتقا چىقىشقا ھەيدىدى. قاسىمجاننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ قۇلىغىغا: "ياخشى، يۇمشاق گەپلەر بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرۈڭ، بالام" دەپ ئۈگەتتى. شۇ چاغدا گۈلسۈممۇ گۈلنىسانىڭ قۇلىغىغا: "چىڭ تۇر! ئاناڭغا بىرمۇ گەپ قىلمىز. سەن ئۇ پالانىجاننى قانات سورىمەسلىككە كوندۇرسەڭلا بولدى." دەۋاتاتتى.

2

رابىخان ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ گۈلنىساغا ئىسسىق ئۆتمەيتتى. توغرا، قاسىمجان ھەر قانداق بىر قىز ھەۋەس قىلغۇدەك، بولۇپمۇ، گۈلنىسادەك 28 ياشقا بېرىپ قالغان قىز ئۆزى ئىزلەپ بارغۇدەك يىگىت ئىدى. قاسىمجان بىر قېتىم ئۆيلەنگەن، نەمىشقىدۇر چىقىشالماي ئايرىلىپ كەتكەن. ئۆيلەنگەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ گۈلنىسامۇ ئوقۇۋەرمىگەن بولسا كىم بىلىدۇ، نەچچە بالىنىڭ ئانىسى بولار ئىدىكىن؟ ھازىر بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. رابىخاننىڭمۇ ئىككىنچى ئەردىن، يەنى گۈلنىسانىڭ دادىسىدىن تەلىيى كەلگەن. قاسىمجاننىڭمۇ چوقۇم ئىككىنچى ئايالىدىن يەنى گۈلنىسادىن تەلىيى كېلىدۇ. چۈنكى، گۈلنىسا يالغۇز قىز بولۇپ، رابىخان يىمىگەننى يەگۈزۈپ، ئىچمىگەننى ئىچۈرۈپ باقتى. پۇل ـ پىچەك، كىيىم ـ كېچەككە كوز قارنى توق. گۈلنىسانىڭ دادىسى شەھەر بويىچە ئەڭ ماھىر ياغاچچى. گۈلنىسامۇ ئاجايىپ ياخشى قىز، چىرايىمۇ بار، ئەقىل ـ پاراستىمۇ بار. رابىخان ئۇنى يەنە 4 ـ 5 يىشىدىن باشلاپلا ئىشقا ئۈگەتكەن، ھەر قانداق تاماقنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايدۇ، كىيىم ـ كېچەك تىكىشكە كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈدىغان ماشىنىچىنى يوق دىسىمۇ بولىدۇ. ئەڭ يىڭى مودا كىيىملەرنىمۇ پىچىپ تىكىۋېرىدۇ، پەردە، كارۋات ئايىغى، كىيىم ئاسقۇچنىڭ ياپقۇسى دىگەنلەرنىغۇ ئۆيناپ يۈرۈپ ئىشلەيدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، ئالى مەكتەپنى ياخشى ئوقۇپ تاماملاش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ، بىر كەسىپ ئىگىسى بولىدى، دىگەن سۆز، ياخشى مۇئاشلىق بولىدى دىگەن سۆز. يىتەرسىزلىگىچۇ؟ يىشى سەل چوڭ بولۇپ قالدى. ئاندىن تەقسىمات دىگەن گەپ بىلەن ئاتا ـ ئانىسىدىن يىراق بىر جايغا كېتىپ قېلىشى مۇمكىن، بولۇپمۇ يىزىغا، تازا يىراق جايلاردىكى گۈڭشېنىڭ ئوتتۇرا مەكتىۋىگە تەقسىم قىلىنىپ قالسا قاسىمجاندەك لايىق تۇگۇل... بۇنى ئۆيلاشنىڭ ئۆزى قورقۇنۇچلۇق! ئەگەر دادۈيلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتىۋىگە تەقسىم قىلىنىۋەتسە خۇدا ئۇرغىنى شۇ! ئۇنى ـ بۇنى دىگەن بىلەن بىردە ناھايىتى چوڭ كاۋاك بار، مۇناسىۋەتلىشىدىغان بىرەر باشلىق ياكى مۇھىمراق ئىدارىدا تونۇشنىڭ بولماسلىغى. ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىگى ھىساپلىنىدۇ. بىر مانا شۇنداق كەمچىلىگى بار ئائىلە ئەمەسمۇ؟!

رابىخان ئۆز تەرىپىنىڭ ئارتۇقچىلىغى ھەم كەمچىلىگىنى ئەنە شۇنداق ھىساپلاپ بولغاندىن كېيىن، قاسىمجانغا توختىلاتتى. قاسىمجاننىڭ گۈلنىساغا روبىرو بولالمايدىغان بىرلا يىرى بار. ئۇ بولسىمۇ، بىر قېتىم توي قىلىپ قالغانلىغى. بۇنى ئەيىپ دىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مۇئاشى بار، خەلق ھوكۈمىتى ئىشخانىسىدا مۇھىم ئورنى بار-

ئۇنـداق بولغانـدىكىن، كوز قىرىنى تاشلاپ
بولغىچە ئۇزىنى ئاتسىمـۇ ئەرزىيدۇ، ئوقۇش
پۇتتۇرگەنلەرنى تەقسىم قىلىدىغان چـاغدا
تۇرمۇشقا ئىتتىۋار بىرىلىدىكەنغـۇ؟ تېپىشقان
ئوبېكتى بارمۇ؟ توي قىلىشقا پۇتۇشكەنمـۇ -
قانداق، دىيىشىدىكەنغۇ؟ قاسىمجـانغا ماقۇللا
بولسا گۇلنىسانىڭ شەھەردە قېلىشى تۇرغانلا
گەپ. ھەتـتا سەل بەپ بولسىمۇ، تويىنى
كېيىن قىلىدىغان شەرت بىلەن ئالدىنئالا توي
خېتى ئېلىپ قويسىمۇ بولىۋېرىدۇ، قايسى ئىـ-
داردا ئىشلىسە مۇۋاپىق، قايسى خىزمـەتنىڭ
ئېپى بار، بۇلارنى رابىخانىنىڭ ئويلىشى بىـ-
ھاجەت. بۇنى قاسىمجان ئۇزى تـوغرىلايدۇ.
گۇلنىسا ھەپتىدە بىر، بولمىغانـدىمـۇ ئىككى
ھەپـتىدە بىر قېتىم ئاتا ئانىسىنى يـوقلاپ
كېلىپ دىدارىنى كورسەتسىلا كۇپايە، مۇئاشـە-
نى نىمە قىلىسا قىلمامدۇ، دادىسى كارخانـە-
دىن ئالىدىغان ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى
دىگەنلەرنىمۇ خەجلەپ بولالماي بانكىغا قو-
يۇۋاتسا...

ھەركىم ھاياتقا ئۇز نۇقتىنەزىرى بىـ-
لەن قارايدۇ. چۇنكى كىشىلەر ياشاش شارا-
ئىتى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىـتى،
جەمىيەتتىكى ئورنى... قاتارلىقلاردىن خىلمۇ-
خىل تەجرىبىلەرنى يەكۇنلەيـدۇ. رابىخانـىنىڭ
يۇقۇرقى قاراشلىرىنى خـاتا نۇقتىنـەزەر،
دـيىشكـە بولمىسـمۇ، گۇلنىسـا بۇنى قو-
بۇل قىلالـمايتتى. ئانىسى باشتـا "قىزىـم
تارتىنىۋاتامدىكىن" دىدى. كېيىنرەك مەجبۇر
قىلمىسا بولمايدىغانلىغىنى چـۇشەنـدى. مانا
بۇگۇن مەجبۇر قىلىشتا تازا ۋايىغا يەتكۇز-
گەن ئىدى، نەتىجىسى ياخشى بولمىدى.

شۇ تاپـتا، قاسىمجـان بىلەن گۇلنىسا
يالغۇز قالدى. گۇلنىسا قاسىمجاننى ھەر ھال-
دا تونۇيتتى. بۇرۇن بىلىمگىنى بىلەن بىرەر
يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بۇ ئويـدە پات - پات
پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىغىدىن ھىچنىمنى تۇي-
مايمـۇ قالمىدى. ئەگـەر بىر بويتاق يىگىت
بويىغا يەتكـەن قىزنىڭ ئويىگـە ھەممىشە ئۇ
بار چاغلاردا كىرسە، كىرگەندىمۇ ساقال- بۇ-
رۇتلىرىنى ئالـدۇرۇپ، ھـازىرلا ماگىزىندىن
سېتىـۋالـغانـدەك يېڭـى، پېـتى بۇزۇلـمە-
غان دـىچـۇلـسياڭ كويـنـەك بىلەن باق-
قالـنىڭ تاۋۇز پـىـچىـغـىنىڭ بـىـسـدەك،
قىرچـىقارغان دەلـۇن شىم كىيـىپ كىر-
سە، سوھبەت تېمىسىنى تۇرمۇشقا كەڭ قو-
ساقلىق بىلەن قارايدىغانـلىغىـدىن باشـلاپ
بەزى ياشلاردىكى، بولۇپمۇ ياش يىگىتلەر-
دىكى ناچار قىلىقلار، ۋاپاسىزلىق قىلمىشلار-
نى سوكۇش بىلەن ئاخىرلاشتـۇرسا، ئۇنىڭ
سوزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان قىز ھىچنـىمـىنى
سەزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس - تە!

قاسىمجان شۇ تاپـتىمۇ ئاشۇ تېـمـىدا
سوزلىمەكتە ئىدى. بۇ قېتىم رابىخان پەدىـ-
شەپنى ئېچىۋەتكەنلىكتىن، گەپنى "بەزىلەر"
دىن باشلىماي نەق ئىككىنسىنىڭ كەلگۇسىدىكى
ئىشلىرىدىن باشلىغان ئىدى.

— مەن سىزگە ياخشى ھەمرا، دوسـت
بولۇپ قالالايدىغانلىغىم بىلەن پەخىرلىنـ-
مەن، — دىدى ئۇ زور ئىپتىـخار بىلەن، —
مەن، سىزنىڭ ئوقۇشىڭىز تاماملىنىشىنى زا-
رىقىپ، توت كوز بىلەن كۇتۇپ كەلمەكـتىـ-
مەن... مەن سىز توغرىلىق كادىرلار ئىدارىسى،
مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسـ-
ئۇللىرى بىلەن سوزلىشىپ قويدۇم. ئۇلار ئۇزىڭىز
خالىغان ئورۇنغا ئورۇنـلاشتـۇرۇپ قويۇشـقا
ۋەدە قىلىشتى. مەن سىزنى كاتىۋات ئىشخا-
نىسـىدا ئىشلىسۇنمىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.
چۇنكى، رەھبەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا
ئىمكانىيەت كەڭ. ئۇكىسىنىش، دەم ئېلىـش
شارائىتىمۇ كەڭ - كۇشادە...

ئۇ، گۈلىنسانىڭ يىغلىماي ئاڭلاپ ئولتۇرغىنىنى، دەسلەپتە، بىر ئاز ئېسەدەپ قويۇپ كېيىن جىمىپ قالغىنىنى كورۇپ "ئىسىق" ئوتتۇۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى - دە، ئېخىمۇ بېرىلىپ، قىزىشىپ سوزلىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ بۇ سوزلىرى ھەقىقەتەن لايىق ئىزلەۋاتقان قىزلار ئەڭ قىزىقىدىغان، بولسا ئېخى، قىزلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن يىگىتلىرىنى قىزىتىپ دەيدىغان سالىدىغان سوزلەر ئىدى؛ قاسىمجان 2 كانايلىق ھىلىقى ئۇنئالغۇنى گۈلىنسانى دەپ سېتىۋاپتۇ. ئەينەكلىك كىيىم ئىشكاۋى ياسىتىش ئۇچۇن بىر كىشىگە ياغاچ ياغىچى بۇيرۇپ قويۇپتۇ. ئالاھىدە ياسىلىدىغان سىم كارۋات ئۇچۇن پۇل بېرىپ قويۇپتۇ، ئېلېكتروزور سېتىۋالماقچى بولۇۋېتىپتۇ...

گەپ ئۇزارغانسېرى گۈلىنسا تەبەسسۇم قىلىشقا، ئاندىن ھېجىيىشقا، ئاخىرىدا ئوزىنى تۇتالماي كۇلۇمسىرەشكە مەجبۇر بولدى. قاسىمجان ئوزىنىڭ قايسىبىر بولۇمىگە باشلىق بولۇپ قېلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولۇپ قالغانلىغىنى، كېيىن ئۇلار ياتاق ئويگە بىر ئاپتوماتىك تېلېفون ئورناتقۇزىدىغانلىغىنى سوزلەۋاتقاندا چىدىيالماي قاقاقلاپ كۇلۇپ تاشلىدى. ئۇ، شۇنچىلىك قاتتىق، جاراڭلىق كۇلدىكى، كوزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. قاسىمجانمۇ ھەيران بولۇپ سوزىدىن توختىدى. شۇ ئارىلىقتا گەپ ماراپ تۇرغان بولسا كېرەك، رابىخان ھىجايغىنىچە تېز كىرىپ كەلدى - دە:

— ئىگە كىم، مەڭگۈ شۇنداق كۈلۈپ، قوشماق بولۇپ ئولتۇرۇڭلار! — دېدى. ئۇ، چاي ئېلىپ كىرىشنى باھانە قىلغان ئىدى. شۇڭا پەتنۇسنى پىيالە - چەينەكلەر بىلەن گۈلىنسانىڭ ئالدىغىراق قويدى. گۈلىنسا ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنىپ چەينەكنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، رابىخان كوزىگە تولغان ياشلىرىنى چىقىرىۋېتىشتىن قورققاندەك تەتۈر ئورۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

— سىز مېنىڭ سوزلىرىمنى غەلىتى ھىس قىلمىغانسىز؟ — دېدى قاسىمجان گۈلىنسا ئۇزاتقان پىيالىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قولىغا ئېلىپ، — ئۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى راس، كەلگۈسىدە ئالىدىغان نەرسىلەرئۇچۇن سىزنىڭ بىر پۈتكىڭىزگە تەگمەيمەن. ماڭاشىڭىزنىڭ ھەممىسىگە كىيىم كىيىڭ. پەقەت سىز ماقۇل بولسىڭىزلا، "بوپتۇ، توي قىلايلى" دىسىڭىزلا



www.uyghurkitap.com

مېنىڭ بارلىغىم سىز ئۈچۈن...

— ئەگەر ماقۇل دىمىسەڭچۇ؟ — گۈلنىسا ئۇنىڭ سوزىنى بولدى. لېكىن ئاۋازى مۇلايىم، سىلىق ئىدى. ھەتتا "ئۇ چېقىشىپ سوزلەۋاتامدۇ، نىمە؟" دەپ ئويلاپ قالغۇدەك ئاھاڭدا ئىدى، — "بولمايدۇ، سىز بىلەن توي قىلالمايمەن" دىسەڭچۇ؟

سەھەردىكى ئەتىرگۈلدەك ئېچىلىپ كۈلۈپ ئولتۇرغان، ئوز قولى بىلەن چاي تۇتۇپ بەرگەن قىز "ماقۇلغا كەلدى" دەپ قارىلىدۇ - دە!؟ قاسىمجانمۇ شۇنداق ئويلىغان ئىدى. شۇڭا گۈلنىسانىڭ سوزىنى چاخچاق قىلىۋاتىدۇ ياكى توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پات - پات ئەسلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن ۋەدە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ قەتئىلىك بىلەن:

— ئۇ چاغدا...ئۇ چاغدا...بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، — دىدى ۋە بۇ سوزىنى يېڭىچە مەنا بىلەن تەكىتلىدى، — ئۇ چاغدا مانا بۇ شەھەر تار كېلىشى ... نىمە دىسەم بولار ... ياق، ئالەم تار كېلىشى، ياشاش لەززەتسىز تۇيۇلۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ لايىغىم بار، — گۈلنىسا باياتىنقى تەلەپپۇزىدىن چەتكە چىقماي تەكرارلىدى، — مېنىڭ سۇيگىنىم بار. يەنە كېلىپ بىز تۇنۇگۇن، بۇگۇن تېپىشقان بولماي، توپ - توغرا يەتتە يىلدىن بۇيان مۇھەببەت لەززىتىدە ياشاۋاتىمىز. سىز ئانامغا ئوخشىمايسىز. ئېچىپ ئېيتمىسامۇ چۈشىنەلەيسىز، — گۈلنىسانىڭ ئەمدى ئاۋازى ئوزگەردى. رەڭگى - روپىغىمۇ جىددىلىك، ئەسەبىلىنىش بەلگىلىرى يېيىلىشقا باشلىدى، — ئۇ مېنى يەتتە يىلدىن بۇيان ساقلاۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا ۋەدە بېرىپ قويغان...

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، — قاسىمجان غۇدۇڭشۇپ قويدى ۋە ئىشەنمىگەندەك سورىدى، — ئۇ كىم؟ ئۇ نەدە؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس...

— ئۇ، كۈڭشېدا دىخان، — گۈلنىسا تەمكىنلىك بىلەن ئاستا چۈشەندۇرۇشكە باشلىدى، — ئۇ ھازىرمۇ يەر تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. يادىڭىزدا بارمىكىن، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلۇشقا يېقىن مەن قايتا تەربىيە ئېلىشقا بارغاندا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان. مېنىڭ "مۇناسىۋەتلىك" كىشىلىرىم بولمىغانلىقتىن ئالى مەكتەپكە ئوقۇشقا بارىدىغان بىر كىشىلىك سان بىز چېنىقىۋاتقان دادۇيگە بارغاندا، ئۇ، بۇ ساننى ماڭا ئوتتۇنگەن ئىدى. ئۇ ئوتتۇنمىگەن بولسا، ئوزى كېلەلەيتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى دادۇيجاڭ ئىدى...

— مۇمكىن ئەمەس، — يەنە غۇدۇڭشىدى قاسىمجان، — ئۇنىڭ ئۇنچىلىك شارائىتى بولسا كېيىنكى يىللىرى نىمىشقا ئىمتىھان بەرمىدى؟ ماقۇل، ئۇ يىلىغۇ سان چۇشۇرگەن بولسۇن، كېيىنكى يىللىرىمۇ سان چۈشۈردىمۇ؟

— 1978 - يىلدىن باشلاپ سان چۈشۈرمىدى. ئۇ، ئىمتىھانغا ئوزلىگىدىن قاتناشمىدى. شەھەرلىك زىيالى ياشلاردىن بىرەرسى بولسىمۇ "ئىش كۇتۇپ" تۇرغاندىن كورە بىلىم ئالسۇن، دەپ يەنە ئوتتۇندى. قارىڭا، ئۇ سۇيۇملۇكمۇ - ئەمەسمۇ؟ بىز بىر يىل ئارتۇق ئوقۇدۇق. بۇنىڭ سەۋىۋى، بۇرۇن ھەممە ئوقۇش ماتىرىياللىرىنى يوقىتىۋېتىلگەنلىكتىن بولغان. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى 7 يىل ساقلاتقۇزدۇم.

قاسىمجانغا ئالدىدا ئولتۇرغان قىز گۈلنىسا بولماي، ئەمدى تونۇشقان باشقا بىر قىزدەك، بۇ قىز قانداقتۇر باشقا بىرلىرىنىڭ ھىكايىسىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ، ئوزىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك، باياتىن دىيىلگەن سوزلەرنىڭ ئوزى

بىلەن زادى مۇناسىۋەتتى يوقىتەك تېمىرقاپ:

— بىراق...ئۇ بولسا...سىز...،— دىگەنچە توختاپ قالدى. نىمە دىمەكچى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنگىلى بولمايتتى.

گۈلنىسا كۈلۈمسىرەپ:

— ئۇ، دىخان، سىز ئالى مەكتەپنى تۈگەتكەن دىمەكچىغۇ، سىز؟— دىدى ۋە قىزغىنلىق بىلەن داۋام قىلدى،— ماڭا، ئۇنىڭ كەسپىنىڭ دىخان بولۇشى نومۇس تۇيۇلمايدۇ. ئۇ ماڭا ئاقكۆڭلى بىلەن سۆيۈملۈك. شۇ بولسا يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، هازىر يېزىلارنىڭ ئەهۋالىنى سىزمۇ بىلىسىز. بولسا ياردىمىڭىزنى ئايىماسلىقىڭىزنى ئۇتۇنۇمەن،— گۈلنىسا لەپپىدە كوتىرىلىپ قارىغان قاسىمجانغا تەبەسسۇم بىلەن ئىلتىجا قىلدى،— هىلىقى مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىڭىز ئارقىلىق مېنى شۇ بار كۆكشىغا تەقسىم قىلىشقا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويىسىڭىز...

3

رابىخاننىڭ سوقىتان چوتى جايىدا چىقمىدى. قاسىمجان بىلەن گۈلنىساغا "ئىسسىق ئوتكۈزۈش مۇراسىمى" هىساپتا بىكار ئۆرۈنۇش بولدى. ئۇ كۈنى گۈلنىسانىڭ دوستلىرى، بولۇپمۇ گۈلسۈم ئۇنىڭ قولاق - مىڭىسىنى يەپ، "ياش قىزلارمۇ ئادەم..." دەپ، گويا رابىخان بىلمەيدىغاندەك ئىككى ئاش پىشىم گەپ ساتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ياشلاردا ئۆزىگە خاس هىسسىيات، ئەقىدە، كوزقاراش بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە چوڭلار مەسلىهەت بەرسە بولارمىش. لېكىن ئارىلىشىۋالسا بولماسمىش.

رابىخان ئارىلىقتا گەپ تىڭشاپ بىر قېتىم قاسىمجان بىلەن گۈلنىسانىڭ بىر ئوبدان ئولتۇرۇشقىنىنى، گۈلنىسانىڭ "شادەك ئېرىپ" گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، هەدىيىشتىن ئاغزىنى يۇمالماي قالغىنىنى بايقىغاندا گۈلسۈمنىڭ سوزلىرىنى چۈشەنگىنىمۇ ئالمىدى. لېكىن، هەممىدىن تارقىغاندا ئىشنى قاسىمجان بۇزدى. توغرىراغى، گۈلنىسا بۇزۇۋەتكەن ئىشنى قاسىمجان خەۋەر قىلدى:

— رابىخان ئاچا،— دىدى ئۇ ئاللىقاياقلارغا قارىغىنىچە،— گۈلنىسانىڭ لايىقى بار ئىكەن. بىزنىڭ ئارىلاشقىنىمىزنىڭ پايدىسى يوقتەك تۇرىدۇ. مەن ئەمدى باشقا ياققا يول ئالسام بولغۇدەك...

رابىخاننىڭ چېچىنى يۇلۇپ "پالان - پوكۇن..." دىگىنى بىكار بولدى. قاسىمجان قولىنى سىلكىدى - دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى.

رابىخان گۈلنىساغا: "سەن قىزىم ئەمەس، چىق ئۆيدىن، يوقال كوزۇمدىن!" دىيىشكە تەرەددۇتلەنگەندە قىزنىڭ دادىسى توستى:

— چېقىلما!— دىدى بوۋاي جىددى تۇردە،— ئۇ ئەلنىڭ قىزى. "چىق" دىسەڭ، چىقىۋېرىدۇ، ئەتىلى تۈگسە مەكتىۋىگە كېتىدۇ. كېيىن دولەت نەگە تەقسىم قىلسا شۇ يەرگە كېتىۋېرىدۇ. هېلىمۇ قىزىڭنىڭ بىر كوزى بوسۇغىسىنىڭ تېشىدا، كوڭلى باشقا يەردە ئىكەنلىكىنى سەزمەيدىغان قاداق خوتۇنسەن، ئۆزەڭ؟

رابىخاننىڭ خوشنىلىرىمۇ باشقىچە مەسلىهەت بەردى:

— بۇكەمنىڭ ئۇقۇغان قىزلىرى ئاند- سىنىڭ لايىق تېپىشىغا قاراپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار نىمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۆزى بىلىدۇ. ياخشى چارە، قۇدىلىرىنى كۆرۈپ كەلسىلە. سىلىگە ئىسسىق ئوتۇپ قالامدۇ، تېخى!

مەڭگىبىر جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن تەييار قىلغان ئىشنى بۇزۇۋەتكەنلىكى ئۇچۇن خاپىلىغى چەكتىن ئاشقان، كوزلى- رى بەقەمدەك قىزارغان رابىخان گۈلىند- سانىڭ پىشانىسىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

—ئاشناڭىنىڭ ئۆيى نەدە؟ — دەپ ۋاقىرىدى چېچىلىپ،—قېينىناڭ دەللىنىڭ ئېتىنى ئېيتىپ بەر. قېنى، تاپقان بىرىند- مەڭىنىڭ قاسىمجاندىن نەرى ئارتۇقچىلىغىنى بىر كورۇپ باقاي!

جاۋاپ رابىخانىغا تېخىمۇ ئېغىر كەل- دى. باشقىسىمۇ مەيلى، "يېزا"، "دېخان" دىگەن سوزلەر ئۇنىڭ قۇلىغىنىڭ يېنىدا گاراڭ- گۇرۇك ئاۋاز چىقىرىپ، كوزىگە قىزىلچىلىق- نى كەپلەپ تىتقاندەك تەسىر قىلدى، ئۇنىڭ كىچىچە ئۇيقۇسى كەلمەي ئۇيان ئۇرۇلۇپ-بۇيان ئورۇلۇپ تاپقان ئامالى "قەتئى بۇزۇۋېتىش" تىن ئىبارەت ئەقلىگە مەركەزلەشتى، "بۇزۇۋېتىمەن،—دەپ ئاۋازد- نى چىقىرىپ ئېيتتۇەتتى ئۇ،— ئۇخلىماي چۇش كورۇشۇپسەن، چوچىككىدە چوپ يېيىشىپسەن. سەن نىمىلەرگە بېرىدىغان قىز دۇنياغا كەلگىنى يوق، دەيمەن. ئىش- قىلىپ، تىللاپ-پوسكايتىپ، گۈلنىسا، دد- گەن ئىسمىنى ئاڭلىسا، 'دات!' دەيدىغان قىلۋېتىپ يانىمەن!..."

ئۇ، ناھايىتى تەستە تاڭ ئاتتۇردى. ئۇخلىمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىچىدە بىردەم قىزى بىلەن، بىردەم تېخى تونۇش- مىغان قۇدىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ چىققاند- لىقتىن خۇددى كەچكىچە ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەن كىشىدەك چارچاپ ئورنىدىن تۇر- دى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قىزىق تونۇر سوۋۇماستا ياقىدىغان ناننى يېقىپ، گۈلنىسانىڭ ئىشىنى "بۇزۇۋېتىش" كە ئاتلاندى.

بۇگۈن يەكشەنبە—بازار كۈنى ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە "سەھرالىق"لارنىڭ ئوشنىس سىدىن تاغار چۇشمەيدىغان كۈن كەم بول- مىسىمۇ، بۇگۈن ئارام ئېلىشى مۇمكىن ئى- دى. ئۇ، 1970-يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇشتا يېزىغا بېرىپ، سەھرانى كورۇپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە، ھىلىغى- چە ئۇنىڭ كوز ئالدىدا تۇرغىنى ئون بىر يىل ئىلگىرىكى سەھرا ئىدى. ئۇ، گۈگۈشى بازىرىغىچە ئاپتوۋۇزدا باردى. گۈگۈشىغا قەرەللىك ئاپتوۋۇز قاتناۋاتقانلىغىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى يېڭىلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلى- غىنىدىمۇ قىلچە تەسىرلەنمىدى. "بەرىبىر سەھرا،—دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە،—ھىلىغۇ ئاپتوۋۇز قاتنايدىكەن، ئايرۇپىلان قاتنىسىمۇ يەنە ئوخشاش مولىلا ھوشۇرنىڭ بېرى شۇ..."

ئۇ، ئاۋاتلىغىدىن شەھەر بازىرىدىن قېلىشمايدىغان گۈگۈشى بازىرىدىمۇ توختىمى- دى. دانىسى بىر موچەنىلىك قويماقلار، دانىسى بىرمو بەش پۇڭلۇق مانتىلار ۋە بىر قاچىسى بەش مولۇق پولونىڭ مېزىلىك پۇرىغىمۇ دېمىغىنى قىچىشتۇرمىدى. بازارنىڭ چېتىدىكى بىر ساتراچتىن 2-دادۇيگە يەنى گۈلنىسانىڭ ئۆزى تاللىغان لايىغىنىڭ ئو- يىگە بارىدىغان يولنى سورىۋېلىپ كېتى- ۋەردى.

بىر كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، رابىخانىنىڭ رەسمى خۇيى تۇتتى، چۇنكى، ھارغىنلىقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ پۇتىنىمۇ

يوتكىيەلمەي قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سەھرانى، "قۇدا"لىرىنى، ئاندىن گۈلنىسانى، ئاخىرىدا ئۆزىنىمۇ تىللىغىلى تۇردى ۋە پات-پات كەينىگە قاراپ بىرەر ھارۋا ياكى ئۇلاق ئۇچراپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغىلى تۇردى. دەماللىققا يولنىڭ ئۇزى كەلگەن تەرىپىدىن ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسە كورۇنمىگەچكە، بارماقچى بولغان تەرەپ تېخىمۇ يىراق سېزىلىپ، يولنىڭ بويىدىكى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان تېرەكنىڭ تۈۋىگە بېرىپ لايقا سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ بويىدىكى چىملىققا ئولتۇردى. ئەمما ئۇ، پۇتنى ئەمدى سوزۇشىغا گۈگىشى بازىرى تەرەپتىن قول تىراكتورىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى كەلدى.

"كېلىدىغان بولغاندىكىن يا يول مېڭىۋاتقاندا كەلمىدىڭ، كاساپەت سوپەك،— دىگىنىچە ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى رابىخان،—ياكى سەل دېمىمنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن كەلمىدىڭ. تېخى سەن سەھرالىق ھارۋىكەش ھال تارتىپ دېمىمگىنى قېقىپ كېتىۋېرەرسەنمۇ؟"

ئۇ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق بېرىپ تۇرۇشىغا تىراكتورمۇ يېتىپ كەلدى. تىراكتورچى مومايىنىڭ ئەلپازىدىن تىراكتورغا چىقىۋېلىش نىيىتى بارلىغىنى سەزدى-دە، يولۇچىنىڭ قول كوتىرىشى ياكى گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا تىراكتورنى توختىتىپ:

—چىقىۋالىملا، ئاچا؟—دىدى خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ،—بۇ تەرەپكە نەگە باراتتىلە؟

—قولۇڭ دەرت كورمىسۇن،—دىگىنىچە تىراكتورنىڭ يېنىغا بېرىپ بولدى رابىخان،—قارىغاندا، شەھەردىن چىققان يىگىت كورۇنۇسەن، ھە بالام؟

يىگىتنىڭ بېشىدا چىمەن دوپپا، ئۇستىدە ھازىرقى يىگىتلەر ئارزۇلاپ كىيىدىغان نىلۇن كوينەك بار ئىدى، سول بىلىگىدە سائەت پاقىراپ تۇراتتى. بۇلار رابىخانغا "شەھەر بالىسى" دەك كورۇنۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

رابىخان تىراكتورغا چىقىپ ئەپلىشىپ ئولتۇردى-دە:

— ئىككىنچى دادۇيگە ئاپىرىپ قويساڭ، ئىككى موچەن بېرىمەن، يىراقمۇ؟— دەپ سورىدى.

يىگىت رابىخانغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى ۋە تىراكتورغا ماي بەردى. سەل سىلىق يولغا چىقىپ تىراكتورنىڭ ئاۋازى پەسەيگەندىن كېيىن، سورىدى:

— ئىككىنچى دادۇيگە نىمىشقا بارىلا؟ تۇققانلىرى بارمىدى؟

— ئىشىم بار،—دىدى رابىخان گەپنى كېسىپ،—ئىككى موچەنگە ئاپىرىپ قويغىن، بولامدۇ؟ يىراق ئەمەستۇ؟

— ئىككى موچەنگە قايتار چاغلىرىدا ئاپتۇۋۇزغا بىلەت ئالارلا،— دىدى يىگىت ئاۋال مومايىنى خاتىرجەم قىلىپ،—ئىككىنچى دادۇي يىراق ئەمەس، بىردەمدىلا يېتىپ بارىمىز.

رابىخان، پۇل ئالمايدىغانلىغىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى.

—قايسى ئىدارىنىڭ تىراكتورىنى ھەيدەيسەن، بالام؟ خېلى ئوڭلۇق بالىكەنسەن،— دىدى ئۇ يىگىتنىڭ كېلىشكەن قامىتىگە زوقلىنىپ سەپسېلىپ،—قارىغاندا، ئىدارەڭگە كوكتات توشۇۋېتىپسەن-دە؟ ئالدىرىمايىراق ماڭمايدىكەنسەن...

—بۇ ئىدارىنىڭ ئەمەس، ئۆزەمنىڭ تىراكتورى!—يىگىت ئىپتىخارلىنىپ جاۋاپ بەردى،—ھوددىگە بېرىلگەن يەرنىڭ ھەممىسىگە ئاشلىق تېرىدۇق، قالدۇرۇق يەرگە كوكتات بىلەن قوغۇن تېرىغان، بازارغا توشۇۋاتىمەن.

"ئۆزەمنىڭ تىراكتورى" دىگەن سوز

بىلەنلا رابىخان ھەيران بولۇپ يىگىتنى ئەمدى كورگەندەك تازا بۇرۇلۇپ چەكچىيىپ قاراشقا باشلىغان ئىدى. "بازارغا كوكتات توشۇۋاتىمەن" دىگەن سوزدىن كىيىن ئۇنىڭ ھەيرانلىغى چېكىگە يەتتى.

— ئالدىرىمىسام بولمايدۇ، — دەپ كىپىنى داۋاملاشتۇردى يىگىت رابىخانىنىڭ كەيپىياتىدىن خەۋەرسىز، — بازاردا يىڭى كوكتات قىس. چىلگىنىڭ ئەمدىلا باش بۇرنى چىقتى. شوخلا بىلەن لازىنىڭ كىلوسىنى بىر يۈەن بەش مودىن، چەيزىنىڭ كىلوسىنى بىر يۈەن ئىككى مودىن دۇڭلا كوكتات شىركىتىگە ئوتكۇزۇۋاتىمىز. ھازىر يىڭى ئەمەسمۇ؟ ھەممە يەردە يىڭى كوكتات چىقمىدى، تېرىلغىنى پارنىكنىڭكىدىن 30 پىرسەنت ئەرزان، چىلگىنى ئەرزەنرەك ساتتۇق، دادام ئوزى سىتىۋاتىدۇ...

"تىراكتۇر ئۇزەمنىڭ" دىگەن سوزدىنمۇ كورە، كوكتاتلار بىلەن چىلگىنىڭ كىپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالغان رابىخانىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، بۇ تېخى 5 - ئاي ۋاقتى بولۇپ رابىخانلار شەھەردە نەق بىر ئايدىن كىيىن ئاندىن شوخلا، لازىنىڭ كىلوسىنى ئىككى يۈەندىن ئېلىپ يىيەلەيتتى. شۇڭا ئۇ خىيالغا پېتىپ، يىگىتنىڭ قانداق ئۇسۇل بىلەن يىڭى كوكتاتنى بالدۇر پىشۇرغانلىقىدىكى سوزلىرىنى ئاڭلىمىدى.

— ئىككىنچى دادۇي مانا شۇ!

رابىخان چۆچۈپ كەتتى. تىراكتۇر بوك - باراقسان تېرەكلىك يولنىڭ ئاچىسىدا توختىغان ئىدى.

— نەگە، كىمنىڭكىگە باراتتىلە؟

— رەۋىخانىنىڭكىگە، — پۈتى قولۇشۇپ قالغان رابىخان ئوزىنى ئوڭشىيالمىغانلىقىدىن دەرھال چۈشەلمىدى، — بىرىنچى شياۋدۇيدىكى رەۋىخانىنىڭكىگە...

تىراكتۇرچى يىگىت سىكۇنتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئويلىنىۋالغاندىن كىيىن:

— بولدى، چۈشمىسىلە، — دىدى تىراكتۇرنىڭ مېيىنى ئاۋۇتۇپ، — بىرىنچى شياۋدۇيدە رەۋىخاندىن ئۈچەيلەن بار. قارىغاندا، تاپالمايدىغاندەك تۇرىسىلا. ئۇيدە ئانام بار، ئۇنىڭمۇ ئېتى رەۋىخان، ئانام سىلىگە تېپىشىپ بەرسۇن. مەن ئىزلىش بېرەي دىسەم بازار...

ھايت - ھۇيت دىگۇچىلا تىراكتۇر يوغان دەرۋازىلىق كەڭرى ھويلىغا كىرىپ بولدى. يىگىت تىراكتۇرنى قاتار كەتكەن بىدىشلىك ئاستىدىكى پاكىز سۈرتۈلگەن ۋەلسىپىتنىڭ يېنىدا توختىتىپ، چۈشمەيلا توۋلىدى:

— ئانا! ئانا! مېھمان كەلدى، — ئۇ ئەمدىلا كوكەرگەن تالنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەلگەن 50 ياشلاردىكى، چېچىغا ئاق كىرگەن، ئاق گىرىپىتا كوينەك كىيگەن ئايالغا جىكىدى، — بۇ ئاچام شەھەردىن چىقىپتىكەن، بىرەيلەننى ئىزلەيدىكەن، تېپىشىپ بەرگىن. مەن قالغان كوكتاتلار بىلەن چىلگىنى بازارغا ئاپىرىۋېتەي.

رابىخان پەسكە چۈشۈپ يىگىتنىڭ ئانىسى بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كورۇشتى. ساھىپخان تەتۈللا دوپپىسىنى بىر قولىدا بېسىپ تۇرۇپ مېھماننى ئويگە باشلىدى.

رابىخان گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ كورۇشمەكچى بولغان رەۋىخاننى سۈرۈشتۈرەي، دىگىچە بۇ ساھىپخان رەۋىخان ئىككى قاناتلىق سىرلانغان ئىشىكتىن ئاۋال ئوزى كىرىپ:

— قېنى مېھمان، ئويگە كىرىلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

رابىخان ياغاچچىنىڭ نېپىنى يىگەنلىك-

تىن. ئىشىك ـ دەرىزىلەرنىڭ پۇختا، يېڭىدىن ياسالغانلىقىنى، ئېيۋەنسىز سىرلانغانلىقىنى سېزىپ ئۇلگۇردى، ئايۋاندا لامپۇچكا، ئۇدۇل تامدا چوڭ «كەلكۈن» نۇسخە گىلەم بار ئىدى. ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى ئۇ كىرگەن ئۆي تامامەن شەھەر ياشلىرىنىڭ ئۆيىدەك ياسالغان بولۇپ، چوڭلىقىغا قارىماي زىنچ جاھازلار بىلەن تولۇشقان ئىدى ئۆي كەڭ ـ كۇشادە ئىدى. ئۇدۇلدا ئىگىز، ئەينەكلىك كىيىم ئىشكاۋى، بۇلۇڭدا لىقمۇلىق تولغان كىتاب جازىسى، دەرىزىنىڭ ئۇدۇلدا 5 سىرتمىلىق شىرە، ئۇنىڭ بىرىسىدا ئىككى كىشىلىك كارۋات تۇراتتى. كارۋاتقا قىممەتباھالىق يۇڭ ئەدىيال يېپىلىپ، ئۇستىگە بۇجەكلىرى چوخچايتىپ چىقىرىلغان ئىككى ياستۇق تىزىلغان ئىدى. كارۋاتنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى تومپۇچكا ئۇستىدە ئىككى كانايلىق ئۇنئالغۇ تۇراتتى. بۇلارنى ئازدىگەندەك 2 تامدا گىلەم، بىرىسىدە گۈللۈك ئاتكىرىتكىلار چاپلانغان ئىدى.

— مېھمان، ئۇسسۇلۇق ئىچىۋالسىلا، — دىدى رەۋىخان رابىخاننى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك كىلېيونكا سېلىنغان يۇمۇلاق شىرە يېنىدىكى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، — ھىرىپ ـ ئېچىپ چىقىپىلا، يا پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ يۇمشاققىنا ئولتۇرغىلى سۇپا باغلىغان ئۆيگە چىقايلىمۇ؟ بۇ شەھەرچە ياسالدى، ئوغلۇم ھەسەننىڭ ئۆيى...

رابىخاننىڭ جاۋاپ بەرمىگىنىنى ئۆزىچە چۈشەنگەن رەۋىخان يېنىك دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۇ رابىخاننىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمىگەنلىكىنى بىلمەيتتى.

رابىخان شۇ تاپتا گۈللۈك ئاتكىرىتكىلار ئارىسىدا تۇرغان قىزى گۈلنىسانىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، بۇ يەرگە كېلىشى، تىراكتورچىغا ئۇچرىشى، بۇ ئۆيگە كىرىپ قېلىشىمۇ چۈشىدە بولۇۋاتقاندەك ھېچ ئويغا كېلەلمەيۋاتاتتى. كۆزلىرىگە ياش تولغانلىقتىن قىزىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يانداش تۇرغان ھەسەننىڭ — تېخى باياتىن تىراكتورىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەپكېلىپ قويغان يىگىتنىڭ — قىزى تاللىغان لايىق، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى كۈيوغلىنىڭ رەسىمىنىمۇ ئېنىق كورەلمەيۋاتاتتى.

ئۇ ھەممىگە چۈشىنىپ بولدى. ھازىرقى يېزىلارنىڭ 1970 ـ يىلى ئۇ كورگەن "سەھرا" ئەمەسلىكىنى، قىزىنىڭمۇ ئەقلىنى توغرا ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ بولغان ئىدى.

— ئولتۇرسىلا مېھمان، — دىدى رەۋىخان شىرەگە پېچىنلىق چىلەك سېلىنغان پەتنۇسنى قويۇۋېتىپ، — ئۆزىمىز تېرىغان چىلەك ئىدى، ئېغىز تېگىپ باقسىلا. بەك ئالدىراش بولسىلا، سىلە بىرەر ـ يېرىم تىلىم چىلەك يەگەچ ئولتۇرسىلا، مەن دىكىدە چىقىپ كىرەي، ئۆزلىرى كىمنى ئىزلەيلىكىن؟

رابىخاننىڭ يېشى كۆز چانىقىغا پاتمىدى. ئۇ، مەڭزىگە دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى ئېرتىشنىمۇ ئۇنتۇپ:

— مەن سىلىنى ئىزلەپ كەلدىم، — دىگىنىچە رەۋىخاننى قۇچاقلاپ، مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە ياقتى، — سىلىنى ئىزلەپ كەلدىم، قۇدام. ئەمما ... ئەمما ... قۇرۇق قول كېلىپ قالدىم.

# شېئىرلار

ماخمۇت مەھەممەت

## ياشلىغىنى بەردى ئۇ ماڭا

گۈدەك چېغىم، ئاتام بىر چىنار،
يوگۈمەچتەك چىرماشتىم ئاڭا.
ئۆتتى يىللار... مۈكچەيدى ئاتام،
چىنار قامەت پۈتۈلدى ماڭا.

ھەر قارىسام ئاق چاچ ئاتامغا،
دەيمەن "ئەبەت قەرزدار مەن ساڭا".
چۈنكى، كېچىپ چىنار قامەتتىن،
ياشلىغىنى بەردى ئۇ ماڭا.

## يىپ ۋە رىشتە

ئىستانۇك ئايلىنار، يىپلار ئالمىشار،
بىر تالدىن-بىر تالدىن قوشۇلار توپقا.
قىزلارنىڭ قەددىگە ياراشقان رەخنىڭ
جىلۋىسى پۈتۈلگەن ھەر دانە يىپقا.

ئىستانۇك ئايلىنار، كۈن-تۈنلەر ئۆتەر،
توقۇيدۇ تىنىمسىز توقۇمىچى قىز.
قوشۇلغان يىپلاردەك رەڭدارشايىغا،
توقۇلار ئىلىگە مېھرىدۇ چەكسىز...

## شېئىر ھەققىدە

چوپكە يوگەپ غورىنى باققال
ئۆلگۈرتىدۇ چاققان بازارغا:
نە تەم بولسۇن ئۇنداق ئۈرۈكتە،
ساتقان بىلەن قىممەت باھادا.

شائىرلىقتا بەزىلەر شۇنداق،
توك غورىنى ئۇرايدۇ چوپكە.
داڭلىسىمۇ "گۈل كەلتۈردىم" دەپ،
ھېچبىر يېرى تېتىماس كوپكە.

## بەزىلەر

يېتىشتۈرۈپ قويغانتى باغۋەن
ئاق ئۈرۈكنى كوچەت مەزگىلى؛
شۇندىن بېرى مىننەتسىز، بولۇق
مىۋە بېرىپ كېلەر ھەر يىلى.

بەزىلەر بار، مىڭ بىر ئەجىردە
يېتىشتۈرۈپ قويغان ئەل ئۈنى.
ئەل ئۈنىڭغا بەرسە خۇشالىكى،
ئۇ ئېلىگە بەرمەس مۇڭىنى.

### ئۇنتالغۇمۇ سېنىڭ يۈرىگىڭ؟

مۇھەببەتتىن سورىسام سوئال،
سايراپ كەتتىڭ بىر ھازا تىنماي.
بىر داستاننى يادلىدىڭ، لېكىن —
چىن گېپىڭنى قالدىممەن ئۇقماي.
سوزلەپ ـ سوزلەپ توختىدىڭ بىر چاغ،
قانغان كەبى چاڭقاق تىلىڭىڭ.
تەييار گەپنى "قاچىلاپ" ئاپتۇ،
ئۇنتالغۇمۇ سېنىڭ يۈرىگىڭ؟

### سۆيگۈ ئىپتىخارى

سۆيدۈم دېدىڭ، مەيلىمنى بەردىم،
پەخرىم بىلىپ مۇھەببىتىڭنى.
ئىشقىدۇ دەسلەپ سەيلىدە،
خىرە قىلدىڭ ئەجەپ دىلىمنى.
"ئەل كوزىچە يۈرەيلى" دېسەم،
خۇدۇكسىنىپ "كەچ كىرسۇن" دېدىڭ.
تار كوچىدا ئېنەپ يۈرگىچە،
تەنھا يۈرەي چوڭ يولدا، دېدىم.

## ھاياتلىق ئۈنچىلىرى

ئابدۇللا سۇلايمان

### ئاختۇرۇپ

بولسام بىتاپ ئىزلەڭ داۋا كەڭرى ۋەتەننى ئاختۇرۇپ،
خۇش بۇي ھاۋالىق، ئوت ـ گىيا ئوسكەن چىمەننى ئاختۇرۇپ.
ئەركىن تىنىق بەرگەي ھاۋا، ئوت ـ چوپلىرى تەنگە داۋا،
سۇ كەلتۈرۈڭ قاينام بۇلاق، دەريا تىرەننى ئاختۇرۇپ.
سىنەم سۆۋۈپ قالسا ئەگەر، تېز يەتكۈزۈڭ يۈرتقا خەۋەر،
ئاتەش بېرىڭ ئىشقى شىپا خەلقىم — تۇمەننى ئاختۇرۇپ.
دوختۇر ئۇلار، قەلبىم بىلەر، ئۆز ئوغلىغا ساقلىق تىلەر،
باشىم سىلاپ توككەي مېھىر ئاجىز بەدەننى ئاختۇرۇپ.
قالسام ئەگەر بىر كۈن ئولۈپ، كوز يۇمۇلار چىھرىم كۈلۈپ،
ئېيتىڭ ۋەسىق بىزنى قىزىم، ئوغلۇم تىمەننى ئاختۇرۇپ.
بولسۇن خادام ـ مۇلكۇم قەلەم، ئاسماڭ ئاڭا شەددە ـ ئەلەم،
يىللار سىرى روھىم تېپىڭ يۈرتۇم خوتەننى ئاختۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

## تاپقۇلۇق

ئەل ئىشقىدىن دىلغا كىشى ئەقلى پاراسەت تاپقۇلۇق،
ئارزۇغا مەرتلىكنى قانات ئەيلەپ سائادەت تاپقۇلۇق.
بىر - بىرسىگە بولماي يولەك، قانداق سوقار تەڭكەش يۈرەك،
ئاتەش يۈرەكلەر تەپتىدىن ئىللىق ھارارەت تاپقۇلۇق.
پاقىرسىلا ئۇ زەر ئەمەس، كەيسە تۇماقلا ئەر ئەمەس،
ئىنسانىي پەرق - ئەخلاق، ئىلىم - پەندە كامالەت تاپقۇلۇق.
ئېسىڭدىمۇ ئۇن يىل ئاياز، جەۋرى - زۇلۇم تارتتۇقمۇ ئاز،
توت جىن ئەگەر گۇم بولمىسا، نەدە ئادالەت تاپقۇلۇق؟!
پۇتنى - ساقايدى ئۇ يارا، ماڭدۇق سەپەرگە جەڭ ئارا،
تىچ ۋە ئىناق بولغاندىلا ئىشقا كاپالەت تاپقۇلۇق.
كىردى جاھان نۇر دەۋرىگە، بارمۇ مىراسىڭ نەۋرىگە،
قەترە ئۇتۇق قۇچماي تۇرۇپ قانداق قانائەت تاپقۇلۇق؟!
سوزلەپ نەسەپنى پەش قىلىپ، كورسەتكۇلۇكمۇ چەش قىلىپ،
بولماققا ئەجدات ۋارىسى جۇرئەت - جاسارەت تاپقۇلۇق.
كۆتكەي زامان سەندىن نىمە، پۇتكەن ئانام قەرزى دىمە،
بىل، ئەل - ۋەتەنگە كويمىسەڭ باشقا پالاكەت تاپقۇلۇق.
قۇۋناق - ئىناقلىق چوڭ ئاساس، قىلغاي قەددىمنى تەكشى - ماس،
ئاسراپ - تىكىپ دوستلۇق گۇلى، مىۋە - دارامەت تاپقۇلۇق.
بىزلەر ھىلىھەم كەمبەغەل، بولمايدۇ تېز توققۇزمۇ تەل،
ئىشلەپ جاپا بىرلە يىگى، ئىلغار سانائەت تاپقۇلۇق.
بولسا ۋەتەن توتتە ئاۋات، ئويناپ - كۇلەرمىز توي - پارات،
شۇ پەيت بېھىشى — باغىدىن شەكسىز پاراغەت تاپقۇلۇق.

## شاتلىنار

يەڭگىپ ئانا پەرزەنت يۈزى كورگەندە قەلبى شاتلىنار،
سەبى بوۋاقنىڭ مەكتەپكە سۈيگەندە قەلبى شاتلىنار.
دىل - كوكسىدىن سۈت ئەمگۈزۈپ، بەستىگە دەرمان پۇتكۇزۇپ،
بوشۇك يىنىدا ئوي - خىيال سۇرگەندە قەلبى شاتلىنار.
پەرزەنتى گويا پارچە يەر، سەرپ قىلىپ ئۇ قانۇ - تەر،
مەكتەپكە قولدىن يىتىلەپ يۈرگەندە قەلبى شاتلىنار.
چىكىپ تالاي مۇشكۇل - جاپا، توككەي ئاتا مېھرى - ۋاپا،
ئوغلى ۋاپا دەرياسىدا ئۈزگەندە، قەلبى شاتلىنار.
تۈنلەردىمۇ ئالماي ئارام، ئۇ ياندۇرار مېھرىدە شام،

جان پارىسى شاندىن پەلان تۈزگەندە قەلبى شاتلىنار.
يۇرتقا بالاكەلسە ئەگەر، بارغىن بالام، جەڭلەرگە دەر،
ئوغلى يېڭىپ ياۋنى راسا سۈرگەندە، قەلبى شاتلىنار.
ئەجرى بىلەن ئۈنگەن ئۇرۇق، بەرسە مېۋە شىرىن، بولۇق،
رازى بولۇپ پەرزەنتىدىن، ئۆلگەندە قەلبى شاتلىنار.

## بۈگۈن

كېۋىر نىياز

دىمىگىن بۈگۈننى ئاددى بىر ئۇقۇم،
ئۇمۇر كالىندارىنىڭ بىر ۋارىغى.
يارالغان بۈگۈندىن قانچە موجىزە،
ئۇنىڭدا ھىساپسىز تۇرمۇش ساۋىغى.

بۈگۈننى مەنىسىز ئۆتكۈزگىنىڭدە،
گەر بىلسەڭ يوقالدى ئەڭ قىممەت نەرسە.
بۈگۈننى بەھۇدە ئۆتكۈزگەنلەرگە
ئەتۇر قارايدۇ ئەلۋەتتە ئەتە.

## ئەككى شېئىر

مەمتىلى زۇنۇن

### ئانا يۇرت مۇھەببىتى

بارمىدۇر زەرگەرگە قىممەتلىك نىمە زەردىن بولەك،
چاڭقىغان سەيياھقا ئاتەش چولدە كەۋسەردىن بولەك.
خەلقى - ئالەم ئالدىدا قىلغاي جاكا قەلبىم مېنىڭ:
ھېچنىمەم يوقتۇر قەدىرلىك شۇ ئانا يەردىن بولەك!
ئۆز ئېلىم - تەختىم مېنىڭ، تەخت ۋارىسى — شاھزادە مەن،
كىم بولاتتىم، بولمىسا يۇرتۇم، قەلەندەردىن بولەك.
جان كېرەك، ۋىجدان كېرەك ئاقلاش ئۈچۈن يۇرت مېھرىنى،
ئاقلىيالماس ھېچنىمە ۋىجدانۇ، قان - تەردىن بولەك.

### جىنازا ئالدىدا

ھەسرىتىڭ گوياكى قات - قات تاغ سېنىڭ،
بەلكى، قەلبىڭمۇ جاراھەت — داغ سېنىڭ.
تولغۇنۇپ دەيسەن جىنازا ئالدىدا
"ئاھ، ئانامەي!..." بەلدە ئاق بەلۋاغ سېنىڭ.

مەن سېنى ئوبدان تونۇيمەن، ئەي يىگىت،
زەررە مېھرىڭ بارمىدى بىر چاغ سېنىڭ؟!
تۇغدى، چوڭ قىلدى ئاناڭ مېھرى بىلەن،
ئۈستىخان بولدى ئۇنىڭ، گوش - ياغ سېنىڭ.

بولمىسا شۇ پاسىۋان، قونماسمىدى
نەچچە رەت باشىڭغا قۇزغۇن ـ زاغ سېنىڭ؟!
ئاستىلاپ ئۇزدۇڭ ئۇغۇللۇق رىشتىنى،
دەشتۇ ـ چول بولدى ئۇنىڭ، گۈلباغ سېنىڭ.

"ئاھ ئانام!..." دەيسەن بوغۇن يىرتىپ ياقا،
رەڭگى ـ روھىڭ ئۆشكەن ياپراق سېنىڭ.
يەتمىسەڭ ساقلار ـ تىرىكلەر قەدرىگە،
قالغۇسى قەلبىڭدە داغ شۇنداق سېنىڭ!

# رۇبائىلار

## رىشىت مەخسۇت

ئىچكىنى زىننەتلە تېشىڭدىن كورە،
قەلبىڭگە قەلەم چەك قېشىڭدىن كورە.
مەنىۋى ئۆزۈڭنىڭ مېزىلىك بولسۇن
كۈندىلىك يەيدىغان ئېشىڭدىن كورە.

×

كەمچىلىك تەندىكى كىرگە ئوخشايدۇ،
قارىساڭ تەن ۋە كىر بىرگە ئوخشايدۇ.
ئەسلى تەن پاك نەرسە، كىر كېيىن قونغان،
كىرىنى يۇيغان مەرت شىرغا ئوخشايدۇ.

×

گەر كەيسەڭ بېشىڭغا رەھبەر دىگەن تاج،
خەلقىڭ ئىشىنى تاپتۇرغىن راۋاج.
تووەنگە ــ ئاممىغا يۈزلەنگىن دائىم،
كوزۈڭنى ئاۋال ئاچ، كېيىن ئېغىز ئاچ.

×

پوچىلىق گوياكى يامغۇرسىز چاقماق،
گۈلدۈرلەپ كىشىنى قىلىدۇ ئاخماق.
پوچىنىڭ مەقسىدى: ئوزىنى قالتىس
كورسىتىپ كىشىلەر كوڭلىگە ياقماق.

×

ياخشىدىن ئۈگەنگىن، ياماندىن قېچىپ،
گۈل بولۇپ ئېچىلغىن خۇش پۇراق چېچىپ.
مىسالى چولدىكى زىلال بۇلاقتەك،
ئوزگىگە نەپ بەرگىن ئوزەڭدىن كېچىپ.

×

خەلقىنىڭ دوستلىرى دوستۇمدۇر مېنىڭ،
پەرزەنتى پەرزەنتىم ــ پۇشتۇمدۇر مېنىڭ.
دۈشمىنى چېقىلسا، ئوق ـ يارىم ــ قەلەم،
قالقىنىم ــ سەمىمى كوكسۇمدۇر مېنىڭ.

×

ئادەمسەن، ئەخلاقلىق ھەم غايىلىك بول،
دەرەخسەن، مىۋىلىك ھەم سايىلىك بول.
مەرىپەت بازىرى قىزىبدى قايناپ،
قۇرۇق قول يۇرمىگىن، دەسمايىلىك بول.

# ئىشلە، يەنە كور راھەت

## تۇرغان شاۋۇدۇن

سىز يېزىنى كورگەنمىسىز؟
ئۇندا كېزىپ يۇرگەنمىسىز؟
خۇش بۇي ھاۋا، شوخ شامال
ھوزۇرىنى سۇرگەنمىسىز؟!

بۇ جاي ھايات گۈلشىنى،
مېھرى ئاتەش، يالقۇنلۇق.
ھوسنى گوزەل ـ نۇرانە،
قويىنى قاينام ـ دولقۇنلۇق.

زىلچە ئەمەس چوللەردە
تۇرغان ھەر خىل نۇرچېچىپ،
ئۇ، يېڭىدىن ئۇزلىشىپ،
كۆلگەن دىيار گۈل ئېچىپ.

سىپىل ئەمەس قۇملۇقنى
بولۇپ ئۇزۇن سوزۇلغان،
ئۇدۇر ئورمان بەلۋىغى،
قورغان بولۇپ قوم توسقان.

ئەيىنەك ئەمەس تاغ بويلاپ
ئىدىرلىقا تۇتاشقان،
يېڭى چاپقان ئوستەڭ ئۇ،
سۇ دولقۇنلاپ شوخ ئاققان.

بۇ، ئىجادى، ھىكمىتى
باتۇر دىخان ئەھلىنىڭ.
ئۇندا روشەن ـ نامايەن
گۈزەللىگى قەلبىنىڭ.

تەمتىرىدەس ئۇلار ھىچ
كاچ تەبىئەت ئالدىدا.
چوچۇپ جۇدۇن ـ چاپقۇندىن
موكۇنىدەس ھىچ دالدىدا.

مەھلىيادۇر بۇلبۇللار
بۇگۈن يېزا ھوسنىگە.
قۇياش ئىللىق نۇر چاچار
ئۇنىڭ ئىشچان ئەھلىگە.

قورقىتالماس دىخاننى
ئەمدى بوران دەھشىتى.
قورقىتالماس ھەمدە زور
قۇرغاقچىلىق ئاپىتى.

بولدى چەكسىز ئېكىنزار
مۇقىم ھوسۇل غەزنىسى.
بولدى دىخان گوياكى
مول ھوسۇلنىڭ تەگرىسى.

تولدى ئۇمىت شارابى
چەكسىز ئىشەنچ جامىغا.
ئايلاندى دىل ـ قەلبلەر
خوشاللىقنىڭ كانىغا.

بىراق، سەپەر ئۇگۇشلۇق
بولماس ئىكەن دائىما.
نىمە ئىشلار بولمىدى
توت مەرەزنىڭ ۋاقتىدا.

بىردىن سولغا تارتىلىپ
كەتتى قىسمەت تىزگىنى.
ئېزىتقۇلار باشلىدى
تەتۇر يولغا ھارۋىنى.

دىمە بۇلۇت كوكتىكى
يەرگە يامغۇر سەپكۈچى،
ئۇ، دىخانلار ئاھىدۇر ـــ
دەرتنى ئەكس ئەتكۈچى.

تاشقىن دىمە، سەل دىمە،
دەريالارنى تولدۇرغان.
ئۇ، دىخانلار يېشىدۇر
كوزلىرىدىن قۇيۇلغان.

ئاپەتلىك شۇم يىللارنىڭ
ۋەھمى بولۇپ ھوكۇمران،
زورلۇق، خورلۇق نەشتىرى
قىلدى دىلنى زەرداپ ـ قان.

مەرت يۇرەكلەر تۇتۇلدى،
ئىنشائەتلەر بۇزۇلدى.
قالدى يەرلەر تېرىقسىز،
ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئۇزۇلدى.

ھەتتا بىر تال تۇخۇمۇ
قوللىرىدىن بۇلاندى.
تەگمەي بىر فۇڭ دارامەت،
يىلغا يىللار ئۇلاندى.

بۇزدۇراتتى يازلىغى،
قىشتا ئوستەڭ چاپقۇزۇپ.
قىلدۇراتتى پەلەمپەي،
تۇز ئېتىزنى قازدۇرۇپ.

ياق دىگەننىڭ بويىنغا
تاختا ئاسار "دۇشمەن" دەپ.
قىلدۇرار ھەم سازايى
"ئىنقىلاپقا ئۇچىدەن" دەپ.

تۇگەل ياخشى ئىسىملار
مەنىسىنى يوقاتتى.
قىزىل تۇغنى كوتۇرۇپ،
قىزىل تۇغقا ئوق ئاتتى.
ئاھ نىمانچە ۋەھىملىك
نىقاپلىق جىن - شەيتانلار؟!
ئاھ نىمانچە خەتەرلىك
ئوز ئىچىڭدىن چىققانلار؟!
بۇنچە قامال قىلالماس
قورغان بوسۇپ كىرگەن ياۋ.
كويدى ئەلنىڭ بېشىدا
بىر دەھشەتلىك ئوت - ئالاۋ.

گۇلدۇرلىگەن تاغ ئەمەس
چەك - چېكىدىن يېرىلىپ.
ئۇ ئوكتەبىر گۇلدۇرى،
چاقتى چاقماق تىغ سىرىپ.
قات - قات قارا بۇلۇتلار
بوسۇلدى چاك - چېكىدىن.
چىقتى قۇياش جىلمىيىپ،
نۇر ياغدۇرۇپ چېھرىدىن.
ئانا ۋەتەن باغرىدا
يەنە پارلاق تاڭ ئاتتى.
كىردى گۇللەر جىلۋىگە،
بۇلبۇللار كۇي ياڭراتتى.
شاتلىق يېشى لومۇلدەپ
ئاقتى دىخان كوزىدىن.
قىلدى جىلۋە گۇل چېھرى
نۇر پارلىغان يۇزىدىن...

مېھمان ئەمەس يېزىدا
ئات چاپتۇرۇپ يۇرگەنلەر،
ئوز مېھنىتى - ئەجرىنىڭ
ھوزۇرىنى سۇرگەنلەر.
"قۇلدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە"
دىگەن سوزنىڭ تەكتى شۇ.
مېغىزىنى شۇ سوزنىڭ
چاققان مەرتنىڭ بەختى شۇ.
يەتكۇزدى بۇ ھور زامان
شۇ پۇرسەتنى دىخانغا.
دىخان ئىشلەپ بېيىدى،
باقتى تەلەي ئىشچانغا.
ھەر ھويلىدا ئۇي - سىيىر،
ھەر قوتاندا قوي - قوزا.
ھەممە ئويدە دەستىخان،
ياڭزا - ياڭزا مول غىزا.
سارجا كىيگەن يىگىتلەر،
قىزلار شىپىلىك دۇخاۋا.
قوللىرىدا ئۇنئالغۇ،
كوكنى قۇچقان خۇش ناۋا.
قېرىلارنىڭ كوڭلى شات،
بەختى ئۇلارنىڭ قاتمۇ - قات.
ئاشتى ھوسۇل ئولچەمدىن،
ئالدى يەنە مۇكاپات.
سىغدۇرالماس ئاشلىقنى،
سىغدۇرالماس شاتلىقنى.
"ئىسىت!" دەيدۇ سېغىنىپ،
ئوتۇپ كەتكەن ياشلىقنى.
ئوتكەن ئىشقا سالاۋات،
قايتىلانماس ئۇ پەقەت.
تۇتقىن مەھكەم پۇرسەتنى،
ئىشلە، يەنە كور راھەت.
ئىشلار كەلدى ئەينىگە،
كارۋان ياناماس كەينىگە.
ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ
ئەمدى، دوستۇم، مەڭگۇگە.
ئىشلە، يەنە توھپە قات،
بولسۇن ئەجرىڭ قاتمۇ - قات.
ئىش ئىزىڭدىن كەلگۇسى
ئەۋلاتلارمۇ بولسۇن شات.

# مەتيانىڭ ھەسرىتى

(ھىكايە)

ئۆركەش ئىبراھىم

مەتيا بىر كىم قويىنىغا سوغاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ ئويغاندى-دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە سۇدانىدىكى ئازراق سۇ بىلەن ھاپىلا-شاپىلا يۈزىنى يۇيۇپ، كىيىم يەڭگۈشلەشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇ، ئاخشام سومكىسىنى بېشىغا قويغىنىچە سەپەر كىيىملىرىنى يەشمەيلا يېتىپ قالغان ئىدى.

مەتيا چاپىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈگمىسىنى ئېتىپ بولۇپ، توپا بېسىپ كەتكەن ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى ئېرتىۋېتىپ كۆزىگە تۇتۇۋىدى، ئەينەكتىن باشقىچە بىر سالاپەتلىك مەتيا كۆرۈندى. ئۇ، ئۇستىدىكى بۇ كىيىملەرنى بىكارغا ئېلىپ كەلمىگەن-دە! بۇ دىگەن چوڭ شەھەرنىڭ خاتىرىسى! ئۇنىڭ چىرايىدا مەغرۇر بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى، كەپكىسىنى سەل قىڭغىر كىيىپ ئىشىكتىن چىقتى.

ئۇ، ئىشىكى ئالدىدىكى كىچىككىنە ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىقىپلا ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. چۈنكى يولنىڭ



ئۇ تەرىپىدە، تۇغۇلۇپلا بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئاغىنىسى ھەمدۇل قوغۇنلۇققا قاراپ تۇراتتى.

مەتيا يالغۇز بىرلا ئوغۇل بولغانلىقى

ئۇچۇن ئاتا-ئانىسى ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپلا ناھايىتى ئەركە ئۆستۈرۈپ قويغان ئىدى. بەختكە قارشى ئۇلار بۇ ئارزۇلۇق ئوغلىنى قاتارغا قوشۇشقا ئۇلگۈرمەيلا دۇنيادىن ۋىدالاشتى. مەتيا شۇندىن ئېتىۋارەن يىلتىزىدىن ئاجرىغان قامقاقتەكلا بولۇپ قالدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا: "ئۇزىگە خان، ئۇزىگە بەگ" ئىدى، ھورۇنلۇغى تۇتۇپ قالسا گايىدا ھەپتىلەپ، ئايلاپ ئېتىزدا كورۇنمەي قالاتتى. بەزىدە ئەلاجىسىز ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ: "خۇدايىم، ئېتىزنىڭ مۇشۇ جاپاسىدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟" دەيتتى.

ئۆتكەن يىلى يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە بولۇپ بەرگەندە، مەتيا ئۇزىگە بولۇنگەن بىر نەچچە مو يەرنى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى دەسسەپ كورۇپ، بۇرۇنقىدەك لاغايلاپ يۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن راسا تەر ئاققۇزمىسا بولمايدىغانلىغىنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، يەنە بېشى قاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق ئىشلەش ۋە تەر ئاققۇزۇش كېرەك ئىدى. ئۇ كوپ ئويلانغاندىن كېيىن، بىر سىنىڭ چوڭ شەھەرلەرنى ماختىغانلىغىنى، كوپ پۇل تېپىپ كەلدىم دىگەنلىگىنى ئەسكە ئالدى-دە: "بولدىلا، نەچچە يىلدىن تارتمىغان جاپانى تارتىپتىمەن، ئەمدى مۇنداق جېنىمنى قىينىماي، چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ، ئانچە-مۇنچە ئوقەت قىلىپ پۇل تاپاي-چۇ" دەپ ئويلىدى. مەتيا ئەنە شۇ شېرىن ھەۋەسنىڭ ھەلەكچىلىگىدە كويۇپ-پىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەمدۇل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئوز كوڭلىدىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىمۇ ئوزىگە ھەمرا قىلىۋېلىش ئويىنىڭ بار ئىكەنلىگىنى دارىتتى. لېكىن كۇتۇلمىگەندە، ھەمدۇلنىڭ قاپىغى تۈرۈلدى:

— قوي ئاداش، — دىدى ئۇ مەتياغا نەسىھەت قىلىپ، — ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يىمەي، بەرگەن يەرنى تېرىيلى. يەر دىگەن بىر لوق گوش، ئۇبدان ئەجىر سىڭدۇرسەك ئۇنىڭدىن ھەر نەرسىنى ئالغىلى بولۇدۇ. بۇرۇن يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىنى راسا تارتتۇق. ئەمدى تازا بەلەن كۈنلەر بولىۋاتقاندا شەيتان نەپسىگە بېرىلىپ شەھەرگە كېتىدەن، دىگىنىڭ نىمىسى؟ مېنى دىسەڭ ئۇنداق يولغا ھەرگىز ماڭمايدەن.

ئىككىسى خېلى ئۇزۇن گەپ تالاشتى. مەتيا ھەمدۇلنىڭ گېپىگە كىرمىگەنلىگىدىن ۋە ئۇنىڭ "پەمسىز" لىگىدىن رەنجىدى:

— بارمىساڭ بارما، سەن كالىسدەك ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيسەن، — دىدى ئۇ تېنى قىزىپ، — ھەممە ئىش-ئوقەت يېزىدا دەپلا ئويلامسەن؟ ھازىر دىگەن شەھەردە ئېلىم-سېتىمنى كەڭ قويۇۋەتكەن چاغ، كوزىنى پوزا قىلىپ پېشانىسىدىن تەر چىقارمايلا مۇنەك-مۇنەك پۇل تاپىتان ئادەملەرمۇ بىر چىلىكتۇ، ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ ئىشلەپ كەلگەن ئېتىز بۇ، ۋاي ئاتام، ئۇ كىملەردىن قالمىغان؟ تويمىغان بولساڭ ئىشلەپ باق. قېنى، چۈجىنى كۈزلۈككە سانىشايلى.

شۇنداق قىلىپ مەتيا ئاتىسىدىن مىراس قالغان بىر كالا، ئىككى قويىنى ۋە ئوي ئىچىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنى سېتىپ يانچۇغىنى ئازراق پومپايتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىققان ئىدى...

....

مەتيا ھەمدۇلنى كورۇپلا يۈرىگى دۈكۈلدەپ، پېشانىسىدىن سوغاق تەر تەپچىشكە باشلىدى. ئېرىق ياقىلاپ غىپپىدە تىكىۋېتىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇدۇل

ھەمدۇلنىڭ قېشىغا تاراپ ماڭدى.

ــ ئەسسىلامۇئەلەيكۇم، ھەمدۇللاخۇن، ياتاللا ئاداش، قىرغا باغلىغان موزايدەك ئېتىزدىن كەلمەسلا بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟

ــ ۋوي، مەتياۋاي، بارمۇ سەن؟ ئاخىر يەنە ئۇز ئۇگاڭنى تېپىپسەن ـ دە؟ كەل، كەل، ئېتىزدا ناۋات چايناپدىغان چاغ بۇ، خوش، ئوزەڭچۇ، ئېيتە، نەلەردە بولدۇڭ؟

ــ ۋاي دوستۇم، بۇ باشتىن نىملەر ئۆتمىدى دەيسەن، مەن ساڭا ناھايىتى كوپ گەپلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدىم، ئەمما ھازىر قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتىمەن...

مەتيا پۈتۈن پىكىر ـ خىيالىلىرىنى بىر يەرگە يىغىۋاتقاندەك كوزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ قالدى.

ــ ھە، سوزلەۋەرگىن، ــ دېدى ھەمدۇل ھازىرلا ئۇزۇپ چىققان ئاق ناۋاتنى تىلىپ تۇرۇپ، ــ بەلكى يانچۇغۇڭمۇ تومپىيىپ قالغاندۇ؟

مەتيا ئېنى بىسمىللا دېمەستىن مىخقا ئۇسۇۋالغاندەك بولدى. چۈنكى ھەمدۇلنىڭ بۇ سوزى ئۇنىڭ يۇرىگىگە نەشتەردەك سانچىلغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئوزىنى سالاپەتلىك ۋە خوشال كورسىتىشكە تىرىشىپ تۇراتتى. ئۇلار قوغۇن يىگەچ پاراڭغا چۈشتى:

ــ شۇنداق قىلىپ ئۇرۇمچىگە باردىم، ــ دېدى مەتيا ماختىنىپ، ــ ۋاي ـ ۋوي... شەھەرنىڭ گۈزەللىگىنى دېمەمسەن، ئاسفالت يوللار، ئەۋەت ـ قەۋەت بىنالار، ھەر دائىم بازار كۈنىدەك قىستىلىپ تۇرىدىغان سان ـ ساناقسىز كوچىلار... بۇ كوچىلاردا چىرايلىق ياسىنىپ، تاراقشىپ كېتىۋاتقان قىزلار... ئۇلارنى بىر كورسەڭ... ۋاي ـ ۋوي... كوزۇڭنىڭ يېغىنى يەيدۇ. ياق، جاننى ئالىدۇ، دېگىن...

مەتيا شەھەر ھاياتى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ھەۋەس بىلەن سوزلەشكە باشلىدى، ھەمدۇل گويا ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمىغاندەك ئوز كېپىگە چۈشتى:

ــ بۇ يىل ئۈچ مو يەرگە قوغۇن تېرىسام زەپ ئوخشىدى دېگىنە. قارا بۇ سايىنىڭ تېشىدەك ياتقان قوغۇنلارغا، مىڭ ۋىدە چاچراشقاندىن باشلاپ كېچە ـ كۈندۈز يېنىدىن كەتكۈم كەلمىدى، كوپ ۋاقىتلاردا كەتمەننى بېشىمغا قويۇپلا قوغۇنلۇقتا ئۇخلايمەن. تېخى يېقىندىلا باش بۇرنىنى ئۇزۇپ بازارلىق قىلدىم...

ــ شۇنداق ئىسىل كوچىلاردا تاراقشىپ ماڭساڭ، ئوزەڭنى يەردە ئەمەس ئاسماندا ماڭغاندەك ھوزۇر سېزىسەن. ھارساڭ ئاپتوۋۇز دېگەن تولا گەپ، چىقىۋالىسەن. ۋاي تېخى پار ـ پۇر قىلىپ كوزنى ئويىنىتىۋېتىدىغان قوڭغۇزغا ئوخشاش بىر نەرسە بار، ئۇنى پايىدا دەيدۇ. پۇلۇڭ بولسا ئۇنىڭغىمۇ چىقىسەن. ئۇنداق چوڭ شەھەر دېگەننى پۇت بىلەن ئايلىنىپ بولالمايسەن ـ دە...

ــ بەل قويۇۋەتمەي ئوبدانلا پەرۋىش قىلىدىغان بولسام، كوزلۇككە، خۇدا بۇيرۇسا، مىڭ قوغۇن يىغىۋالىمەن دېگىنە. ئىككى يۈزنى باللىرىم بىلەن يەپ تويۇنسامىمۇ قالغىنىنى سامانغا يوگىۋالىدىغان بولسام، نىمە دېگىنىڭ ئۇ، ئەتىيازدا بىر تىلىمى 2 مو دېگىنە. پۇل دېگەننى غازاڭدەك ئۇسۇيمەن...

ــ كىنو، ئويۇن دېگەننى كېچە ـ كۈندۈز، قاچان كورگۈڭ كەلسە كورۇۋېرىسەن، ــ دەپ ئۇنىڭ سوزىنى بولدى مەتيا، ــ بۇ يەردىكىدەك توپىدا ئولتۇرۇپ كورمەيسەن. بىر ئولتۇرساڭ بېلىڭگىچە چوكۇپ كېتىدىغان لوم ـ لوم ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كورۇسەن. سېنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، بىلەت ئالساڭلا بولدى. چۈنكى ئورنۇڭ بىلەتكە يېزىلىپ ئالدىن بەلگىلەپ

قويۇلغان...

ئەمما ھەمدۇل ئۇز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى ماختاش بىلەن بەنت ئىدى.

— ۋاي تېخى ئاۋۇ تاللارغا قارا، — دېدى ھەمدۇل پۈتۈن ئوي-ۋاقىنى ئوراپ تۇرغان تال بوستانلارنى كورسىتىپ، — بۇ تاللار سەن بار چاغدا ئۈزۈمگە كىرگەن، مانا، كوردۇڭمۇ، باراخسانلاپ كەتكىنىنى، ئۇ باشتىن-بۇ باشقىچە غىچىلا ئۈزۈم. نىمە دېگىنىڭ ئۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇنىڭدىنمۇ ئونبەش-يىگىرمە چارەك ئۈزۈم ئۈزۈۋالىمەن...

مەتيا دوستىنىڭ تاغ دېسە باغ دەۋاتقانلىقىدىن رەنجىدى:

— گېپىمنى بولمە، — دېدى ئۇ نارازى ئاھاڭدا، — ھە تېخى، زېرىكسەڭلا باغچىغا كىرسەن. ۋاي-ۋۇي... باغچا دېگەن بىر جەننەتنىڭ ئوزى. قارىساڭ كوزلىرىڭ ئالاچەكمەن بولۇپ كېتىدۇ: ياپ-يېشىل دەلدەرەخلەر، گۈللەر، كوللەر، يەر تېگىدىن تومۇز تۇرۇۋا ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇلار، كولنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئالابۇلا ئويلەر، ۋاي ئاللا كارامەت، قانداق دەپ توگىتەي بۇلارنى... باغچىغا بىر كىرسەڭ چىققىڭ كەلمەيدۇ، ئۇنى كورسەڭ بۇنى كورگۇڭ كېلىدۇ، ئەمما كەچكىچە ئايلىنىپمۇ كورۇپ بولالمايسەن، ھارىسەن-دە، ھارساڭ ئولتۇرۇسەن، باغچىنىڭ ئىچى غىچ ئورۇندۇق. كىشىلەر بۇ ئورۇندۇقلاردا جۇپ-جۇپ ئولتۇرىشىدۇ. يەردە ئولتۇرساڭمۇ بولۇدۇ، ياپ-يېشىل ئوتلاق. ئىش قىلىپ نىمىنى خالىساڭ شۇنى قىلىسەن. ھەي... مۇشۇنداق يەرلەردە ساياھەت قىلىش نىمە دېگەن ھوزۇر... جېنىڭ كۇلۇپ كېتىدۇ، دوستۇم...

ھەمدۇلغا ئۇنىڭ زوق-شوق بىلەن سوزلىگەنلىرىنىڭ بىرىمۇ ياقمىدى. "ماختانغانلىرىڭنىڭ بەرى خۇددى ئايىغا قولىنى قاقلىغاندەكلا بىر ئىش، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە كۇلۇپ، — دەرەخ، گۈل-چېچەك، سۇ دېگەنلەرنى يېزىدىن سورىسۇن. بۇ يەردە گۈل-چېچەكنى تەشتەكتە ئېلىپ يۇرمەيدۇ. يېزىنىڭ سۇلىرى ئېگىز تاغلاردىن ئېقىپ، نەچچە ئازمىلاردا قايناپ، پىشىپ كېلىدۇ. دۇم يېتىپ قانچە ئىچسەڭمۇ زىيىنىنى كورمەيسەن..." ھەمدۇل ئاشۇ خىياللىرىدىن ھوزۇر ئالغاندەك سەل قىمىرلاپ قويدى-دە، دېدى:

— ئۇزۇقلۇق يەردىن 12 تاغار بۇغداي ئالدىم. قوناقمۇ خېلى ئوبدان باش تۇتۇۋاتىدۇ. ئاشلىق دېگەن ئويۇڭدە كوپرەك تۇرسا كوڭلۇڭمۇ توقىراق تۇرىدىكەن، ئاداش. ئاشقىنىنى ھوكۇمەتكە سېتىپ بەرسەڭ، ئۇمۇ پۇل دېگىنە...

— ھە، توختا، مەن ساڭا تېخى ھايۋانلار باغچىسى ھەققىدە گەپ قىلىپ بەرمىدىم. ئۇ يەرگە كىرسەڭ، ۋاي-ۋۇي... سەن ئومرىڭدە ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان تۇرلۇك-تۇمەن ھايۋانلارنى كورىسەن. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرىنى بىلىپ بولالمىدىم. بىلىۋالغانلىرىمنى يەنە ئۇنتۇپ قالدىم. ئىشقىلىپ، خىلمۇ-خىل ھايۋان. ھە ئېسىمگە كەلدى، يىلپىز، مايمۇن... يەنە نىمىدى... ئىشقىلىپ، قۇش، قۇشقاچ...

"ھايۋان-ھايۋان دەۋېرىدىغۇ بۇ ئاداش. ماڭا كېرەكلىك ھايۋانلار يېنىمدا تۇرۇپتۇ. قۇشقاچنى بىزنىڭ 5 ياشلىق ئەكرەم تۇتۇپ ئوينىسۇن..." دەپ ئويلىغان ھەمدۇل مەتيانىڭ گېپىنى بولىۋەتتى:

— ھېساپلاپ كورسەم، بۇ يىل خېلى پۇل كىرىم قىلىدىكەنمەن دېگىنە، — ئۇ كەلگۇسى پىلانلىرى توغرىلىق چوت سوقۇشقا باشلىدى، — ئوچكە-قوي، سېغىن كالا، ئې-

شەك ھارۋىسى دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىۋالدىم، ئەمدى بىر ئات ئالغۇم بار، ئاداش. ئات دىگەننىي ساپانغا سالغۇلۇق، تەلپەكنى قىرلاپ بايۋەچچىدەك مىنسە تېخى ئوبدان. ئىشقىلىپ، پايدىسى كوپ ھايۋان دىگىنە، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىمغا بىر دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئېلىپ بەرگۈم بار. مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ خەخنىڭ باللىرى بىلەن توگگوز ـ توپاق ئوينىغاندىن كورە، ئۆگىنىپ قويسا يامان كەتمەيدۇ ـ دە. ھۇنەر دىگەن بىر كون ئەمەس بىر كونى ئەسقېتىپ قالىدۇ... خوش، سەنچۇ؟ مايمۇن بىلەن قۇشقاچنىڭ گېپىنى قىلماي، پۇلنىڭ گېپىنى قىلساڭچۇ. ئىش ـ ئوقىتنىڭ قانداق بولدى؟ پۇل دىگەنگە يانچۇغۇڭ توشقاندۇ؟

ــ ھە... ھىم... پۇلنىمۇ... پۇل... ــ بىردىنلا دۇدۇقلاپ قالدى مەتيا. ــ ھە... ھە... ئۇنىمۇ دەيمەن. بىر ـ بىرلەپ كەلمەدىم؟ بىردەم جىم تۇرغىنا، ئاداش. مەن ساڭا، ئاشخانا توغرىسىدىق سوزلەپ بېرەي، قوسىغىنىڭ ئاچسا ئاشخانا دىگەن تولا نىمە، تاللاپ بىرسىگە كىرسەن ـ دە، شۇئان سۇرەتتەك چىرايلىق، بۇدرە چاچلىق قىزلار سېنى جوزىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئولتۇرسەن. ئۇلار ساڭا كولۇمسىرەپ بىر قارىسا تىلدىن قالىسەن. ئۇلار سېنىڭ نىمە يەيدىغانلىغىڭنى سوراپ يېزىۋالىدۇ ـ دە، پۇلنى ئېلىپ ھەش-پەش دىگىچە جوزا ئۇستىگە ھەر خىل نازۇ ـ نىمەتلەرنى تىزىۋېتىدۇ... ــ مەتيا قولدىكى سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان بىر تىلىم ئابىناۋاتنىڭ شاپىغىنى پاك ـ پاكىزە غاجىلۋەتكەندىن كېيىن، ئاغزىنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن سۇرتتى ـ دە، گېپىنى يەنە داۋام قىلدى، ــ ۋاي ئاتامەي، بىر كونى شۇنداق بىر ئىشقا يولۇقتۇمكى، ئۇنى ئولسەممۇ ئۇنۇتمايمەن. ئاخشىمى توك چىراقلىرى چاراقشىپ يېنىۋاتقان ئاسفالتلىق كوچىلاردا سەيلى قىلىپ كېتىۋاتسام، بىر تونۇشۇم ئۇچراپ قېلىپ مېنى چوڭ بىر ئويگە باشلاپ كىردى. ۋاي بۇ نىمە كارامەت، قارىغۇدەك بولسام، تال چىۋىقتەك نازۇك قىزلار بەللىرىنى تولغاپ تانسا ئويناۋېتىپتۇ. ئۇلاردىن كوپ زوەنى ئوزەلمەي ئويۇپ قاپتىمەن. شۇ پەيتتە بىرسى ئۇزۇندۇقا تەكلىپ قىلدى، ئولتۇردۇم، ياق، ئولتۇرالمىدىم، قىمىرلاپ كەتتىم ـ دە. مەنمۇ ئويناي دىسەم ئوزەڭ بىلىسەن، مەن ئومرۇمدە پۇتۇمنى قىڭغىر دەسسەپ باققان بەندە ئەمەسمەن. شۇنداقتىمۇ جىم ئولتۇرغىلى بولامدىغان، مەنمۇ بىر ـ ئىككى نازىنىن بىلەن بىر قەپەز ئوينىۋەتتىم دىگىنە. ــ مەتيا ھاياجىنىنى باسالماي تانسىنى دوراپ پىقىراشقا باشلىدى. ھەمدۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى توختاتتى.

ــ بولدى ئاداش. مەن سېنىڭ شەھەردىن پۇل ئەمەس، تاغار ـ تاغار قۇرۇق گەپ كوتىرىپ كېلىدىغانلىغىڭنى شۇ چاغدىلا بىلگەن ئىدىم. مانا، "كوز كېلىپ، چوچىنىمۇ ساناشتۇق". خەير، بۇمۇ بىر نېسۋە، توخۇمىڭدىن چوجە چىقمىغانلىغىنى پىشانەڭدىن كورمە، ئەجرىڭ ـ دىن كور. يەنە قوغۇن يەمسەن؟ خالىساڭ پىلەكتىن تاللاپ ئۈزۈۋال؛ ھە بايا قوناقلىققا سۇ باشلاپ قويۇۋىدىم، شۇ ياقلارنى بىر ئايلىنىپ كېلەي.

ھەمدۇل كەتمىنىنى مۇرىسىگە تاشلاپ ئېرىق ياقىلاپ كېتىپ قالدى.

دەرۋەقە، مەتيا ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن ھىچ ئىشنى ئەپلەشتۇرەلمەي، بار پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ تۈگەتكەن ئىدى. ئۇ دەسلەپتە كوچىدا ئۇچراپ قالغان يۇرتلۇقلىرىنى ۋە يېڭىدىن تونۇشقان ئاغىنىلىرىنى مېھمان قىلىپ يۇردى. كېيىنكى كۇنلەردە ماگىزىنلاردا تويۇقسىز سىنىلىپ

قالدىغان، ئۇزى ئەتىۋا دەپ قارىغان ھەر
خىل نەرسىلەردىن كوپرەك ئېلىۋېلىپ ئۇنى
ھايىنىغا ساتماقچى بولدى. لېكىن ئۇ نەر-
سىلەر ماگىزىنلاردا پات-پات پەيدا بولۇپ
قالاتتى. شۇڭا ئۇز باھاسىغىمۇ ساتالماي،
بىر مۇنچە زىيان تارتتى. بۇنىداق ئىشلار
نۇرغۇن قېتىم تەكرارلاندى. نەتىجىدە، ياز-
چۇغىدىكى ھەممە دەسمايىسى شامالدا ئۇچ-
قان توزغاقتەك سورۇلۇپ تۇگىدى. لېكىن
شۇنداقتىمۇ مەتيا بىر نەرسىدىن خوشال
ئىدى. ھىلىمۇ ياخشى، ئۇ، ئۇرۇمچىگە كېلىپلا
ئالا-تاغىل كىيىملەردىن بىر تو سېتىۋ-
ۋېلىپ كىيگەن ئىدى. ئۇ كىيىملەر ئەلۋەتتە
ھەمدۇلنىڭ تەربىلەن قاتقان ئاق كوينىگىگە،
پاتقاق چاچرىغان ئاددى كوك شىمىغا ئوخ-
شىمايتتى. ھەر قانداق ئادەم مەتيانىڭ تۇر-
قىغا بىر قاراپلا ئۇنى ئىسمى-جىسمىغا لا-
يىق "شەھەر نوچىسى" دەپ ئېيتالايتتى.

مەتيا ھەمدۇلنىڭ قوغۇنلىغىدىن يېنىپ
چىققىپ، پۇتۇن مەھەللىنى دىگۇدەك ئارىلاپ
چىقتى. لېكىن ئۇ ھېچكىمگە شەھەردىكى
كورگەن-بىلگەنلىرى توغرىلىق ھېكايە قىلىپ
بېرەلمىدى. چۇنكى دىخانلارنىڭ ھەممىسى
ئوز ئىشلىرى بىلەن ئالدىرىشىپ يۇرۇشەتتى.
شۇڭا ئۇلارنىڭ كوپۇنچىسى مەتيادىن تېچ-
لىق سوراپ قويۇپلا ئوتۇپ كېتىشتى. ئاز
بىر قىسىملىرى بولسا، مەتيانىڭ ئوزگىرىپ
كەتكەن "غەلتى" كىيىملىرىنى كورۇپ مى-
يىغىدا كۇلۇشۇپ قويدى-دە، ئوز يېرلىرىغا
راۋان بولۇشتى. مەتيا روھى چۇشكەن ھالدا
ئويىگە يېنىپ كېلىۋېتىپ ئەتراپقا بىر-بىر-
لەپ نەزەر سالدى، يول بويىغا يېڭىدىن
قاتار-قاتار ئويلەر سېلىنىغان بولۇپ، بۇ

مەھەللە تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتكەن ئىدى.
تال بوستانلار، مۆلۈك دەرەخلەرنىڭ قور-
شاۋى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خوشنىلىرىنىڭ ئوي-
لىرىنى مەتيا تونۇيالماي قالدى. يول بويى-
دىكى تېرەكلەر ئاسمان-پەلەك قەد كوتى-
رىپ تۇراتتى. يىراقتىن دىخانلارنىڭ ناخ-
شىلىرى، شاۋقۇن-سۇرەنلىرى، زاكىنۇدىن
ئېتىلىپ چۇشۇۋاتقان سۇلارنىڭ شاقىراشلىرى
ئاڭلىناتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەتيانىڭ
كوز ئالدىغا پۇتۇن يېزا مېھنەت بىلەن قاي-
ناۋاتقان، ھەممە كىشى بۇ قاينامدا خۇشال-
خورام ئۇزۇۋاتقان، ئوزى بولسا بۇنىڭ سىر-
تىدا يەككە-يىگانە تۇرۇۋاتقان بىر مەنزىرى-
نى كەلتۇرۇپ، تولىمۇ يالغۇزلۇق ھىس قىلا-
دى. ئۇ، بۇنداق ھەسرەتلىك خىياللاردىن
قۇتۇلۇش ئۇچۇن، ئويىگە كېلىۋىدى، كوڭلى
يەنە يېرىم بولدى. چۇنكى ئۇنىڭ ئالدىدا
ئۇ يەر-بۇ يەرلىرى سوكۇلۇپ چۇشكەن ئە-
كى تاملىق تۇراتتى. ئوينىڭ ئالدىدىكى كى-
چىككىنە ئېتىزلار قۇپ-قۇرۇق قاغجىراپ
ياتاتتى. ئوينىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان ئانچە
مۇنچە كوچەتلەرمۇ ئاللىقاچان قۇرۇپ تۇ-
گەشكەن ئىدى.

مەتيانى قانداقتۇر بىر خىل غېرىپلىق،
مىسكىنلىك ئورۇۋالدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن
زاڭغىنى يولىگىنچە ئوينىڭ ئالدىدا مۇڭلى-
نىپ ئولتۇرۇپ قالدى-دە، قاتتىق ھەسرەت
چەكتى. بىر ۋاقىتتا شالاپ-شۇلۇپ قىلغان
ئاۋاز ئۇنى چوچۇتىۋەتتى، ئۇ، بېشىنى كوتى-
رىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەمدۇلنىڭ 5
ياشلىق ئوغلى بىر تىلىم قوغۇننى ھوزۇرلى-
نىپ يەۋاتاتتى. بىردىنلا مەتيانىڭ ئاغزىغا
سېرىق سۇ يىغىلدى...


www.uyghurkitap.com

# سادىق ھەمرا

(ھېكايە)

ئەكبەر غۇلام

سادىق قولىدىكى بىر پارچە خەتنى
چىڭ تۇتقان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى.
ھەمرا كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ، تورۇسقا
قاراپ ياتاتتى.

ئۇ، سادىققا ئىللىققىنە كۈلۈمسىرەپ
قارىدى. سادىق ھەم خوشال بولدى، ھەم
ھەيران بولدى. ھەمرا رېماتىزىم كېسىلىگە
گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قالغان ئون نەچچە
يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر ئازمۇ
كۈلكە ئىزلىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ
قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ خۇد-
دى مەڭگۇ قۇرۇمايدىغاندەك تۆيۈلىدىغان كوز
ياشلىرى سادىقنىڭ قەلبىنى بەكمۇ ئازاپ-
لايتتى. بۇگۇن ھەمرانىڭ سۇپ-سۈزۈك
يۈزلىرى، يوغان-يوغان كوزلىرى، قاڭشالىق
بۇرنى ۋە كۈلكە ياماشقان قىپ-قىزىل لەۋ-
لىرى سادىققا ھەم چىرايلىق ھەم سۆيۈملۈك
كورۇندى. سادىق ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ قو-
لىنى چىڭ سىقتى-دە:

— ھەمرايىم! — دىدى.

ھەمرا سادىقنىڭ چىرايىغا قاراپ شۇ-
نى ھىس قىلدىكى، سادىقنىڭ چىرايىدىمۇ
بۇرۇنقى ياسالما كۈلكىلەر يوقاپ، يۈرىگىنىڭ
چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىققان شاتلىق كۈل-
كىسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، سادىقنىڭ
قولىنى چىڭ سىقماقچى بولدى، بىراق ئۇ-

نىڭ قوللىرى تۈگۈلۈپ قالغان بولۇپ، بار-
ماقلىرىنى ئازراقمۇ ئاچالمىدى.

— يەنە خەت كەپتۇ! — دېدى سادىق
قولىدىكى بىر پارچە خەتنى كورسىتىپ.

— شۇنداقمۇ؟ نەدىن كەپتۇ؟ — ھەمرا
ئۇن نەچچە كۈنىدىن بۇيان ھەر بىر پارچە
خەتنى كورسە مۇشۇنداق سورايدىغان بولۇپ
قالغان ئىدى.

— داتۇڭدىن كەپتۇ!

— داتۇڭ دېگەن نەدە؟

— داتۇڭ دېگەن شەنشى ئولكىسىدە، ئۇ
يەرمۇ بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە ئوخشاش كومۇر
كوپ چىقىدىغان يەر ئىكەن. بۇ خەت شۇ
يەردىكى كومۇر كان ئىدارىسىنىڭ پارتكوم
ئىشخانىسىدىكى بىر خەنزۇ ئايال يولداشتىن
كەپتۇ.

— بىر ئايال يولداشتىن؟ ماڭا تېزرەك
ئوقۇپ بېرىڭا!

بۇ خەتنى زاۋۇتنىڭ تەرجىمانى ئال-
لىقاچان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ قويغان
ئىكەن. سادىق خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

"سىڭلىم ھەمرا:

سىلەرنىڭ توي قىلغان ۋاقتىڭلارنى
ھىساپلىغاندا، سىزنىڭ يېشىڭىز مەندىن كى-
چىكتەك قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزنى
سىڭلىم دەپ ئاتىدىم. مەن مىڭ نەچچە
كىلومېتىر يىراقتىكى چېگرا رايونىدا سىزدەك
بىر ئۇيغۇر سىڭلىم بىلەن تونۇشقانلىقىم
ئۈچۈن ئىنتايىن خۇرسەنمەن. مەن ھازىر
سىزنى "سىڭلىم، سىڭلىم!" دەپ چاقىرى-
ۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتامسىز؟

مەن «ئىشچىلار گېزىتى»گە بېسىلغان
خەۋەرنى ئوقۇپ، سىلەرنىڭ كىشىنى تەسىر-
لەندۈرۈدىغان ئىش-ئىزلىرىڭلاردىن ئىنتايىن
تەسىرلەندىم. سىز مۇخبىرغا: بىزنى تونۇش-
تۇرغان لىپى فېڭ، دەپ جاۋاپ بېرىپسىز. بۇ
نېمە دېگەن ئەقىللىق سوز ھە! سىز كېسەل
تۈپەيلىدىن دوختۇرخانىدا يېتىپ، ھاياتتىن
ئۈمىدىڭىز ئۈزۈلگەن چاغدا، سادىق ئوزىنىڭ
ئەڭ ساپ مۇھەببىتىنى سىزگە تەقدىم قىلىپ،
سىزنى ئويىگە يۈدۈپ ئاپىرىپ، توي مەرد-
كىسى ئوتكۈزۈپتۇ. كېيىنچە، سىزنىڭ كېسە-
لىڭىز تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، پۇت-قولىڭىز
پۈتۈنلەي پالەچ بولۇپ قالغان ئۇن نەچچە
يىل جەريانىدىمۇ بىر ئېغىز نارازىلىق بىل-
دۈرمەي سىزنى سەممىلىك بىلەن كۈتۈپ-
تۇ. بۇ نېمە دېگەن ئالى پەزىلەت-ھە!؟ ئۇ-
نىڭ قەلبى گويا كىرىستالدەك سۈزۈك ئى-
كەن، مەن بۇ خەۋەرنى قايتا-قايتا ئوقۇپ،
تەسىرلەنگەنلىكىمدىن كوزۈمگە ئىسسىق ياش
كەلدى.

سىڭلىم ھەمرا، سىز ئۇمۇتىسىزلەنمەڭ،
سىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىڭلار بىزنىڭ بۇ ھەر
مىللەتلىك چوڭ ئائىلىدە چوڭقۇر تەسىر قوز-
غىماقتا. ھەممەيلەن سىلەرگە دوستلۇق قو-
لىنى سۇنۇدۇ، سىزنىڭ كېسىلىڭىز چوقۇم
ساقىيىدۇ. مەن بىرقانچە چوڭ دوختۇرخا-
نىلار بىلەن ئالاقىلاشتىم. ئاڭلىشىمچە، شىجا-
جۇاڭدىكى دوختۇرخانىدا بۇ خىل كېسەلنى
ئوبدان داۋالايدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل
كېسەلنى داۋالاش ماھارىتىگە چەتئەلدىكى
بەزى تىببى مۇتەخەسسىلەرمۇ قىزىقىۋېتىپ-
تۇ. مەن ئاشۇ دوختۇرخانا بىلەن ئالاقە
قىلغاندىن كېيىن، دەرھال سىلەرگە خەۋەر
قىلىمەن، سىزنىڭ شىجياجۇاڭغا كېلىپ، كې-
سىلىڭىزنى شۇ يەردە داۋالىتىشىڭىزنى ئۈمىت
قىلىمەن.

خەير-خوش! شىجياجۇاڭدا كورۈش-
كەيمىز.

ھورمەت بىلەن:

داتۇڭ كومۇركان ئىدارىسى پارتكوم
ئىشخانىسىدىكى ۋاڭ يۇخۇادىن".

ھەمرا خەتنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا بوغدا چوققىسىدىكى سۈزۈك بۇلاق سۈيىنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇلاقنىڭ ئىچىدە بىر خەنزۇ ئايالنىڭ مۇلايىم چىرايى پەيدا بولدى. ھەمرا ھەر قېتىم ئۇزىنىڭ ئەڭ ياخشى كورگەن ئادىمىنى ئەسلىگەندە ئۇنىڭ شولىسىنى شۇ بۇلاققا چۈشۈرەتتى. ھەمرانىڭ بۇنداق قىلىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولۇپ قالغان ئىدى. ھەمرا بويىنىغا قىزىل گالىستۇك ئېسىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، يازلىق كانىكۇلنىڭ بىر كۈنى مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇلارنى بوغدا تېغىغا ئەپچىقىپ دالا سەيلىسى قىلدۇرغان ئىدى. ھەمرا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ياپ-يېشىل ئوتلاق ئۇستىدە ئويناۋېتىپ، بىر توپ قارىغاينىڭ يېنىدىكى سۈپ-سۈزۈك بۇلاقنى كورۇپ قالدى. بۇلاقنىڭ تېگىدىكى ئۇششاق تاشلار مەرمەردەك ۋاللىداپ تۇراتتى. ئۇ ئۇزىنىڭ بۇلاققا چۈشۈپ تۇرغان شولىسىنى كوردى. بۇلاقتا ئۇنىڭ قاپ-قارا كوزلىرى، قەلەمدەك قاشلىرى، قاڭشالىق بۇرنى، جىسىنەستىدەك قىپ-قىزىل لەۋلىرى خۇددى سۈرەتكە ئوخشاش كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ، بۇلاق سۈيىگە ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. قايتىدىغان چاغدا، بۇلاقتىن كوزىنى ئۇزەلمەي قايتا-قايتا بۇرۇلۇپ قاردى. تەبىئەتنىڭ ئۇنىڭغا قالدۇرغان ئەڭ قەدىرلىك يالدامىسى ئەنە شۇ بۇلاق بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ، كوڭلىگە ياقىدىغان سۈيۈملۈك ئادىمىنى ئاشۇ بۇلاققا ئوخشىتىدىغان بولدى. ئۇ، سادىقنىمۇ ئەنە شۇ بۇلاققا ئوخشىتاتتى. ئۇن نەچچە كۈندىن بۇيان، ھەر بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدا، خەت يازغۇچى كىشىنىڭ چىرايىنى ئۇز كوڭلىدە پەرەز قىلاتتى ۋە شۇ بۇلاققا چىرايىنى چۈشۈرەتتى.

ھەمرا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىردەم ئويلىنىپ تۇردى. ئاندىن كېيىن:

— سادىق، ئۇ ئايالنىڭ چىرايى قانداقتۇ؟ سىز ئۇنى كورۇۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن...مەن... — سادىق قانداق جاۋاپ بېرىشىنى بىلمەي دۇدۇقلىنىپ قالدى. — ھە، كورۇۋاتىمەن، ئۇ خەنزۇ يولداش بەكمۇ ياخشى ئىكەن.

— ئۇ خەنزۇ ھەدەم مېنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئاڭلاۋاتامسىز؟ — دىدى ھەمرا بېشىنى سەل قىڭغايتىپ.

سادىقمۇ بېشىنى شەرق تەرەپكە بۇراپ:

— ھەئە، ئاڭلىدىم، ئۇ سىزنى سىڭلىم دەپ چاقىرىۋاتىدۇ، — دىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى خېلى ئۇزۇنغىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى. ئالاھەزەل، ئارىدىن بىرەر پىيالە چاينى ئىچىپ تۈگەتكۈدەك ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن، ھەمرا:

— مېنى ھويلىغا ئەپچىقىڭا! — دىدى ئوتۇنگەندەك قىلىپ. سادىق ھەمرانى ئاۋايلاپ كوتىرىپ ھويلىغا ئەپچىقتى-دە، كوپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئادەتتە ھويلىدا ئولتۇرۇپ كوك ئاسماننى، ئاق بۇلۇتلارنى، مۇز قارلار بىلەن قاپلانغان بوغدا چوققىسىنى كورگىلى بولاتتى. ھەمرا پات-پات ئاشۇ قارلىق تاغلارغا كوز تىكىپ، ئۇزاقلارغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالاتتى. لېكىن، ھەمرانىڭ بۇنداق ئولتۇرۇپ باقمىغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان ئىدى.

سادىق بۇ كىچىككىنە ھويلىنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. چوڭ-كىچىكلىگى ھەر خىل بولغان تەشتەكلەردە سوگەت گۈلى، مودەن گۈل، قوناق گۈل، ئانارگۈل ۋە يەنە ئىسمىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاللىقانداق گۈللەر ئۈستۈرۈلگەن ئىدى. گۈللەر

www.uyghurkitap.com

ئۇستىدە كېپىنەكلەر، ھەرىسلەر ئۇچۇپ يۈ-رەتتى. ئىلگىرى سادىق ھەمراغا: "ھويلىغا ئەپچىقىپ قوياي، گۈللەرگە قاراپ ئولتۇرۇڭ" دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقان ئىدى. بىراق ئۇ چاغدا ھەمرا ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولۇپ، تېززەك ئۇ دۇنياغا كېتىشنى ئوي-لايتتى، شۇڭا سادىقنىڭ تەلىۋىنى رەت قى-لاتتى. ھازىر بولسا بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا شۇنچە يورۇق، شۇنچە يېڭى، شۇنچە كەڭ تۇيۇلدى. ھەر بىر تال يوپۇرماق، ھەر بىر تال گۈل، كېپىنەك، ھەرە، كۆك ئاسمان... شۇنچە گۈزەل كۆرۈندى. ئۇ، ئەتراپىدىكى نەرسى-لەرگە تويماستىن قاراۋېتىپ، سادىققا:

— ماڭا ئەينەكنى ئەكىلىپ بېرىڭا، — دېدى.

سادىق بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بول-دى. ھەمرانىڭ چېچى چىگىش- چىگىش بولۇپ، خۇددى كونا كىگىزدەك بولۇپ قال-غان ئىدى. ئەگەر ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ قالىدىغان بول-سا، چوقۇم كۆڭلى يېرىم بولاتتى. سادىق سەل- پەل ئويلانغاندىن كېيىن، گەپنى ئە-گىتىپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن:

— سىز بۈگۈن بىر خەنزۇ ھەدە تېپىۋال-دىڭىز، بۈگۈنكى كۈن بىزنىڭ ئائىلە ئۈچۈن ئىنتايىن خوشاللىق بىر كۈن، كېلىڭ، مەن سىزنى چىرايلىق ياساپ قوياي، — دېدى.

— ھەمرا سادىقنىڭ مەقسىدىنى چۈشەن-دى. ئۇ، سادىققا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

سادىق ئۆيدىن داس، سوپۇن، تاغاق، سۈزگۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقتى، ئالدى بىلەن ھەمرانىڭ بېشىنى يۇيۇپ قويدى، ئاندىن كېيىن چاچلىرىنىڭ چىگىشلىرى-نى چىقىرىپ ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ قويدى. كېيىن ئۆيگە كىرىپ چامادانىدىن بىر ئەت-لەس كوينەكنى ئەپچىقىپ، ھەمراغا كىيگۈز-دى. شۇندىن كېيىن قولىدىكى ئەينەكنى ھەمراغا سۇنۇپ:

— قارىڭا، يېڭى توي قىلغان قىزغا ئوخشاپ قالدىڭىز، — دېدى.

ھەمرا ئەينەككە قارىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ سەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ:

— مەن تېخى ئۆزەمنى جىنغا ئوخشاپ قالدىممىكىن دەپتىمەن، — دېدى.

— سىز تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپ با-رىسىز، ئەگەر سىزنى ۋاڭ يۇخۇا ھەدىڭىز كۆرسە، مېنىڭ ئۇيغۇر سىڭلىم بەك چىراي-



لىقكەن، دەپ خۇش بولدۇ،— دىدى سادىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نەچچە يىلدىن بېرى سىزنى بەكمۇ ئاۋارە قىلىۋەتتىم،— دىدى ھەمرا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، سىز مېنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمرايىم، مەنمۇ سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمرايىڭىز، بىز مەڭگۈلۈك ھەمرا...

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلار ۋاڭ يۇخۇاغا خەت يازماقچى بولدى. كەچ كىردى. بالىلار شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. سادىق قولىغا قەغەز-قەلەم ئېلىپ، خەت يېزىشقا تەييارلاندى.

— ھە، سىز ئېيتىپ بېرىڭ، مەن يازاي!— دىدى سادىق ھەمرانىڭ كۆزىگە قاراپ.

— سەل توختاپ تۇرۇڭ، ئويلىنىۋالاي، بۇ خەتنى چوقۇم ياخشى يېزىش كېرەك،— دىدى ھەمرا.

ھەمرا تورۇسقا قاراپ جىم ياتاتتى. بوغدا تېغىدىكى ھىلىقى بۇلاق يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇلاقتا بىر مۇلايىم چىراي پەيدا بولدى. ھەمرا شۇ چىرايغا قاراپ ئۆز قەلبىدىكىلەرنى توكمەكچى بولدى:

"سۈيۈملۈك يۇخۇا ھەدە:

يولدۇشۇم سادىقنىڭ ئەھۋالىنى گېزىتتىن ئوقۇپسىز، ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ مەن ئۈچۈن نۇرغۇن ئازاپ ۋە جاپالارنى چەكتى، مەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەشەككۈر ئېيتىمەن. ئۆزاقى يىل قىشنىڭ بىر كۈنى، ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ، تاماقنى ئېتىپ بولۇپ، كىر يۇيۇشقا باشلىدى، ئۇ كىر يۇيۇۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ھۇشسىزلىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇ بەكمۇ چارچاپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن شۇنداق بولغان ئىدى. شۇ كۈنى تاڭ ئاتقىچە يىغلاپ چىقتىم، سادىقنىڭ مەن ئۈچۈن شۇنچە جاپا چېكىۋاتقانلىقى مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. ئەگەر مەن يەنىلا مۇشۇنداق يېتىۋەرسەم جان ھالەتتە ياشاۋەرسەم، سادىق تېخىمۇ كوپ جاپا تارتىشى، مەن ئۈچۈن قىينىلىپ تۈگىشىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تېزرەك ئۇ دۇنياغا كېتىشىم كېرەك دىگەن نىيەتكە كەلگەن ئىدىم.

«ئىشچىلار گېزىتى» دە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بىرگە نۇرغۇن خەت كەلدى. بۇرۇن مەن پەقەتلا مۇشۇ كىچىككىنە ئويدە ياشاۋاتىمەن دەپلا ئويلاپتىكەنمەن، شۇڭا ئىچىم پۇشۇپ، ئۆزەمنى يەككە-يىگانە ھىس قىلىپ، يورۇق دۇنيادىن ۋاز كېچىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدىم. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن خەتلەرنى كورگەندىن كېيىن، مېنى ئويلايدىغان، ماڭا غەمخورلۇق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممە يەردە بارلىغىنى ئۇقتۇم. مەن كىچىككىنە ئىككى ئېغىز ئويدە ئەمەس، بىر مىليارت خەلقنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىغىمنى ھىس قىلىۋاتىمەن.

سۈيۈملۈك ھەدە، سىلەرنىڭ خېتىڭلار ماڭا روھىي ئوزۇق بولدى. مەن كېرەكسىز ئەمەسكەنمەن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىم مۇمكىن ئىكەن. سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئوقۇپ، ھاياتقا قايتىدىن مۇھەببەت باغلىدىم.

يۇخۇا ھەدە، بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ پارتىيە تەشكىلى ماڭا بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. تۇرپانغا بېرىپ قۇمغا كومۇلۇشۇم ئۈچۈن، مەخسۇس بىر ماشىنا ئاجرىتىپ بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسىنىمۇ كورۇپ باقارمىز. كېسىلىم ساقايسىمۇ ياخشى، ساقايمىسىمۇ ئانچە قايغۇرۇپ كەتمەيمەن. ياشىمۇ ئاققۇزمايمەن.

ھەدە، سىز مەن ئۈچۈن كوپ ئاۋارە

www.uighurkitap.com

بولۇپسىز، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟ ناۋادا شىجياجۇاڭدىكى دوختۇرخانىدا داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسەم بەكمۇ ياخشى بولاتتى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىز بىلەن كۆرۈشۈۋالغان بولاتتىم، ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ-دەريالىرىنىمۇ كۆرۈۋالغان بولاتتىم. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايتتى.

خەير-خوش، ئامان بولۇڭ!

ھۆرمەت بىلەن:
شىنجاڭ × × زاۋۇدى
ھەمرادىن".

خەت يېزىلىپ بولدى. سادىق خەتنى كونۋېرتقا سېلىۋاتقاندا، ھەمرا ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا سورىدى:

— سادىق، مەن ناخشا ئېيتمىغىلى خېلى ئۇزۇن يىللار بولۇپ قالدى، ئۇنتۇپ قالدىممىكىن، ئېيتىپ باقايمۇ؟

— ھە، ناخشا ئېيتقىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ ئېيتىڭ، مەن دۇتار چېلىپ بېرىمەن! — دېدى سادىق ۋە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان دۇتارنى ئېلىپ، ئۈستىدىكى چاڭ-توزاڭلارنى سۈرتتى، ئاندىن كېيىن تارىنى تەڭشەپ چېلىشقا باشلىدى. مۇڭلۇق دۇتار ئاۋازى ھەمرانىڭ قەلبىدىكى غەزەللەرنى سۇغۇرۇپ چىقتى:

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم،
بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم
قۇربان ئەمەسمۇ؟
......

مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئەتراپتىكى خۇلۇم-خوشنىلارنى ھەيران قالدۇردى. "ۋاھ، ھەمرا ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ" دېيىشىپ، بىرمۇنچە كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كىرىشتى، ئۆينىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولدى. سادىق دۇتارنى چېلىۋەردى، ھەمرانىڭ ناخشىسى تېخىمۇ ياڭراپ كەتتى، ئۆيگە يىغىلغان كىشىلەرمۇ ھەمراغا جور بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى...

تۈن يېرىم بولغاندا، ھەمرا تۇيۇقسىز "ھەدە، ھەدە!" دەپ ۋاقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. سادىقمۇ ئويغىنىپ چىراقنى ياقتى.

— چۈشۈمدە مەن ۋاڭ يۇخۇا ھەدەمنى كۆرۈپتىمەن، ئۇ ئۆرۈمچىگە كەلگەنمىش. مەن ئۇنى بازارغا، باغچىغا ئاپىرىپ ئويناتقانمىشمەن، — دېدى ھەمرا.

— ياخشى چۈش كۆرۈپسىز. ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشقۇدەك، — دېدى سادىق.

— سادىق، ھېلىقى خەتنى ماڭا يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىڭا! — دېدى ھەمرا.

سادىق خەتنى ياستۇقنىڭ تېگىدىن ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ھەمرا يەنە بوغدا چوققىسىدىكى سۈزۈك بۇلاقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇلاقنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان سەممىي، سۆيۈملۈك چىرايلار كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەمراغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى...

# ئۈچ شېئىر

پەرھات ئابدۇرېھىم

## ۋەتەن مۇھەببىتى

ۋەتەن — ئەلدۇر ساڭا غەمخان، ئاڭا پەرۋانە بول پەرھات،
توكۇلگەن تەرۇ- ئەجرىڭدىن كوكەرسۇن دەشتى- چول، پەرھات.
ۋەتەن مېھرى — ئانا مېھرى، ئاڭا جاننى نىسار ئەيلە،
تاپارسەن شۇندىلا ئىقبال — بەختكە كەڭرى يول، پەرھات.
ۋاراقلاپ كور، ئەنە تارىخ ساڭا سوزلەيدۇ بىر- بىرلەپ،
ساۋاق شۇكى، ۋەتەنسىزلەر بولۇر دوزاقتا كۇل، پەرھات.
ۋەتەن — ئەل قايغۇ- دەردىگە بولۇپ ئوتكىن ھامان ئورتاق،
ۋەتەن شاتلانسا، چىن دىلدىن قاقاقلاپ سەنمۇ كۇل پەرھات.
نە ئارمان غۇنچە ياشلىقنى ۋەتەن رىشتىگە چىلك باغلاپ،
بولۇپ باغۇەن ئېچىلدۇرساڭ ئىجات بېغىدا گۇل، پەرھات.

## مېھنەت

ھاياتلىق بېغىدا تەملىك مىۋە پىشمايدۇ مېھنەتسىز،
قېنىپ تەشناسىغا چۇللەر چېچەك ئاچمايدۇ مېھنەتسىز.
يېرىپ تاغلارنى دولقۇنلار راۋان ئاقمايدۇ مېھنەتسىز،
ئەقىل — ئىدرەك قۇشى ئەركىن قانات قاقمايدۇ مېھنەتسىز.
جاھان رەنالىرى خۇش-خۇي كۇلۇپ باقمايدۇ مېھنەتسىز.

ئاتا قىلماس پەلەك ھەرگىز بىمېھنەتكە ئىسىل جەننەت،
ئۇمۇر سائەتلىرىڭ زەررە تاپالماس ھىچ قەدىر- قىممەت،
دەۋر ئوغلانىغا ياتتۇر ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭ ئىللەت،

تاپارسەن ئەجرۇ - مېھنەتتىن ھاياتىڭ پەسلىگە زىننەت،
بولۇپ دۇلدۇل كەبى مەرتلەر داۋان ئاشمايدۇ مېھنەتسىز.

يېنىپ كەلمەس ئۇمۇر ئىنسان بېشىنى ئۇرسىمۇ تاشقا،
ھامان بىر كۈن ئەجەل قوغلاپ، جۇدالىق چۈشكۈسى باشقا،
سەپەر كارۋانلىرى ئامراق ئىجات - مېھنەتكە، يولداشقا،
نە ئارمان توكسە قان ئوغلان ئانا ئەھدىنى ئاقلاشقا،
شىرىن ئارزۇ — گۈزەل تۇرمۇش قۇچاق ئاچمايدۇ مېھنەتسىز.

تەۋەللۇت ئەيلىدى مېھنەت بۈيۈك ئارزۇ - تىلەكلەرنى،
ئەجىر ياشناتتى، كۆلدۈردى چەۋەر، ئىشچان يۈرەكلەرنى،
ھايات بوستانىدا باغۋەن قىلىپ پەرۋىش كۆچەتلەرنى،
دىلىنى قاپلىغاي شاتلىق كورۇپ تۈنجى چېچەكلەرنى،
بېغىدا لالە - رەيھانلار پۇراق چاچمايدۇ مېھنەتسىز.

باياۋان دەشتۇ - چول ھەرگىز توكۇلمەي تەر ئاۋات بولماس،
ئەجىرسىز ناشكەر تىلنى يېرىپ چاك - چاك ناۋات بولماس،
كىمىكى سۆيسە مېھنەتنى ھايات ئالدىدا مات بولماس،
ياشار مېھنەت بىلەن ئىنسان، ئۇنىڭسىز مەڭگۈ شات بولماس،
ئەجىر قىلماي شۇڭا پەرھات بىكار ياتمايدۇ مېھنەتسىز.

## سىڭلىم

بەخت، شاتلىققا چومدۇڭ سەن گۈزەل دەۋران بىلەن، سىڭلىم،
بولۇپ ئەخلاق - پەزىلەتلىك بوشاشماستىن ئۆگەن، سىڭلىم.
قەدىرلەپ ھەر مىنۇت ۋاقتىڭ، كۆنۈڭنى بوشقا ئوتكۈزمە،
بىلىمكى بىر ئەزىم دەريا، ئۇنىڭسىز نە چىمەن، سىڭلىم.
گۈزەل ئىقبالغا يەتمەكچۈن بىلىم ئالغىن، ئۆگەن ھارماي،
بوۋام مەھمۇت "بىلىم بايلىق، قېزىپ پۈتمەس" دىگەن، سىڭلىم.
سەپەر كارۋانىغا ھەمدەم بولۇپ دۇلدۇل كەبى ئورلە،
كۆتەر شۇنداق جاسارەتنى سىنىڭدىن ئەل - ۋەتەن، سىڭلىم.
ئۈمىدىن ئاقلىغىن ئەلنىڭ بولۇپ ئەجداتقا سەن ۋارىس،
سىلىپ تەنتەك گۆدەكلىككە، نادانلىققا يۈگەن، سىڭلىم.
ئەگەر سەن ئىزلىمەك بولساڭ بەخت - ئىقبال ئۈچۈن كەڭ يول،
بەختنۇر، بىل، ئىجات — مېھنەت، ئۇنىڭ لەززىتى قەن، سىڭلىم.

www.uyghurkitap.com

# ئىككى غەزەل

ئاۋۇت ئوسمان

## دولان مەشرىپى

چالسا سازەندە راۋاپ، تەڭكەش ئاڭا قالۇن، غىجەك،
داپ بىلەن تەڭلا مۇقام ياڭرايدۇ كوكنى يارغىدەك.
ئەمدى باشلانسا «چېكىتمە» ھەممە ئۇسۇلغا چۈشەر،
شوھرىتى ئالەمگە پۇر رەققاسمۇ ھەيران قالغىدەك.
پارلىشىپ بىر- بىرسگە گەر جۇپلىشىپ سالسا "سەنەم"
كورۇنەر ماڭغان رىتى گوياكى ئۇچقان تۇرنىدەك.
گەرچە قىز ياكى يىگىت قوپسا ئۇسۇلغا بىر ئوزى،
دەس تۇرۇپ جۇپتى كېلەر، بولغاي ئۇسۇلدا قوشكېزەك.
"كۇي- ئۇسۇل ماكانى" دەپ چىقتى دولاننىڭ شوھرىتى،
تاپتى روناق سەنئىتى كومپارتىيە بولغاچ يولەك.
مول ھوسۇلنىڭ تويلىرى، غەلىبە- زەپەرنىڭ كۇيلىرى،
ياڭرىسا مەپتۇن قىلىپ، شات بەختىمىز بولغاي كورەك.
ماختىسا ماختاشقا لايىق بار ئىسىل زەپ خىسلىتى،
بىر كورۇپ كەت، دوستلۇرۇم، بولغاندا پۇرسەت كەلگىدەك.
قەھرىمان ئەجدادىمىز قالدۇردى بىزگە چوڭ مىراس،
مەڭگۇلۈك ۋارىس بولۇپ يۈكسەلدۇرۇش بىزنىڭ تىلەك.

## قالۇن

دەۋرىمىزدە چىقتى قالۇننىڭ ئەجەپمۇ شوھرىتى،
بولدى ئۇ سازلار ئىچىدە ئەڭ ئىسىلى — قىممىتى.
شۇنچە كوركەم، شۇنچە ياخشى، نەقەدەر مۇڭلۇق ئۇنى،
شۇڭا، بۇ قالۇن ھامان ئەلنىڭ يېقىملىق ئۇلىشى
قەھرىمان ئەجدادىمىزدىن قالدى قالۇن يادىكار،
ئوچمىگەي تارىخ بېتىدىن بۇ ئۇلۇغۋار مېھنىتى.
ئۇشبۇ قالۇن بولدى تەقدىرداش داۋام خەلقىم بىلەن،
ئەكس ئەتتى ئۇندا خەلقىمنىڭ خوشاللىق، ھەسرىتى.
ياغدۇرۇپ كەلگەچ ھامان زۇلمەتكە لەنەت ۋە غەزەپ،
بوغدى ئاۋازىنى ھەردەم جۇت- شىۋىرغان دەھشىتى.

پارتىيە نۇرى بىلەن كىردى سادىغا قايتىدىن،
كەتتى ياۋنىڭ "كونىلىق قالۇن" دىگەن ئۇ توھمىتى.
ئەمدى، قالۇن، كۆيلىرىڭنى تېخىمۇ ياڭرات بۇگۈن،
دەۋرىمىز بولغاچ كاپالەت كەلدى سايراش پۇرستى.

## باھار ئىشقى

ئەنەيتۇللا قۇربان

ماڭىمىز شوخ، ئەزىم دەريا بويىدا،
قىرغاقلار چىمەنلىك، ۋادىلار كوركەم.
كوڭۇلنى خۇش قىلىپ، ئويغاتتى شۇ چاغ
يۇرەكتە مۇھەببەت
نەۋ باھار — كوكلەم.

گۇلخۇمار يار شۇ چاغ دەيتتى شۇۋىرلاپ،
ئۇنچىلەر ئوينىغان قىرغاقا قاراپ:
"ئىخ، باھار—كوكلەمنىڭ ئىشقى ئوت بولۇپ،
كۇلدۇردى دىلىمنى، تېنىمگە تاراپ.

ئېلىپ چىق ئاپارات، ئالغىن رەسىمگە،
بىز ئۇچۇن مەڭگۇلۇك خاتىرە بولسۇن.
ئۇنچىدەك سۇزۇلۇپ تۇراي قىرغاقتا،
شاماللار چېچىمنى يەلپۇپ ئوينىسۇن."

"ئېيتقىنا ئەي قىزچاق،— دىدىم مەن كۇلۇپ،—
نە كېرەك ئاپارات، نە رەسىم شۇ تاپ؟!

پىكىرلەر سۇرەتتە قىلالمىدۇ جىلۋە،
تۇرسا بۇ دىيارىم ئېچىپ كەڭ قۇچاق.

بىلگىن سەن، ھەر مىنۇت تومۇرۇمدا قان،
يۇرەكنى ئۇندەيدۇ تارتىشقا سۇرەت.
يۇرەكتە تارتىلغان رەسىم ئالدىدا،
سەن دىگەن «خاتىرە» قۇرۇق بىر سولەت.

بەرمىگىن، ئەي قىزچاق، سەيلىگە كوڭۇل،
بۇ باھار چاغلىرى ئوتىدۇ بەك تېز.
كەشپىيات ياراتقىن، مەدەتكار بولاي،
گۇل چېكىپ تەر بىلەن قالدۇرايلى ئىز.

كورگەندە ھەر كىشى ئاشۇ ئىزلارنى،
سۇيۇنۇپ قەلبىدىن تىلغا ئالامدۇ.
ۋەتەننىڭ ئالقىشى باھار ئىشقىدەك،
ئوچمەس بىر خاتىرە بولۇپ قالامدۇ."

## ئىككى شېئىر

ماخمۇتجان ھېزىم

### ۋەتەن ئىشقى

تۇغۇلدۇم، ئەي ۋەتەن، سەندە جاھانغا كوز ئېچىپ مەنمۇ،
ئوتەي دەيمەن سەپەر بەيگىسىدە دۇلدۇل چېپىپ مەنمۇ.
مۇشەققەت كەچكىسىن دەسسەپ داۋان ئاشماققا بەل چەگدىم،
زورۇر بولسا سېنىڭ بەختىڭ ئۇچۇن قانلار كېچىپ مەنمۇ.

بالاڭمەن، بىر بوۋاقلىقتىن سېنىڭ ئەجرىڭدە چوڭ بولغان،
سۈزۈك ــ شەربەت سۈيۈڭ يۇتسام ھەسەل ـ كەۋسەر بىلىپ مەنمۇ.
نە ئارمان، بۇ ئۆمۈردىن چىن ئىجات يامغۇرىنى توكسەم،
بولۇپ شائىر تەپەككۇر قوينىغا دائىم پېتىپ مەنمۇ.
سېنىڭ ئىشقىڭدا مېھنەتنى ئۆزەمگە جور، قانات قىلدىم،
مۇشۇ چىن سۈيگۈنۈم بىلسەڭ، سېنى "باغ ـ باغ" ئېتىپ مەنمۇ.
سېنىڭچۇن كانلىرىڭ ئىچرە گويا بىر بۇرغا بولغۇم بار،
ۋە ياكى تاغدا مەرت چوپان، تۇمەن يىلقا بېقىپ مەنمۇ.
بولۇپ باغۋەن، توكۇپ پاك تەر، ياراتسام چوللىرىڭدە باغ،
تۇتاي خەلقىمگە شۇ باغدىن ئۈرۈك، ئالما قېقىپ مەنمۇ.
دالا گۈلخانلىرى يەڭلىغ يېنىپ ھەر قىشقا ئوت بولسام،
باھار كەلگەندە ھەم دىخان ئېتىزغا دان چېچىپ مەنمۇ.
مانا دەۋرىم مېنى چىللار، مەرىپەت بېغىغا كەل دەپ،
ئىلىم ئەھلى بىلەن دەريا كەبى ماڭدىم ئېقىپ مەنمۇ.
قۇچاقلايمەن سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ئارقامدا بوي تارتقان
تۇمەن پەرزەنتنى مەڭزىگە بۇ مەڭزىمنى يېقىپ مەنمۇ.
كېلەچەك مەنزىلىڭ روشەن كورۇنمەكتە بېھىش ئوخشاش،
ئاشۇ بەختىڭنى كۈيلەيمەن غەزەل ـ داستان يېزىپ مەنمۇ.

## ئانا

ئانامدىن ئەمگىنىم ئاق سۈت، ئانا چىن بەختى پەرزەنتىنىڭ،
پۈتۈلگەن جەۋھىرىدىن ئۇ جاھاندا بارچە لەززەتىنىڭ.
ئانامغا ئېتىقات قىلدىم، سۈيۈندۈم مېھرىدىن چەكسىز،
ماڭا نە ھاجىتى بولغاي ئۇنىڭدىن ئۆزگە جەننەتىنىڭ.
بىلىپتۇ بارچىدىن ئەلا بىراۋ سۈيگۈ ـ مۇھەببەتنى،
باھاردا سايرىسا كاككۇك كويۇپ ئىشقىدا زەينەپنىڭ.
بىراق، ئۇيلان قەدىمدىن شۇ ئىشق كىمدىن مىراس بىزگە،
زورۇرى نە بۇ شەرھىگە يەنە ئارتۇقچە سوھبەتنىڭ.
زامانلار تارىخىن كوردۇم جاپاكەش زارىغا تولغان،
تۇرار ھەم ئۇندا داستانى ئانا چەككەن مۇشەققەتنىڭ.
ئانا تۇققان، كويۇپ پىشقان، ئانا ئەللەيلىگەن بىزنى،
ئانا، دەپ دىلدا دولقۇنلار، شۇڭا دەرياسى ھۆرمەتنىڭ.
بوسۇغاڭ پۇتسە مەرمەردىن، ئاناڭ قۇتلۇقلىغاي ئاۋال،
ئاناڭ خوپ كورمىگەن ئالتۇن ساڭا دەل ئۆزى مەينەتنىڭ.
ئاناڭ مەككە ـ مەدىنەڭدۇر، تاۋاپ قىل سەن ئۇنى ھەر تاڭ،

www.uyghurkitap.com

ئاڭا يەتكەيمۇ دۇنيادا ھوزۇرى بارچە مېھنەتنىڭ؟!
سالام بەرسەڭ، ئېلىك ئالسا، بېشىڭ ئاسمانغا يەتمەمدۇ،
ئەمەسمۇ بەلگە — ئۇنۋانى شۇ ئۇزى مەڭگۇ شوھرەتنىڭ.
ئاناڭنىڭ كەشىسى دوستلار سارايىڭ توردە تۇرغاي،
ئاشار داڭقى پەقەت شۇندا ئۇيۇڭدە زىلچە — زىننەتنىڭ.
ئاناڭ قەددى ئېگىلسە گەر كومۇچتىن ھاسا تۇتقۇزغىن،
ئۇ پەرزەنت بۇرچىدىن بولغاي گۇۋاھى زەررە رەھمەتنىڭ!
ئانا، دەپ ناخشا ياڭراتسام، جاھاندا بارچە جور بولغاي،
ئانام ئىلھامىنى بەردى ماڭا بۇ زىكرى — ھىكمەتنىڭ.
ئىنەپۇقىل، ئانىجان، ئاسان ئەمەس قەدرىڭگە يەتمەكلىك،
بۇ دۇنيادا ئۇزەڭ بەرگەن جىمىكى بەختۇ — پۇرسەتنىڭ.

# نىلقا

غەنىزات غەيۇرانى

يېتىپتۇ پاختىدەك ئاپپاق، ئېگىز چوققاڭدا قار، نىلقا،
ئېتەك ـ باغرىڭكى تەڭداشسىز گۇزەل باغ، لالىزار نىلقا.
زىمىن ئۇستىدە بارگۇلنىڭ ئېكەن سەر خىللىرى سەندە،
شۇ گۇلدىن بىر قىساي، مەنمۇ ئەزەلدىن گۇل خۇمار، نىلقا.
كۇمۇش سۇ ئۇرۇلۇپ تاشقا ئاقار دەريايۇ ـ جىلغاڭدىن،
چېچىپ ئەتراپقا مەرۋايىت كوزۇمنى چاقنىتار، نىلقا.
بۇلۇتقا باش تىرەپ تۇرغان يېشىل قارىغايۇ ـ شەمشاتلار،
گويا قول بىرلە تىككەندەك تۇرار رەتلىك ـ قاتار، نىلقا.
تېخىڭ شۇنچە، بېغىڭغا كىم تاپالايدۇ مۇناسىپ سوز،
تەبىەت ساڭلا شۇنداق سېخىمۇ، ئالمىزار نىلقا؟
سېنىڭ رەڭدار جامالىڭنى ئەگەر زۇمرەتكە ئوخشاتسام،
كىشىلەر كالتە پەممىگە كۇلۇپ ھەيران قالار، نىلقا.
بىلەر بولساڭ سەۋەبىنى، گۇزەللىك شاھى چولپانمۇ
چىقىپ ھەرتاڭدا تويماستىن جامالىڭغا باقار، نىلقا.
يېشىل مەخمەل دىنگۇم باردۇر، لېكىن سۇنئى بوياق ئۇھەم
جىمى مەخمەل چىرايىڭدىن يېڭى نۇسخە ئالار، نىلقا.
جامالىڭ شۇنچە ئۇز، بۇندا نە خىسلەت باردىسەم ئاخىر،
ساڭا راستىنلا چىن ئاشىق بولۇپ قاپتۇ باھار، نىلقا.

كىشى سەزمەيدۇ چەكسىز بەخت نېسىپ بولسا ياشاش سەندە،
سېزەر قوينۇڭدا ھەتتا تاش ئۇزىنى بەختىيار، نىلقا.

×

زۇلۇم بوقىقاندا ھەر ياقتىن كېسىپ يولىنى تۇرمۇشىنىڭ،
يوشۇردۇڭ نەچچە باتۇرنى بولۇپ سەن ئاڭا يار، نىلقا.
زۇلۇم تەختىگە ئوت ياقتى شۇ باتۇرلار تۇرۇپ سەندە،
شۇڭا يۇز مەرتە ھەقلىقسەن قىلىشقا ئىپتىخار، نىلقا.
تۇغۇلدى سەندە لۇتپۇللا — تالانتلىق ئوت يۇرەك شائىر،
شۇ ئوغلاننى يېتىشتۇرگەن سېخى سەن، مەرت دىيار نىلقا.
مۇتەللىپ ئوينىغان قىرغاق ماڭا زەپ خۇش چىراي ئاچتى،
شۇ تاپ قەلبىمدە بىر دەريا ئاڭا ھورمەت ئاقار، نىلقا.
بۇ ھورمەتكى، ھاياتلىقتەك مىراس ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا،
شۇ ئەۋلات قەلبىدە لۇتۇن جىھىندەك ساقلىنار، نىلقا.
ئۇ ئېيتقان ناخشا تۇنلەرنى يېرىپ، ھورتاڭغا يول ئاچتى،
شۇڭا ئۇ ناخشا ھەر دائىم مۇقامدەك ئاڭلىنار، نىلقا.
ئۇ ناخشا خۇددى پېچلاردەك يانار كۇچلۇك ھارارەتتە،
چويۇنلەر چۇشىبە ئۇ پېچقا پولاتتەك تاۋلىنار، نىلقا.
پورۇقلاپ قايندۇق بىزمۇ شۇ ناخشا يالقۇنى ئىچرە،
يېتىشتۇق ئاشۇ ئۇستازغا بولۇپ بىز ئىزباسار، نىلقا.
دېمەك، قوينۇڭدا لۇتپۇللا غەزەل تۇلپارىنى مىنگەن،
شۇ تۇلپار نەسلى دەۋرىڭدە قاناتلاندى، ئۇچار، نىلقا.

×

بېيىپتۇ قايتىدىن خەلقىڭ (قازانمۇ ماي، چومۇچمۇ ماي)،
بۇ كۇنگە قانچىلىك تەشنا ئىدىڭ سەن ئىنتىزار، نىلقا.
چوپان ھەيدەيدۇ مىڭلاپ قوي، سىيىر سانىنى كىم بىلسۇن،
بۇلۇتتەك يىلقىلار توپ - توپ، قۇلانلار قېيىغىتار، نىلقا.
ئىچىپ بارغانلا ئاۋۇلدىن قىمىز، سۇت ھەمدە قايماق چاي،
بولۇپ مىڭ رازى قايتتىم، خوش، كورۇشكۇنچە دىدار، نىلقا.

# ئاررزۇ

## مەتتوختىي ئەخمەت

پەنجىرەڭدىن چاقنايتتى چىراق،
سەيلىگاھقا چىقسام ھەر كېچە.

زېھنىن قويۇپ كورەتتىڭ كىتاپ،
چارچىماستىن ئۇگىنىپ شۇنچە.

ئېتىزلىقتا كورەتتىم سەھەر،
يەنە سېنى خوشال كەيپىڭدە.
ئويلايتتىمكى: "مۇنچە جاسارەت
نەدىن پەيدا بولدى سېنىڭدە؟"

بىلدىم ئاخىر: بولدۇڭ ئاگرانوم،
ئوزەڭ ئىشلەپ، پۇختا ئۇگىنىپ.
هوددە يەردە قىلىپ تەجرىبە،
هوسۇل ئالدىڭ سورت يېتىلدۇرۇپ.

كېڭەيتىلدى سورتلۇق ئۇرۇقلار،
يىلتىز تارتىپ يېزىدا چوڭقۇر.

سېلىشتۇرساق مەھسۇلاتنى بىز،
بۇ يىلقىدەك ئاشمىغان بۇلتۇر.

سەن ياراتقان تەجرىبە - توهپە
يېزىمىزدا يايدى كەڭ قانات.
قايىل بولدۇق پاراستىڭگە،
كەشپىياتىڭ كەتتى بەك ياراپ.

تاپار ئىكەن ئۇتتۇق، بىرلەشسە
ئىش - ئەمگەككە كىتاۋى بىلىم.
ئوسسە كوپلەپ دىخان زىيالى،
گۇللەپ ياشنار تېخىمۇ ئېلىم.

## ناخشىچى قىزغا

تۇرسۇن ھىكىم

ناخشاڭنىڭ ئەۋجى
مەپتۇن ئەيلىدى.
يۇرەكنى شۇدەم
يالقۇن ئەيلىدى.

هەر ئېيتقان ناخشاڭ
بېرىدۇ لەززەت.
گويا يۇرەككە
قۇيۇلار شەرۋەت.

سېنى دەۋرىمىنىڭ
بۇلبۇلى، دىدىم.
باهاردا كۇلگەن
تاڭ گۇلى، دىدىم.

ناخشاڭدا ئايان
ۋەتەنگە هورمەت.
ئاقار تارىمدەك
سۇيگۇ - مۇهەببەت.

ناخشاڭدا ئايان
مۇقەددەس تاغلار.
چەكسىز ئېكىنزار،
سۇيۇملۇك باغلار.

ناخشاڭدا ئايان
دولقۇنلۇق ئېقىن.
ئانا قەلبىدەك
دىللارغا يېقىن.

ناخشاڭدا ئايان
ۋەتەن كەلگۇسى.
بەختىيار ئەلنىڭ
ياڭراق كۇلكىسى.

شۇڭا ناخشاڭغا
جور بولغۇم كېلەر.
هوسنىڭنى سۇيگەن
نۇر بولغۇم كېلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# رۇبائىيلار

## ئابدۇۋەلى ئەلى

پالۋانغا پاراسەت گويا ئوق - ياراق،
قەھرىدىن دۈشمەنگە ئاتىدۇ ساداق.
جاسارەت - ئىرادە ئۇنىڭ يېلتىزى،
ئەل - يۇرتى — كۈچ - قۇدرەت، مەنىۋى
تۇپراق.

×

چىن ئىنسان ياخشىلىقتىن نام كۈزلىمەس،
ئەلگە قىلغان خىزمىتىدىن ھەق ئىزلىمەس.
ئەل ئۈچۈن ئوتتا كۆيسە خۇشلۇقى شۇ،
ئۇلىسمۇ پەريات ئۇرۇپ پۇشمان يېمەس.

×

دوستلۇقنىڭ قىممىتى ھالال لەۋزىدە،
مىزانى چىن ئىنسان سادىق قەلبىدە.
چىن دوستلۇق شەھدى بولساڭ مەيلىڭغۇ،
ئۆمرۈڭدە بىر كەلگەن سىناق پەيتىدە.

×

بايلىق، ئىززەت، ئابروي تاپساڭ كەتمە
تاراقلاپ،
ئېغىر كۈندە كۆلپەت چەكسەڭ قالما شا-
لاقلاپ.
ياكى سەنمۇ ئوتتۇنمىدىڭ ھول چاغدا
كۆيمەي،
قۇرغاندا راس كۆيگىلى ھەيۋەت چا-
راسلاپ.

# تۇرۇپ...

## ئەيسا سايىم

گۈل ئېچىلماس باغدا ئەسلا قىش - جۇدۇن كەتمەي تۇرۇپ،
سايرىماس بۇلبۇلمۇ گۈلنىڭ ۋەسلىگە يەتمەي تۇرۇپ.
يازمىغاي شائىر - ئەدىپلەر زورلىقىپ بىر جۈملىمۇ،
قەلبىگە تاشقىن دېڭىزدەك كۈچ - مەدەت كەلمەي تۇرۇپ.
تاش بىلەن گوھەرنى ئايرىپ ئالمىغىڭ ئاسان ئەمەس،
پەن ئىگەللەپ تىلسىماتنىڭ سىرىنى يەشمەي تۇرۇپ.
بىر ئۆمۈر مەشۇقنى ئىزلەپ يۈرسە كىم پەرھات كەبى،
تاپمىغاي شىرىننى ھەرگىز تاغ - داۋان كەسمەي تۇرۇپ.
ئۆزلىگىدىن كەلمىگەي راھەت - پاراغەت ھېچقاچان،
قانچە كۆپ مۇشكۈل - جاپانى جان تىكىپ يەڭمەي تۇرۇپ.



# ئىككى شېئىر

تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن

## ئارزۇ

ئەسقەر خوشال كورسەتتى
كىتاۋىنى ئىنىلىغا.
ئىنى كوردى ۋاراقلاپ،
ئارزۇ يىپىنىپ دىلىدا.
ئويگە يۈگۈرۈپ كەلدى ئۇ،
ۋۇجۇدىدا ھاياجان.
دادىسىغا ئوينى
قىلدى دەرھال ئۇ بايان:
"دادا، كىتاپخانىغا
چىقىپتۇغۇ «ئىلىپبە».
مەنمۇ ئوقۇپ ئۈگىنەي،
ماڭا بىرنى ئىلىپ بەر!..."
ئىلىپ بەردى دادىسى،
قېرىنداش ۋە دەپتەرمۇ.

دىلىغا سىغماي شاتلىغى،
ئۇخلالمىدى بۇگۈن ئۇ.
كىتاۋىغا تويماستىن،
قاراپ كەتتى ئۇ ھەدەپ.
ئوز - ئوزىگە سوزلەيتتى،
ئوقۇغاندەك گويا خەت.
ئارزۇسىنى چۈشىنىپ،
ماقتار ئاتا ئوغلىنى.
ھېرى بىلەن كورسەتتى
كىتاپ ئوقۇش يولىنى.
ئۈگىنىشنى باشلىدى
ئىنى دەسلەپ "ئا"، "ب" دىن.
بىلىم ئىلىش ئارزۇسى
ئورۇن ئالدى قەلبىدىن.

## سوھبەت

ياز كىچىسى، گۈل ھىدى
پۇرار، ئىدى گۈپۈلدەپ.

دادىسىغا بالىسى
سوئال بەردى مۇنداق دەپ:

"قارا، دادا، يۇلتۇزلار
نىمە دىگەن كوپ — تولا.
كورۇنمەيدۇ كۈندۈزى،
نەگە كېتەر ھە ئۇلار؟
يەرگە باقسام ئادەم كوپ،
تۇرىدىغان ئويى بار.
لېكىن ئۇلار ئالدىراش،
دىلدا قانداق ئويى بار؟"
زوقى كېلىپ شاتلىنىپ،
سوئاللىغا ئوغلىنىڭ،

جاۋاپ بەردى دادىسى
تۇتۇپ ئۇنىڭ قولىدىن:
"ئوغلۇم، توغرا ئېيتقىنىڭ،
يۇلتۇز تولا ئاسماندا.
بىراق ئۇلار تۈن ۋە كۈن
نۇر توكىدۇ جاھانغا.
يەردە تولا ئادەممۇ،
ئىشى پۈتمەس ئېيتقانغا.
مەدىنىيەت، مەرىپەت
يارىتىدۇ ئىنسانغا!

# مىجىت بىلەن ئويۇنچۇق

پولات ھېۋىزوللا (ئوقۇغۇچى)

"مىنى تولا ئويۇنغا
تۇتمىساڭ سەن ئويۇنچۇق.
تاپشۇرۇقنى ئىشلەيتتىم
توغرا، رەتلىك ھەم ئوچۇق.

ئاخشام ئويناپ سەن بىلەن
ئىشلىمىدىم تاپشۇرۇق.
مۇئەللىمنىڭ قېشىغا
ئەمدى قانداق بارغۇلۇق؟"

ئويۇنچۇقمۇ بوش كەلمەي
دىدى: "ماڭا قىلما دوق.
ھەممە گۇنا ئوزەڭدە،
مەندە قىلچە گۇنا يوق."

# ئەككى شېئىر

ئەخمەتجان ئوسمان

## تاتۇق

"ئاكا، ئاكا، ھەيرانمەن
چېكەڭدىكى تاتۇققا.
ئېغىر زەخمەت يەتكىلى
تاسلا قاپتۇ قارچۇققا.

يۈزۈڭ نىمە سەۋەپتىن
تاتۇق بولغان ئاشۇنداق؟
بولغانمىدى بىرەر ئىش،
كەسكەنمىدى يا پىچاق؟"

"ئۇكام، بۇنىڭ سەۋەبىن
سوراپ قالدىڭ سەن ئەجەپ.
كىچىكىمدە كەپسىزتىم،
ئاڭلىمايتتىم زادى گەپ.

يول ئۇستىدە بىر كۈنى
ماشىنىغا ئېسىلدىم.
قولۇم ئاجراپ ئۇنىڭدىن،
يول چېتىگە يىقىلدىم.

زەخىملەندىم بىر تاشقا
بېشىم قاتتىق تەككەچكە.
تاتۇق بولۇپ ساقايدى،
ئەتە يىپلىق تىككەچكە...

جېنىم ئۇكام، ئاكاڭنىڭ
بۇ ئىشىدىن ئال ساۋاق.
كىلەر شۇنداق ئاقىۋەت،
كەپسىزلىكتىن قاچ يىراق!"

## بۇزۇق سائەت ئوڭشالدى

ئۇستەل سائەت يېقىندا
قالغان ئىدى بۇزۇلۇپ.
نىمىشقىدۇر پۈرژۈنى
كەتكەن ئىكەن ئۈزۈلۈپ.

بۈگۈن ئاشۇ سائەتنى
كۆرۈشتىم مەن ياساشقا.
مۇراجەت قىپ بۇ ھەقتە —
يېزىلغان بىر كىتاپقا.

قىيىنچىلىق دۇچ كەلسە،
ئويلاندىم باش قاتۇرۇپ.
بولغان ئۇچۇن تۈنجى رەت،
كەتتى ئۇ بەك قول تۇتۇپ.

زېھىن قويۇپ ياسىغاچ،
بۇزۇق سائەت ئوڭشالدى.
چىكىلدىغان ئاۋازى
يۈرىكىمگە ئوت سالدى.

دادام كورۇپ سائەتنى،
سۆيۈپ قويدى چېكەمگە.
بۇ مەشقتىن بىر بىلىم —
كىردى مېنىڭ مېڭەمگە.

## مۇزىكانتلار

مۇتەللىپ جۇماخۇن

ئەتىيازدا سۆگەتتىن
"پى - پى" چىقىرىپ چالدۇق.
ئۆزىمىزچە ئېخى بىر،
"مۇزىكانت" دەپ نام ئالدۇق.
بىرىمىزنىڭ ئۈنى بوم،
بىرىمىزنىڭ يەكمۇ زىل.
ئوركېستىردەك بەزىدە
ئاۋاز چىقار خىلمۇ - خىل.
تۈگىگەندە بىر "پەدە"،
ھەممە سازنى توختىتار.
شۇئان بىرى ئۆزىنى،
ھۇسەنجانغا ئوخشىتار.
بولار بىرى ئارىدىن
داڭلىق زىكرى ئەلپاتتا.
ئۇچىنچىسى چىقىدۇ،
مۇساجاندەك بوپ كاتتا.
ئابدۇگۇلدەك سونەيچى
كۆلسە تۇرۇپ ئورنىدا،

ئېسكەندەرمۇ سۆز قاتار،
..."گارمون" ئاسقان بويىنغا.
بوش كەلمەيمەن مەنمۇ ھەم،
نامەم بولار ، داۋۇتجان...
تالڭ قالدۇرۇپ ھەممىنى،

ناخشام كوكتە ياڭرىغان،
خوشاللىنىپ شۇندا بىز،
ئۆزىمىزنى چوڭ بىلىپ،
"ساز" باشلايمىز ئېيتىشىپ،
ئېيتىشارلىق ھىس قىلىپ.

## ئېيتىمىزدىم

ئابلىكىم روزى

لالە - رەيھان پۇرايسەن،
يېشىل تۇپراق - ئېيتىمىزدىم.
يۈرۈگۈمدىن مەن ساڭا
شۇنچە ئامراق ئېيتىمىزدىم.

قۇچىقىڭدا ئۇخشىدى
كېۋەز، بۇغداي ... ئېيتىمىزدىم.

شۇڭا سېنىڭ چۆرەڭدە
سايرار تورغاي، ئېيتىمىزدىم.

پاخلان بولدى قىرىڭدا
زاراڭزىلار، ئېيتىمىزدىم.
سېنى گۈلگە ئۇرايمىز
بالاڭزىلار، ئېيتىمىزدىم.

## گۈل تېرىدۇق

روزي توختى داۋۇت

مەكتەپ ئىچى سەيناغا
گۈل تېرىدۇق چونەكلەپ.
ئەتراپىنى قاشالاپ،
سۇنى قۇيدۇق چىلەكلەپ.

بولسا مەكتەپ گۈلستان،
ئېچىلسا گۈل پورەكلەپ،
ئۇستازلارغا تۇتىمىز
ئۈزۈۋېلىپ ئىتەكلەپ.



# «ئالاھىدە ئەترەت» نىڭ تارمار قىلىنىشى

(ھېكايە)

مەتتۇرسۇن سۇلايمان

كەنت ياقىسىدىكى كونا دەريا قاسىنىغى جىمجىتلىقتا چۆككەن بولۇپ، پاتمىغۇچۇق، سالمىلارنىڭ شىلدىرلىشىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋۇش ئاڭلانمايتتى. بىر توپ «جەڭچىلەر» بۇ يەردە چوغدەك قىزىپ كەتكەن شور تۇپراقنى قۇچاقلاپ، جىمجىت يېتىشاتتى. ئۇلار دىققەت-ئېتىۋارىنى ئاۋۇ يانتاق تۈۋىدە تۇرغان 13 ياشلار چامىسىدىكى باشلىغىنىڭ چوپ-چوڭ كۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن ئىدى. چۈنكى باشلىغىنىڭ كۆزى بىر نۇقتىدا توختاپ قالماي قىمىرلىغان ھامان ئاتاكىغا ئۆتكىلى بولاتتى، لېكىن بايىقى نەتىجىسىز ھەركەتتىن ھودۇقۇپ توختاپ قالدىمۇ، ھەر ھالدا باشلىغىنىڭ كۆزىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلىنمەيتتى. تاقەتسىزلىكتىن ئىچى تىت-تىت بولۇپ كەتكەن 12 ياشلىق غېنى ئۈرۈشقا زورلاش مەنىسىدە ئۇنى ئاستا چاقىردى:

— كوماندىر!

لېكىن كوماندىردىن زۇۋان چىقمىدى.

— راخمان كوماندىر!

— تېنچ! — دىدى راخمان كوماندىر ئۇنىڭغا چەكچىيىپ ۋە نەقىشلىك ساۋۇتىنى كۆتىرىپ قويۇپ، قارشى تەرەپ ئىستىھكامىنى كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن ئۇ تەرەپتىن راخمانلار پايدىلانغۇدەك بىرەر يوچۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈن، قەغەز بىلەن قاتۇرۇپ ياساپ، سېغىزلىق يار ئۈستىگە قوندۇرۇپ قويغان ئىككى «ئايرۇپىلان» نىڭ ئاققۇش گەۋدىسى بىلەن ئىككى غالتەكلىك يەشىك ئۈستىدىكى «زەمبىرەك» ستۋولى كۈمۈشتەك پاقىراپ تۇراتتى.

«ئالاھىدە ئەترەت، — دىدى راخمان ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئالدىنقى قېتىم

بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدى. بىر
باستۇرۇپ بارغاندىن كېيىنلا، چۇقان كۆتىرىپ
كېلىشتى، ھەر ئىككى تەرەپ چېكىنگەندىن
تارتىپ، تا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ھېچبىر
شەپىسى يوق، بىرنىڭ ھەيۋىمىزدىن ناسىر-
نىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ ئۆتتۇر
كەلگەن كاتەككە باشلىرىنى تىقىپ يېتىشقان-
مىدۇ-يا؟ ياكى بۇ قېتىممۇ بىر ئاۋال...؟"
ئۇنىڭ كۆكسى بىر ئاز كۆتىرىلىپ، چىرايىدا
"دۈشمىنى"نى مەنسىتمەسلىك ئالامىتى ئەكس
ئەتتى، ئۇنىڭغا ئۆزى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان
قومۇشلۇقتىن ئىگىز تۇرغان سېغىزلىق يار
بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆ-
رۈندى.

"ئالاھىدە ئەترەت" ئىگەللەپ تۇرغان
سېغىزلىق ياردا شامال، بورانلارنىڭ تەسى-
رىدىن ھاسىل بولغان نۇرغۇن ئويمان-چوڭ-
قۇر يوللار بولۇپ، تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرى-
غاندا، بۇ شارائىتتىن پايدىلىنىپ، قارشى
تەرەپنىڭ ھۇجۇمىنى ئۈنۈملۈك توردە توس-
قىلى بولاتتى. ناسىر "پولكوۋنىك"مۇ ئاخماق
ئەمەس، قارشى تەرەپكە قانداق تاقابىل
تۇرۇشنى بىلىدۇ. بابا راخمان بىلەن تايانچ
بازا تەقسىم قىلىشقاندا! مۇشۇ جاينى ئالدىدا
تاللاپ ئالدى. ئاندىن سېغىزلىق يارنىڭ
تۆۋەن تەرىپىدىكى تاشلىنىپ قالغان كونا
خۇمدانىنى "ئاقا سەپ ئاسىرى قىلىمىز"
دېگەن بانا بىلەن ئۆز دائىرىسىگە قوشۇ-
ۋالدى. راخمان بولسا ئۇنى دوراپ، شورلۇق
دوڭنىڭ باش تەرىپىدىكى پادىچى ساتمىسىغا
كۆز سېلىپ قويىدى-يۇ، ئىككى كۆزەتچى
ئەۋەتىش بىلەن كۇپايىلەندى. بىردىنلا ئۇ-
نىڭغا بۇرۇن ئۆزلىرىنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ
قىلغان ناسىرنىڭ ئالاھىدە ئەترىتى گويا
توشقان بالىلىرىچىلىكمۇ بىلىنمىدى. ۋۇجۇدىغا
تاسادىپى تارالغان بىر كۈچ ئۇنىڭ مىگە-

www.uyghurkitap.com

سىنى بىردەمدىلا چاقماقتەك ھۇجۇم قىلىپ،
تېز غەلىبە قىلىش شاتلىقى بىلەن تولدۇر-
دى-دە، ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرى ئوينىپ،
قولىنى يېنىغا ئېسىۋالغان قىلىچىنىڭ سېپىغا
ئۇزاتتى. شۇ ھامان ئۇ تەرەپتىكى پاكار
قومۇشلۇقتا ياتقان غېنى "شارت"لا قىلىپ
ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ كەينىدىن باشقا
مۇكۇنۇپ ياتقانلارمۇ قورال-ياراقلىرىنى
تاراقشىتىپ قوپۇشقا تۇتۇندى. ئۆزىنىڭ كەم
ئەقىللىق بىلەن يەنە بىر قېتىم سەۋەنلىك
ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سەزگەن
راخمان ئىتتىك بۇرۇلۇپ، غەزەپلىك تۈسكە
كىرگەن كۆزلىرىنى "ھۇررا" توۋلاشقا تەييار
تۇرغان غېنىغا قادىدى، ئۇنىڭ كۆزىدىكى،
بىلىپ بولمايدىغان غەيرى ئوتتۇرىدىن چو-
چىگەن غېنىنىڭ تېنى "لاسىدە" بوشاپ،
بىر خىل چۈشەنمەسلىك ئەلپازى بىلەن:
— ھۇجۇم قىلمامدۇق، كوماندىر؟ — دەپ
سورىدى.

— ھۇجۇمغا ئوت دەپ كىم ساڭا بۇيرۇق
قىلدى؟! — دېدى راخمان كوماندىر يانتاق
تۈۋىدىن بىر قەدەم يېقىنلاپ كېلىپ، — سوقۇشقا
كىرىش ئالدىدا دۇمباق چېلىنىدىغانلىقىنى ئۇق-
مامسەن! غېنى ئەتراپىدىكىلەرگە قول ئىشارىتى
قىلىپ قايتا موكۇشقا بۇيرۇق بەردى.
— ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويدۇڭ، بى-
غەرەز، — دېدى راخمان كەسكىن تەلەپپۇزدا، —
ئىنتىزامسىز بويىچە ساڭا ئۇرۇشتىن چىقىرىش
جازاسى بېرىلىدۇ، دەرھال سەپتىن چېكىن!
ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىن مەھرۇم قىلىنغان،
غېنىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. بۇ يەردىكى
"جەڭ" دېن مۇ كوڭۈللۈكرەك يەنە قانداق
ئويۇن بار؟ ئۇ مۇشۇ قېتىملىق ئېلىشىشتا جارى
قىلدۇرىدىغان رولىنى بىر قانچە كېچە كىر-
پىك قاقماي پىلانلاپ چىققان ئەمەسمۇ،
بۇنداق پۇرسەت يەنە قاچان يېتىپ كېلىدۇ؟

يازلىق تەتلدە راخمان ئەترىدى بىلەن ناسىر-
نىڭ "ئالاھىدە ئەترىدى" ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ
بېرىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك "جەڭ" ئالدىقا-
چان ئاياقلاشقان، بۇ قېتىمقىسى ئۇلارنىڭ
ئۆز ئارا پۇتۇشۇپ كېلىشكەن خالىس "جېڭى"،
ئۇلار تېخى تونۇگۇنلا دۈينىڭ شال مايسى-
لىرىنى ئۇتاپ بېرىشتى، ئەتە دەپتەر-قە-
لەملىرىنى تولۇقلىسا، ئوگۇنلۇككە مەكتەپكە
بارىدىغان گەپ. ئۇ بۇنداق پەيتنى قولدىن
بېرىپ قويۇشقا قانداقمۇ چىدىسۇن!؟ ئۇنىڭ
ئۇستىگە، راخمان ئۆزىنىڭ قاش-كىرپىگىنىڭ
قىمىرلىشى بىلەن تەڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ
ھەركەتلىنىشىنى تەلەپ قىلاتتى، ئادەتتىكى
چاغلاردىمۇ راخماننىڭ قولى قىلىچ سىپىغا
بارسىلا جەڭ دۇمبىغى چېلىناتتى، بۇ قېتىم
ئۇنداق قىلىنمىدى، بىراق كۆزى قىمىرلاپ،
قولى قىلىچىغا باردى، بۇ جەڭگە چىق دى-
گەنلىك ئەمەسمۇ؟ غېنى شۇ مۇلاھىزىلەر-
دىن كېيىن ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، سەل
نېرىراقتا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرغان
راخمانغا دىدى:

— كوماندىر، تۇرقىڭدىكى بۇيرۇق مە-
نىسىگە ماسلاشقانلىغىم ئۇچۇن مېنى ھەي-
دىۋېتەمسەن؟

— نىمە دىدىڭ؟! — راخماننىڭ كۆز-
لىرى تېخىمۇ چەكچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ كى-
چىككىنە سەبى قەلبىدە بىر خىل ھاياتىي كۈچ
تاشقىنلاپ تۇراتتى، ئۇ، بىرەر ئىشقا كىرىش-
تىمۇ، شۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقماي قوي-
مايتتى، "ئۇرۇش" شارائىتى ئاستىدا مۇز-
دەك سوغاق تەلەتى ۋە ھەركەتتىكى ئال-
دىراقسانلىغى بىلەن تونۇلغان ئىدى. بولۇپ-
مۇ ئىككى تەرەپ توقونۇشقانىدا ئاۋال مۇش
ئېتىشنى ھەممىدىن ئەۋزەل كورەتتى، لېكىن
بۇنىڭ زىيىنىنى ئاز تارتمىدى، بۇگۇنمۇ
بىرىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتا قارشى تەرەپ-
نىڭ ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلىۋېلىشىدىن
قىزغىنىپ، ئۆز كۈچىنى مۇۋاپىق تەڭشىمەيلا
ھۇجۇمغا ئوتۇش بۇيرۇغىنى بەرگەن ئىدى،
ئۇنىڭ قوشۇنلىرى كەلكۇندەك يېيىلىپ، سې-
غىزلىق يارنىڭ يېنىغا كەلگەندە "ئالاھىدە
ئەترەت" تىكىلەر بازىسىدىن چىقىپ قارشى
تۇردى. قىلىچ، مىلتىقلارنىڭ تاراققۇ-تۇ-
رۇققۇ ئاۋازى تازا ئەۋجىگە چىقىپ، شارا-
ئىت راخمان ئەترىدىگە پايدىلىق بولۇۋاتقاندا،
تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن ناسىر يوشۇرۇپ
قويغان زاپاس كۈچلەر باستۇرۇپ كېلىپ،
كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرقنى ئۆزگەر-
تىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن راخماننىڭ چاقماق-
تەك ھۇجۇم قىلىپ، تېز غەلىبە قىلىش
چالمىسى سۇغا چۇشۇپ، ئەسكەرلىرىنى چې-
كىندۇرمەكتىن باشقا ئامالى قالمىغان ئىدى.

راخمان ئاشۇ ئېچىنىشلىق "مەغلۇبى-
يەت" نى ئەسلەپ ئۆزىنى سەل بېسىۋال-
دى-دە، تېخىچىلا ئورە تۇرۇپ جاۋاپ كۇ-
تۇۋاتقان غېنىغا قارىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ
قاپ-قارا كۆزى گويا: "ئالدىراقسانلىقا
ئۆزەڭ ئۆگەتتىڭ، بىر دىگىنىڭچە قىلدۇق،
بولمىسا تاقەت قىلىپ، پەيت كۇتۇشنى
بىلمەيتتۇقمۇ؟" دىگەندەك تىكىلىپ تۇراتتى.
ئۇ، غېنىغا يېقىنراق كېلىپ ئاستا دىدى:

— بۇ قېتىم كەچۇردۇم، لېكىن بۇندىن
كېيىن تەكىرارەك بولغىن-ھە!

— دىگىنىڭدەك بولۇشقا ۋەدە بېرى-
مەن!—دەپ خوشاللىق بىلەن جاۋاپ بەر-
دى غېنى.

—بۇ يەرگە ناھايىتى تەس ئومىلەپ
كەلگەنلىگىمىز ئېسىڭدە،—دىدى راخمان ئەم-
دى سەممى تەلەپپۇزدا،— "ئالاھىدە ئەت-
رەت" نىڭ دىققىتى بۇ يەردە ئەمەس، ئۇلار
شورلۇق دوڭگە كېلىپ، شوبە ئەترىتىمىز
بىلەن تۇتۇشقانىدا، بىز بۇ يەردىن چىقىپ

www.uyghurkitap.com



قاپىساپ ئالماقچىدۇق، بىراق مەن خۇدۇمنى يېقىتىپ قويۇپتىمەن، سەنمۇ ئۆزەڭنى بېسىۋالمىدىڭ، ئەددى شورلۇق دوڭگە چىقىپ كېتەيلى.

غېنى ئاستا باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى تەستىقلىدى. راخمان يېڭىدىكەنلەرنى قايتىشقا بۇيرۇدى، يوشۇرۇنۇپ ياتقانلارنىڭ ھەممىسى پەشلىرىنى قېقىشىپ، قايتماقچى بولۇشۇۋاتقاندا ساتمىغا ئەۋەتكەن ئىككى كۆزەتچى كوزى تېڭمىغان بىر ئەسىرنى يالاپ كەلدى. "ئالاھىدە ئەترەت" پادىچى ساتىمىزغا كوز سېلىۋاتەدۇ - نىمە، - دىگەننى خىيالىدىن ئوتكۈزدى راخمان قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھالدا، - بۇ مەن ئوتكۈزگەن يەنە بىر خاتالىق". ئۇ، تۇساتتىن ئۆزىدە پەيدا بولغان ئېسەنكرەشنى كۈچ بىلەن بېسىپ، كۆزەتچىلەرگە كوز تاشلىدى.

— دوكلات، كوماندىر، — دەپ سوزلەشكە باشلىدى "قولاق كەستى" دەپ ئاتىلىدىغان كۆزەتچى، — پادىچى ساتىمىزنى مارىلاۋاتقان مۇنۇ سولتەكنى تۇتۇپ كەلدۇق.

— پايلاقچىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى راخمان كوماندىر ئەسىرنىڭ ۋىجىككىنە تۇرقىغا قاراپ.

— ياق، ياق، پايلاقچىلىق قىل دىسە ماقول دىگۈلۈكمۇ؟ — دىدى ئەسىر پەرۋاسىزلىق بىلەن كوزىدىكى تېڭىقنى يېشىشكە ئۇرۇنۇپ، — كۈچۈك تالاشتۇرۇپ ئوينىغىلى كېلىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا قاچقۇنمۇسەن؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، قېچىپ نەگە باراتتىم.

— پايلاقچىلىق قىلمىساڭ، يا قاچمىساڭ بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىپ يۇرىسەن؟

— ئېزىپ قاپتىمەن، سۇ بەرسەڭلەرچۇ؟ كاناي دىگەن قۇرۇپ كەتتى.

— سوزلىمە، — دىدى راخمان كوماندىر ئەسىرنىڭ ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن ئالداۋاتقانلىغىنى بىلىپ ۋە قولاق كەستىدىن سورىدى، — بۇنى نەدىن تۇتتىڭلار؟

— بىز بۇنى پادىچى ساتىمىنىڭ كەينىدىن تۇتۇۋالدۇق، — دەپ دوكلات قىلدى قولاق كەستى، — ساتىمغا يېقىن قومۇشلۇقتىن بىر سىنىڭ بېشى پات-پات كورۇنۇپ يوقالدى، بىز بۇ چوقۇم ناسىر "پولكوۋنىك"نىڭ ئادىمى دەپ تۇتۇشقا ماڭدۇق، شۇنچە يېقىن بارساقمۇ ئۇلۇگىنى ساتىدىغاندەك تەپ تارتماي تۇرىدۇ. نىمە بولسا بولسۇن، دەپ قىلىچلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ يۈگۈرگەن ئىدۇق، قاچمەن دەپ پۇتلىشىپ يىقىلدى، شۇ يەردىلا تۇتۇۋالدۇق.

— تازا لەپپەك سادەك لامزەللىكىنە بۇ، — دەپ سوز قاتتى غېنى ئۇ تەرەپتە تۇرۇپ. ئەسىرمۇ بوش كەلمەي لوقما سالدى:

— ياق، ياق، ئۇ چاغدا پۇتۇمنىڭ پېيى تارتىشىۋالغان ئىدى، بۇرادەرلەر.

راخمان كوماندىر ئەسىرگە بىر ئالايدى-دە، قولاق كەستىگە بۇيرۇق قىلدى:

— بۇ ناھايىتى قۇۋ نەرسىكەن، پادىچى ساتىمغا ئاپىرىپ قاماپ قويۇڭلار، ئۇرۇش

تۇگمگۈچە كوزىدىكى تىڭىق يېشىلمىسۇن!
بۇنى ئاڭلىغان ئەسىر بايىقى بىپەرۋا
ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ بىردىنلا يالۋۇرۇشقا
باشلىدى:

—راستىمنى دەي، كوماندىر، ھەممىسىنى
ئىقرار قىلاي، ماڭا كەڭچىلىك قىلىڭ.

—پايلاقچىلىققا كەلگىنىڭ راستمۇ؟

—قىلىچە يالغىنى يوق، تاپشۇرۇق بىلەن
كەلگەنىدىم.

—قانداق تاپشۇرۇق بىلەن؟

—جەڭ باشلانغاندا بىزنىڭكىلەر پادى-
چى ساتمىقىزنى تارتىۋالماقچى. باشلىقىمىز
مېنى ساتمىقىزدا قانچىلىق ئادەم بارلىقىنى
بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى.

—بۇ دېگىنىڭ يالغان چىقىپ قالسى-
چۇ؟

—بېشىم بىلەن جاۋاپ قىلىمەن.

راخمان كوماندىر ئۇنىڭ ئىقرارىدىن
قانائەت ھاسىل قىلغاندەك بولدى. راخ-
مان ئەسىرنى ۋاقتىنچە پادىچى ساتمىسىدا
نازارەت قىلىشنى بۇيرۇپ، كوز ئالدىدىكى
ئۇرۇش پىلانىنى ئويلاشقا باشلىدى، ئۇ پاي-
لاقچىدىن مۇھىم ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرۈ-
ۋالغانلىقىغا تولىمۇ رازى ئىدى. "پادىچى
ساتمىسى ئالدىدا شۇنداق جەڭ قىلايكى،
كوپلىگەن ئادەملىرىڭنى بىر يوللا توزاققا
چۈشۈرۈپ تايانچىسىز قالدۇراي، ئاندىن سېغىز-
لىق يارغا ھۇجۇم قىلىپ، شەرەپ تاختاڭنىڭ
ئورنىغا يايرىغىمنى قاداي". ئۇ ئويلىغانلىرى
ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىراپ، ئادەملىرىنىڭ
كوپ قىسمىنى پادىچى ساتمىسىنىڭ يۇقورى
تەرىپىدىكى ئويمانلىققا يوشۇردى، قالغانلىرىنى
سەپكە تىزىپ نۇتۇق سوزلىدى:

— ئاغىنىلار،—ئۇ بۇ سوزنىڭ ئۇشتۇمە-
تۇت ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ،
سوزنى يېڭىۋاشتىن ئىزاھلىدى (چۈنكى
ئۇرۇش شارائىتىدا ئۇلارنى "ئاغىنىلار"، "بالى-
لار" دەپ ئاتاشقا بولمايتتى) — باتۇر جەڭچىلەر،
دۈشمەن پادىچى ساتمىزنى ئىشغال قىلماقچى،
بىزمۇ ئۇ يەرگە نۇرغۇن ئەسكەر يوشۇردۇق،
چەبدەس بولۇڭلار، بىز يېڭىمىز. قېنى، دۈم-
باق چېلىنسۇن!

دۈمباق چېلىنىۋاتقاندا، قارشى تەرەپ-
تىنمۇ پوجاڭزا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، پادىچى
ساتمىسىغا قاراپ كېلىۋاتقانلار كورۇندى.
راخمان كوماندىر يوتىسىغا پاقىدە بىرنى
مۇشلاپ، قىلىچىنى كەمەردىن سۇغۇرۇپ ئال-
دى-دە، سەپتە تۇرۇۋاتقانلارنى باشلاپ ھۇ-
جۇمغا ئوتتى، ئۇن كىشىدىن تەركىپ تاپقان
بىر گۇرۇپپا شورلۇق دوڭنى قوغداشقا قال-
دۇرۇلغان بولغاچقا، يوشۇرۇپ قويۇلغانلارنى
ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمغا ئوت-
كەن ئادەملىرىنىڭ سانى چاغلىق ئىدى.
ئىككى قوشۇن پادىچى ساتمىسىنىڭ يېنىدىلا
تۇتۇشۇپ كەتتى، ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى،
"ئالاھىدە ئەترەت" نىڭ جەڭگە قاتنىششش
سانى راخمان ئەترىتىنىڭكىدىن سەل كوپ
بولسىمۇ، خۇددى تەلىم ئالمىغان ئاجىز قو-
شۇندەك پەيدىن - پەي كەينىگە داجىۋاتات-
تى. راخمان كوماندىر "ئۇلار بۇ قېتىممۇ
ئەسكەرلىرىنى يوشۇرغان، ياردەمچى قوشۇنى
يېتىپ كەلگىچە بۇلارنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق
قىلىۋېتىش كېرەك" دىگەن ئويغا كېلىپ،
يۇقورقى گوداڭدىكى ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇشقا
چاقىردى، ئويمانلىقتىكىلەر "ھۇررا" توۋلى-
شىپ، بوراندەك يېپىلىپ كېلىۋىدى، "ئالا-
ھىدە ئەترەت" تىكىلەر كەينىگىمۇ قارىماي
بەدەر قاچتى.

—قوغلاڭلار،—دىدى راخمان كوماندىر
غېنى باشچىلىقىدا يېڭى ئۇرۇشقا كىرگەنلەر-
گە قاراپ،—ئۇۋۇسىغا كىرىۋالغىچە ئۇلارنى
جەزمەن تەسلىم قىلىڭلار! مەن بىلەن كەل-

گەنلەر يول بوشاتسۇن!

قوغلاش بىر ھازاغىچە داۋام قىلدى. "ئالاھىدە ئەترەت" تىكىلەر ئۇدۇل سىغىزلىق يارغا قاچىپاي، يولنى ئەگىپ يۇرۇپ خېلىلا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلدى. شۇنداقتىمۇ راخماننىڭ ئەسكەرلىرى شىددەت بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى! ئۇلار قېچىۋاتقانلارغا يېتىشىشەي دىگەندە تۇيۇقسىزلا پادىچى ساتىمنى تەرىپىدىن چېكىنىش دۇمبىغىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى، ئۇلار قەدىمىنى ئاستىلىتىپ كەينىگە قاراشقان ئىدى، ئۆز ئىستىھكامى بولغان شورلۇق دوڭ قارشى تەرەپنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىگىنى كوردى. شورلۇق دوڭگە ئالاھىدە ئەترەتنىڭ گالستۇك شەكلىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك قىزىل بايرىقى قادالغان، ئۇنىڭ يېنىدا قاسقانلىق شەپكىسىنى چوكۇرۇپ كىيىۋالغان، ئىككى مۈرىسىگە سېرىق رەڭلىك پاگون تاقىغان ناسىر "پولكوۋنىك" ئوڭ قولى بىلەن تاپانچا قېپىنى تۇتقىنىچە مۇغەمبىرانە گىدىيىپ تۇراتتى. يىگىتلىرى ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا قىلىچ مىلتىقلىرىنى ساڭگىلىتىپ ھەيۋەت بىلەن تىك تۇرۇشاتتى. "ئالاھىدە ئەترەت" تىكىلەرنىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ يەرگىچە قوغلاپ كېلىپ، يا ئىلگىرىلەشنى، يا قايتىشنى بىلەلمەي قالغان راخماننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كوپ قىسمى "سىغىزلىق يارنى ئىگەللىمەي قايتمايمىز" دىيىشسە يەنە بىر قىسمى "قايتىپ بېرىپ شورلۇق دوڭنى قايتۇرۇۋالىمىز" دىيىشىپ، ئۆز ئارا جاڭجاللىشىشقا باشلىدى، دەل شۇ چاغدا راخمان كاماندىر ئەۋەتكەن خەۋەرچى ھاسىراپ-ھومۇدەپ كېلىپ "چاپسان قايتىش" بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى، بىراق سىغىزلىق يارنى ئىگەللىيەلمىگەن دىگۈچىلەر قايتىپ كېتىشنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئىنتايىن تىت-تىت بولۇۋاتقان خەۋەرچى بۇلارغا ئاسان گەپ ئۆتكۈزگىلى بولمايدىغانلىغىنى ھىس قىلىپ، غىيىنى يانغىراق تارتتى-دە، قولىدىكى بىر نىمىلەرنى شىۋىرلىدى. شۇ زامات غىيىنىڭ چىرايى جىددى تۈس ئېلىپ ئەتراپتىكىلەرگە ۋاقىردى:

— سىلەر قوماندىغا بوي سۇنامسىلەر-يوق؟ ھازىر پادىچى ساتىمسىمۇ تەھدىت ئاستىدا قاپتۇ.

ھەممەيلەن چوچۇپ كەينىگە قاراشتى-دە، ئۇنىڭ سوزىنىڭ داۋامىنى كۇتمەي ساتىمغا قاراپ چېپىشتى.

بۇ چاغدا ناسىر "پولكوۋنىك" شورلۇق دوڭگە يېقىن جايلارنى تامامەن كونتۇرۇل قىلىپ بولغان ئىدى. ھىچ قارشىلىقسىز قاپقانغا چۈشكەن ئون ئەسىر بىلەن غەنىمەت ئېلىنغان قورال-جابدۇقلارنى كونا خۇمدانىدىكى نەرسە-كېرەك ئامبىرىغا يوتكىۋېتىپ، ھەرقايسى ئىستىھكاملىرىدىكى كۈچلىرىنى تەڭشەپ بولغان ئىدى، ئەمدى راخماندىن ئانچە تەشۋىشلىنىپ قالمايتتى، چۈنكى بۇ يەردىكى ئۆزى باشچىلىق قىلىۋاتقان شوبە ئەترەت شورلۇق دوڭنى ساقلاشقا كەڭتاشا يېتەتتى، ھازىر ئاساسى قوغداش بازىسى بولۇپ قالغان كونا خۇمدان ھۇجۇمغا ئۇچرىسا سىغىزلىق يارنىڭ بىۋاستە ياردىمىگە ئىگە بولالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، راخماننىڭ ئوتتۇرىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك بوشلۇقتىن ئوتەلىشىمۇ بىر گەپ ئىدى، ئۇ يالغان ئىقرار بىلەن راخماننى ئازدۇرۇپ، بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ غەلىبىسىگە ئۈگۈشلۇق شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن پايلاقچىنىڭ قويۇپ بېرىلمىگەنلىكىگە ئېچىنىپمۇ كەتمىدى. "ئالاھىدە ئەترەت" نىڭ تەشكىلىي مەجبۇرىيىتى بويىچە ئۇ، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىشى كېرەك ئىدى. ئەمدىكى ۋەزىپە،

www.uyghurkitap.com

پادىچى ساتمىسىنى قايسى يېسۇندا تارتىۋېلىش مەسىلىسى ئىدى. ئۇ ئەتراپنى كۆزدىتىۋېتىپ، پادىچى ساتمىسىغا نەزەر سالغىنىدا، چىرايى تېخىمۇ جىددىي تۈس ئالدى. ئۇنى شۇ تۇرقىدا كورگەن كىشى "مۇناسىپ پولكوۋنىككەن" دىگەن قىياسقا كېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ، ھەربى ئىشلارغا بولغان قىزىقىشى بىلەن ھەر قېتىم مۇشۇ سالاپەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئۈچۈن، ئوتكۇر زېھنىگە قايىل بولغان كىمدۇ بىرسى ئۇنىڭغا "پولكوۋنىك" دىگەن نامنى بېرىپتۇ، ئۆزىمۇ بۇ نامنى كەمسىتىش دەپ بىلمەيدىكەن، ئۇستىدىكى ھەربى كىيىمنى يەڭگۈشلىۋەتسىلا ھېچكىم ئۇنى "پولكوۋنىك" دەپ ئاتىمايدىكەن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بولسا دائىملىق ئۇيۇشقاقلىقى ۋە بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە يېڭىپ چىققانلىق شوھرىتى بىلەن "ئاللاھىدە ئەترەت" سۈپىتىدە تونۇلغان. ناسىر "پولكوۋنىك"نىڭ كوزىدىكى ھىلىقى جىددىلىك مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن راخمان ئەترىدىگە ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ھىسسىياتىدىن كېلىپ چىققان پەۋقۇلئاددە ھالەت ئىدى. راخمان ئەترىدى ئۇنىڭ كوزىنى ئالا-چەكمەن قىلىپ، ساتما ئالدىدا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى دوۋىلەپ، توسما ھاسىل قىلىۋاتاتتى، بىر بولىكى شۇنچە ئىسسىققا قارىماي مەشىق قىلىۋاتاتتى، يىراق-يېقىندىكى قومۇشلۇقتا ئەنسىزلىك پەيدا قىلغۇچى كىچىك كولەڭگۈلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ غايىپ بولاتتى. ناسىر "پولكوۋنىك" ئۇلارنىڭ پۇت-قولىنى ۋاقتىدا چۈشەپ قويۇش ئۈچۈن ئەھۋال ئىگەللىمەكچى بولۇپ، تۇرغان جايىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. راخمان كوماندىرمۇ قوغدىنىشنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرىنى تۈزۈۋالغان ئىدى. ئۇ ساتما ئالدىدىكى ئۇچۇۋچىلىقنى توختىتماي مېڭىپ خىيال سۈرەتتى: "ناسىرنىڭ ئەقلى نىمانچە چوڭدۇ؟ ئۇ مەندىن چوڭ ئەمەس، يا ئۇ ئازاتلىق ئارمىيە بولمىسا، ئۇ بىر كىمدىن تەلىم ئالغانمىدۇ-يا، بىزمۇ بىلىمىزنى رۇسلىۋالساق بولاتتى، قانداق رۇسلاش كېرەك؟" ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ناسىرلار تۇتۇپ كەتكەن ئون ئادەم بىلەن زاپاس قورال-جابدۇقلىرى يادىغا كېلەتتى-دە، كوڭلىگە پۈككەن يېڭى چارىسىنىڭ باش-ئاخىرى چېگىشلىشىپ قالاتتى. شۇ تاپتا غېنى بولسىچۇ؟ مەسلىھەتلىشىشكە يارايتتى، ئۇ، غېنىنى سېغىنىپ قالدى.

غېنى ساتمىنىڭ كەينىدىكى شالاڭ قومۇشلۇق چىغىر يولدا چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ، ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋالغان قۇلاق كەستى بىلەن يېل بويىدىكى پاكار دومبىلچەككە چىققاندا، بىر كىشىنىڭ تېزەك تەرگەن پېتىچە ساتما تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۈپ قالدى. "بۇمۇ پايلاقچىمىدۇ؟" ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا كەسكىن توقۇنۇش پەيدا بولۇپ، تۇتۇش-تۇتماسلىقنى قارارلاشتۇرالمىدى، پايلاقچى دەي دىسە چوپ-چوڭ ئادەم، پايلاقچى دىمەي دىسە، شۇنچە ئىسسىقتا دولىسىدىكى ئەپكەشكە تېزەك تەرگەننى قىلىپ، توپ-توغرا ساتمىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، قەتئى تۇتۇش قارارىغا كەلدى-دە، قۇلاق كەستىگە يان تەرەپتىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئوتۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى كەينىدىن پايلاپ ماڭدى. ئۇ بارا-بارا ھىلىقى ئادەمگە يېقىنلىشىپ، سىنچىلاپ قارىۋىدى، ھەيرانلىقتا ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنمەي قالدى، ئۇ، كوزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ بىر نەرسە دىمەكچى بولغاندا، ئالدىدا تۇرغان دومبىلچەكلەر قومۇشلىمىسىدىكى يانتاق تۈۋىدىن قۇلاق كەستى چاچراپ چىقىپ ۋاقىرىدى:

— قولۇقنى كوتەر! نېمە ئادەمسەن؟

غەيرى ئادەم ئۇشتۇمتۇت چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كوتەردى-دە، ئالدىدا تۇرغان كىچىككىنە شۇمەككە قاردى، ئەگەر باشقا بىرسى بولغان بولسا بۇ ئادەم قولۇقنى كوتەر دىگۇچىنىڭ يەتمىش پۇشتىنى كوزىگە كورسەتكەن بولاتتى، بىراق بېشىغا سوگەت چىۋىقلىرىدىن نىقاپ كىيىۋالغان، سوسۇن رەڭ كوينىكىنىڭ ئىككى ياقىسىغا قىزىل كاكار ئورنىتىپ، تامبىلىنىڭ كالتەك پۇشقىقىنى كەندىر قوۋزىقى بىلەن باغلىۋالغان بۇ بالا نېمە سەۋەپتىندۇر ئۇنىڭ تىلىنى قىسقارتىپ قويدى.

— ھېزىزاخۇن پادىچىنىڭ قۇلاق كەستىسىغۇسەن، — دىدى ئۇ بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، — ياشلىقىمدا تۇرغۇن باندىتلارنىڭ قولىنى كوتەرتكۇزگەن ئادەممەن، ھىلىمۇ ھەم قېرىپ قالمىدىم، سەن مېنى بىلمەيتتىڭمۇ، كۇسپۇرۇچ.

— بوۋا، خاپا بولماڭ، بىز ئىگەللەپ تۇرغان دائىرىگە كىم رۇخسەتسىز كىرسە تەكشۇرۇمىز، — دىدى مىلتىقنى تەڭلەپ تۇرغان قۇلاق كەستى قىمىر قىلماي.

— ئۇزەڭگە چۇشلۇق گەپ قىلغىنە، چۇجەخوراز، ساڭا دائىرە ئىگەللەشنى...

— بوۋا، بىز ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز، — غېنى سوزلەۋاتقان ئادەمنىڭ گېپىنى چورتلا ئۇزۇۋەتتى. بۇ يات ئادەم ئۇزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان بۇ ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇزىگە تاپانچە تەڭلەپ تۇرغان نەۋرىسىنى كوردى، قىزىق، نەۋرىسى تېخىمۇ ئۇزگىچە كىيىنگەن بولۇپ، سىرتقى كىيىمىنىڭ مۇرىسىدىكى سېرىق سىرلىق پاگۇن بىلەن سول مەيدىسىدىكى ئالا-چىپار ئوردېن بەلگىلىرى قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پاقىراپ تۇراتتى.

— سەنمۇ بارمىدىڭ باچكا، — دىدى بوۋاي ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن غېنىنى قۇچاقلاشقا ئىنتىلىپ، — كوزۇمدىن ئۇچاي دىدىڭ بەچچىغەر، بوۋاڭنى ھېچ يوقلاپ كېلەي دىمەيسەن. ئويۇڭگە چىقىپ تاپالماي كېلىۋاتاتتىم، خوپمۇ ئۇچىرىدىڭ. پېشانەڭگە لاي سۇركىۋالدىڭمۇ نېمە، نىمانچە كوپ تەر بۇ؟ بېرى كەلگىنە، — ئۇ غېنى تەرەپكە بىرقەدەم ئېلىۋدى، غېنى كەينىگە ئىككى قەدەم يېنىپ، تاپانچا تۇتقان قولىنى سوزدى:

— قىمىرلىماڭ! ئوز بېشىمچىلىق بىلەن چەكلەنگەن رايونىمىزغا كىرگەنلىگىڭىز ئۇچۇن قولغا ئېلىندىڭىز.

بوۋاي نەۋرىسىنىڭ كەيپىياتىدىكى قەتئىيلىكتىن تېخىمۇ زوقلىنىپ كەتتى، ئۇ ھېچقاچان نەۋرىسىدە چەكچىلەرگە خاس مۇنداق خۇسۇسىيەت بار دەپ ئويلىمىغانىدى. تېخى ئاۋۇ يانتاق تۇۋىدە كوزىنى مىختەك قاداپ تۇرغان سولتەكنى دىمەمسىز؟ بۇ سولتەك بار يەردە خوشنىلارنىڭ باغشۇرىلىرى ساق تۇرمايتتى، خەقنىڭ قوغۇن، تاۋۇزلىرىنى بېغىدىن ئۇزمەيلا يېرىپ يەپ ئارام تاپقۇزمايتتى، ئۇچرىغانلىكى ئىتنى قىرقىتىپ، كىشىلەرنىڭ زىتىغا تېگەتتى، شۇ سەۋەپتىن ئاتىسىدىن بولدى دىگىچە تاياق يىدى، تاياقنىڭ كار قىلغان-قىلمىغانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئىشقىلىپ بىر كۇنى مۇشۇ بوۋاي ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ قويۇش ئۇچۇن ھويلىسىغا كىرگەندە، ئاتىسىنىڭ چاچ چۇشۇرۇۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ ناھايىتى تەرسا ئىكەن، ئىككى پۇتىنى يەرگە پاقىلدىتىپ مۇشلاپ شۇنداق ۋاقىرايتتىكى، يىراقتىن كورگەن ئادەم ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ نېمە تالىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايتتى. بوۋاي بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتتى-دە، بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىلىقىدا ئامبۇردەك قىسىپ ئولتۇردى. شۇندىن كېيىنلا ئاتىسى

ئۇنىڭ چىچىنى چۇشۇرۇشكە مۇۋەپپەق بول-
دى، ئەمما چاچ چۇشۇرۇلۇپ قۇلاق تۇۋىگە
كەلگەندە بىرلا چەقىراش بىلەن يۇلقۇنۇپ
قۇلاق تىرىسىنى كەستۇرۇۋالدى. "قۇلاق
كەستى" دىگەن لەقەم شۇنىڭدىن قالدى.
مانا ئەمدى قاراڭ، توگەننىڭ تاقىلدىغۇچە-
سىدەك بىردەم جىم تۇرمايدىغان بۇ قۇلاق
كەستى، ئەسىرنىڭ تەسلىمىنى سەگەكلىك
بىلەن كۇزىتىۋاتقان بۇيۇك جەڭچىدەك، بۇ
بوۋاينى كۇچلۇك تەقىپ ئاستىغا ئىلىۋاتىدۇ.
"بۇ ئاۋاق ئەۋلىيا بولاي دەمدۇ نىمە؟
ئۇرۇش دەيدىغان گىپىمۇ بار تىخى، نەدە
ئۇرۇش بوپتۇ؟" بوۋاي ئۇز-ئۇزىچە كۇلدى:
— دودەنلىك قىلىپ، ساقلىمغا ياماش-
ماي ئاۋال يىنىمغا كىلىشە، — بوۋاي كەينىگە
ئىيسۋالغان ئىزمىلىك تورۋىسىغا قولىنى
ئۇزاتتى، لىكىن ھەر ئىككى كۇزەتچى ئىرەڭ
قىلماي ئورنىدا تۇرىۋەردى، بۇنىڭدىن تى-
رىككەن بوۋاي غىنىنى جىملەشكە باشلىدى.
— ھەي يىتىم ئوغلاق، يۇگۇرۇپ كىلىپ
ماۋۇ سوغىتىمنى ئالمامسەن، گىدىيىپ تۇرغى-
نىنى قاراڭ، قولۇڭدىكى تاپانچا بىلەن قىلى-
چىڭنى مەن ياساپ بەرمىدىممۇ؟
— يەنە ياساپ بىرىسىز، — دىدى غىنى
جايىدا تۇرۇپ، — سوغات ئىلىپ ئالدام خال-
تىڭىزغا چۇشمەيمىز، يۇرۇڭ، پادىچى ساتمى-
سىغا ئاپىرىپ تەكشۇرگەندىن كىيىن قويۇۋى-
تىمىز.
— پادىچى ساتمىسىدا نىمە بوپتۇ؟
— بىزنىڭ ئىستىھكام شۇ يەردە.
— سىنىڭ ئىستىھكامىڭمۇ بارمىدى؟
— دىدۇقىقۇ، بىز ناسىر "پولكوۋنىك"
نىڭ "ئالاھىدە ئەترىدى" بىلەن سوقۇش
قىلىۋاتىمىز.
— ناسىر "پولكوۋنىك"! — بوۋاينىڭ
كوزلىرى چەڭ ئىچىلىپ، يۇرىگى ئويناپ
كەتتى، ئۇ، ئۇز مەھەللىسىدىكى ناسىرغا
بەكمۇ ئامراق بولۇپ، دائىم كوپچىلىككە
ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بىرەتتى. "ئۇ، كەل-
گۇسىدە يارامىلىق پولكوۋنىك بولىدۇ" دىگەنى-
نى ئىيغىزدىن چۇشۇرمەيتتى، ھەتتا ئۇنىڭ
قورال-جابدۇقلىرىنى 50-يىللاردا ئۇزى
قاتناشقان جەڭدىكى قوراللارغا ئوخشىتىپ
ياساپ بىرەتتى، مانا ھازىر ناسىرنىڭ ئىس-
مى چىقىشى بىلەنلا راستىن ئۇرۇش بولى-
ۋاتقانلىغىنى بىلىپ، يىنىدىكىلەرنىڭ زورلى-
شىسىزمۇ شۇ يەرگە بارغۇسى كىلىپ قالدى.
غىنىغا بىرىدىغان سوغىتىنىمۇ ئۇنتۇپ سو-
راشقا باشلىدى:
— ئۇرۇش بولدى دىگىنە، سىلەرنىڭ
باشلىغىڭلار كىم؟
— راخمان.
— تونۇيمەن، قايسى كۇنى بۇ تەنتەك-
كە ئىش ئۇگەتسەم "سىز نىمىنى بىلىسىز"
دەپ گىپىمنى ئىلىك ئالمىغان ئىدى، تۇ
بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كورۇدىغان ئالدىراڭغۇ
بالا، شۇنداقمۇ؟
— نىمىسىنى سورايسىز، ناسىر "پول-
كوۋنىك" بىزنىڭ شورلۇق دوڭنى تارتىۋال-
دى.
— تارتىۋىلىشنى تارتىۋالدۇ، يامان
ئەھۋالدا قاپسىلەر، سىلەر قانچە بالا؟
— بىزدە بالا يوق ئەسكەر بار، —
دەپ ئاچچىقلاندى قۇلاق كەستى، — ئەمدى
مىڭىڭ، گەپ سوراۋىرىشكە بولمايدۇ.
بوۋاي ئۇز نەۋرىسى ۋە قۇلاق كەس-
تىگە كۇلۇمسىرەپ قويدى-دە، ئىتائەتمەنلىك
بىلەن بىشىنى ساڭگىلىتىپ، پادىچى ساتمى-
سىغا ماڭدى، غىنى بوۋىسىنى ئالدىغا سىلىپ
كىتىۋاتقىنىدا ئارقا تەرەپتىن شەپىسىز يىتىپ
كەلگەن بىر ئالا مۇشۇك بوۋايغا ئۇۋال قىلى-
ۋاتقىنىغا نارازى بولغانىدەك ئۇنىڭ پۇتىغا

ئېسىلدى، غېنى ئۇنى "كاپپىدە" تۇتۇۋېلىپ، بوۋاينىڭ مۈرىسىدىكى ئەپكەش سېۋىتىگە سېلىپ قويدى.

غېنىنى ناقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان راخمان ئۇلارنىڭ جامىل بوۋايىنى ئالدىغا سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خوشاللىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆتكەندىكى قوپاللىقىنى بىراقلا ئېسىدىن چىقىرىپ، ساتما ئالدىدىكى توساقتىن سەكرەپ چىقتى ـ دە، بوۋاينىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك يۈگۈردى:

ـ جامىل بوۋا، ـ دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن، ـ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

ـ ماۋۇ ئىككى ھارامزادە تۇتۇپ كەلدى، بالام، ـ دېدى جامىل بوۋاي راخماننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ـ رەھمەت رازۋېتچىكلار، قوساقتىكىدەك ئىش قىلىپسىلەر، ئارام ئېلىڭلار.

ـ ئاۋال مېنى سوراق قىلمامسەن، كوماندىر؟

ـ ئىمىشقا سوراق قىلىمىز، سىز بىزگە باش بولۇڭ.

ـ مەندەك قېرى كوماندىرلىققا يارامدىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۇنىمايدۇ؟

ـ بۇ دېگىنىڭىزمۇ راست، ـ راخمان بىر نەرسىنى ئېسىگە كەلتۈرگەندەك سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ ئۇنا شىنخۇ ئۇنىمايدۇ، ئەمما بىزگە پىلان كۆرسىتىڭ.

بوۋاي راخماننىڭ سۆزىدىن ۋە ئۇنىڭ قاپىقى سېلىنغان ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرقىدىن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدى. ئۇ بىر ھازا ئويلىنىش نەتىجىسىدە، بولارغا جەڭدىكى يارىدەنىڭ زورۇر بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، راخمانغا دېدى:

ـ ئۇرۇش دېگەننىڭ توقتۇزى رەڭ، بىرى جەڭ دەيدىغان گەپ بار، بالام، سەن قارا كۈچۈڭ بىلەن ئېرىق چېپىۋاتمايسەن، ئۇرۇش قىلىۋاتىسەن، ئۆزەڭنىمۇ، قارشى تەرەپنىمۇ مولجاللاپ كورگىنىڭ ياخشى. ئۇرۇشمۇ ئايرىم بىر ھۈنەر، ئۇنىڭ ئۇسۇلى كەتمەن چېپىشقا ئوخشىمايدۇ، بۇ دورەم ئەقىل ئۆگەتسەم بويۇن تولغىمايدىغانسەن؟

ـ ياق، بوۋا، گېپىڭىزنى ھەرگىز يىرمايمەن.

ـ سىلەرمۇ ئەسىر تۇتتۇڭلارمۇ؟

ـ بىرنى تۇتتۇق، ھازىر ساتمىغا سولاقلىق.

ـ مەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەچ تۇراي، غېنىنى چاقىرغىن، ـ بوۋاي ۋاقىتنىچە راخماننى سىرتتا قالدۇرۇپ ساتمىغا كىردى. قومۇش سۇپا ئالدىدىكى چاشقان كولاپ چىقارغان توپىغا قاراپ ئولتۇرغان پايلاقچى



جامىل بوۋاينى كورۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى، بوۋاي پىسسىڭىدە كۈلۈۋېتىپ:

— چاشقانغا ئۆرەك كولىشىپ بېرىۋاتىمدۇ دېيىشىۋىدى، سەنمىدىنىڭ پاقىلان، تۇر ئورنىڭدىن، مەن سېنى قۇتقازغىلى كەلدىم، — دېدى.

پايلاقچىنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىت چاقناپ يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا سورىدى:

— راستمۇ بوۋا!

— ئەلۋەتتە راست، ئەمما سەن ئورۇندايدىغان بىر شەرت بار.

— قانداق شەرت؟

— بۇلارغا تەسلىم بولىسەن.

— ياق، ياق، ناسىر "پولكوۋنىك"نىڭ ئالدىدا يۈزۈم كېتىدۇ، — پايلاقچىنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ چىرايى ساماندەك سارغايدى.

— خاتىرجەم بول، ھازىرچە راخمانغا قوشۇلسەن، پەيتى كەلگەندە قېچىپ كېتىسەن، مەن راخمانغا ئېيتىپ، سېنى ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇۋېتىمەن.

پايلاقچىنىڭ تۇتۇلغان چىرايى شۇ زاماتلا ئېچىلىپ يۈزىگە شاتلىق يۈگۈردى. چۈنكى ئىككىنچى قېتىم سوراق قىلىنىپ، پاش بولۇپ قېلىنىشتىن قورقۇپ، نازارەتچىلەرنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلالماي يۈرەتتى. شۇ چاققىچە بۇلارنىڭ نازارىتىدىن بىر دەم يىراق تۇرالىغان بولسا ئاللىقاچان قېچىپ قۇتۇلغان بولاتتى، لېكىن ئۇلارمۇ بۇنى بوش تۇتمىدى، مانا ئەمدى بوۋاي ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ، پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرمەكچى، ئۇ بۇنداق پەيتنى قانداقمۇ چىڭ تۇتمىسۇن! ئۇ خۇددى قەپەزدىن قۇتۇلغان قۇشتەك بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈرمەكچى بولدى، ئەمما راخمان بىلەن غېنىنىڭ ساتما ئىشىكتە پەيدا بولۇشى يەنە ئۇنى توختىتىپ قويدى، جامىل بوۋاي پايلاقچىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېتىشنى جېكىلىدى. راخمان بىلەن غېنى دىلىغۇللۇقتا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي، تىرناقلىرىنى كوچىلاپ تۇرۇشتى، بوۋاي ئۇلارغا كۆز يۇمچۇقلىدى، شۇنداق راخمان ئۇنىڭ كۆزىدىكى نازۇك ئىشارىنى چۈشىنىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان قۇلاق كەستىگە دېدى:

— بۇنى ئەپچىقىپ، ساتما كەينىدىكىلەرگە قوشۇپ قوي.

— شۇنداق بولسۇن، بالام، — دېدى جامىل بوۋاي راخمانغا، — ئەسىرنى ئۈچ-تۆت ئادىمىڭ بىلەن خۇمدانغا ئەۋەت، سەن ئېيتمىساڭمۇ ناسىر تۇتۇپ تۇرغان ئۈچ ئىستىھكام ماڭا ناھايىتى تونۇش. ئۇلار تۇتۇپ كەتكەن ئادەملىرىڭنى نەگە جايلاشتۇرغانلىقىنى كورۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

بوۋاي پايلاقچىنى ئىشلىتىش چارىلىرى ۋە بۇ چارە بىلەن بىرلىكتە ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان ئىككىنچى ۋەزىپە ئۈستىدە توختالدى.

ئىككىنچى ۋەزىپە غېنىغا تەئەللۇق بولۇپ، بۇ ۋەزىپە ھەم مۇھىم، ھەم مۇشكۇل ئىدى، ئەگەر ئۆزىنى ناسىردەك سەزگۈر باشچىنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويسا، بىرىنچى خىل چارىنى ئۇتۇقسىزلىققا ئۇچرىتىپ، ئۆزلىرىنى مەغلۇبىيەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ قوياتتى، شۇڭا غېنى بوۋىسى ئالدىدا ئىرادە بىلدۈرمەي، موللا مۇشۇك بولۇپ ئولتۇرىۋەردى. بوۋىسى بايىقىي جەڭگىۋارلىقىدىن بىراقلا چۈشۈپ كەتكەن نەۋرىسىنىڭ قۇلىغىنى سوزماقچى بولۇپ، قولىنى ئۇزىتىشىغا، كەينىدە تۇرغان ئالا مۇشۇك "شارتتلا" قىلىپ بۇلۇڭغا بېرىپ، بىر چاشقاننى تۇتۇۋالدى، قىزىقسىنىپ ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قاراشتى. مۇشۇكنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئويۇنى بار ئىكەن. ئۇ بالىلار ھۈنىرىمنى كورۈپ باقسۇن، دېگەندەك

ئالدى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىغىغا قىسىۋالغان چاشقاننى پەگانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ، بىر قانچە قېتىم ئاسمانغا ئاتتى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىنى چەمبەر شەكلىدە ئايلىنىپ قويۇپ جىم تۇردى، دەسلەپتە چاشقان قەيەردە يوچۇق بولسا شۇ تەرەپكە قېچىپ باقتى، بىراق بەربىر مۇشۈكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدى، ئاخىرىدا چاشقان ئوغرى كوزلىرىنى پاقىرىتىپ، يەرگە لايىدەك چاپلىشىپ يېتىۋىدى، مۇشۈكمۇ ئۇنىڭدىن بىرقانچە قەدەم يىراقتا ئوتۇپ، ئۇخلىغان قىياپەتتە يېتىۋالدى، چاشقان تېۋىش سەزمىگەندىن كېيىن، شىرىلداپ قاچقان ئىدى، مۇشۈك ئۇنىڭ ئالدىغا بىرلا سەكرەپ چىقىپ تۇتىۋېلىپ، يەنە ئاسمانغا ئاتتى.

— هوي سولاش بەندە، — دىدى جامىل بوۋاي مۇشۈكنىڭ ئويۇنىغا زوقلىنىۋاتقان غېنىنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ، — چاشقاننى تارتىۋېلىپ ماۋۇ يىپ بىلەن قۇيرۇغىنى باغلا، ئاندىن كېيىن، مۇشۈكنىڭ قۇيرۇغىغا قىسقىراق چېگىپ قويۇۋەتكىن، مەن ساڭا بىر قىزىق ئويۇن كورسىتىپ قوياي، بەلكىم روهلىنىپ قالارسەن.

غېنى ئورنىدىن تۇرغاندا مۇشۈك تەييار ئولجىغا ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ چاڭگال سېلىشىدىن قىزغىنىپ، چاشقاننى مەهكەم چىشلىۋالغان ئىدى. غېنى ئۇنىڭدىن چاشقاننى ئالالماي بىر هازاغىچە هەپىلەشتى. بوۋاي مۇشۈكنىڭ دۈمبىسىگە پاق-پاق ئۇرۇپ:

— توختىغىن، ئوكتەم، سېنىڭمۇ ئىشىڭ بار، سەل تۇرۇپ يىسەڭمۇ كېچىكمەيسەن، — دىدى، مۇشۈك چاشقاننى قويۇپ بەردى-يۇ، غېنىنىڭ قۇچاغىلاپ تۇرغىنىغا قارىماي، تېپىرلىغىنىچە خىرىلداپ تۇردى. بوۋاي چاشقاننى مۇشۈكنىڭ قۇيرۇغىغا ئوزى باغ-لاپ بولغاندىن كېيىن قويۇپ بەردى، مۇشۈك قۇيرۇغىدىكى چاشقاننى تۇتۇۋېلىش ئۇچۇن تۈگمەن تېشىدەك پىقىراشقا باشلىدى.

— ئەمدى تۇت، — دىدى بوۋاي، غېنىغا مۇشۈكنى كورسىتىپ، — بۇ ساڭا ياردەملىشىدۇ، مەلۇماتىنىمۇ چاشقان خۇمارى قىستىغان مۇشۈك مۇشۈك ئېلىپ كېلىدۇ، چۈشەندىڭمۇ جەڭچى!

— مۇشۈك قېچىپ كەتسىچۇ؟

— مۇشۈكنى مۇنۇ تورۋامىغا سېلىپ بېرىمەن، بىر تال ئىزمىسىنى ئەتمەي بېشىنى چىقىرىپ قويسام‌لا هېچنىمە بولمايدۇ، قانداق دىدىم، كوماندىر؟

جامىل بوۋاي راخمانغا قاراپ كۈلدى، راخمان ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇپ، بوۋايغا نىمە دەپ رەهمەت ئېيتىشىنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ هاياجان ئىچىدە غېنىغا قاراپ:

— بىرىشقا ئۇنامسەن، غېنى؟ — دەپ سورىدى.

— بولدى، باراي، — دىدى غېنى ئۇ-متكە تولغان كوزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، — هازىر ماڭسام بولامدۇ؟

— ئالدىرىما، مەسلىهەتىمىزنى ئوبدانىراق پىشۇرۇۋالايلى، — ئۇ نىمدۇر بىر نەرسىنى غېنىنىڭ ئېسىگە سالماقچى بولغان ئىدى، ساتمىنىڭ سىرتىدا ئوز ئىختىيارى بىلەن كۈزەتچىلىك قىلىۋاتقان قۇلاق كەستى كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— دوكلات، كوماندىر، ناسىر "پولكوۋ-نىك" ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.

— هازىرلا چىقىمەن، — راخمان جامىل بوۋايغا قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، بوۋاي غېنىنىڭ يولغا چىقىش تەييارلىقلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشتى. راخمان قومۇش كوتەرمە ئالدىدا توساپ تۇرغان ئەلچىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— پولكوۋنىكنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن

كەلدىم، — دېدى كۆكۈش رەڭلىك كىيىمنىڭ ئۈستىدىن نوۋەتچىلىك بەلگىسىگە ئوخشاش قىزىل شەلپەر ساڭگىلىتىۋالغان ئەلچى، — ساتىمىڭىزغا بىر يات ئادەم كىرىپ كەتكەن ئىدى، ھازىرغىچە چىقىپ كەتمىدى. بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشىڭىزنى تەلەپ قىلىمىز.

— رازۋېتكىمىز ئارقا يولدىن ھىزىمكام پادىچىنى تۇتۇپ كەلگەن ئىكەن، قاماپ قويدۇق.

— ئۇنى كۆرۈپ بېقىشقا بولامدۇ؟

— كۆرۈپ نېمە قىلىسىز؟

— ئەمىسە، چىقىرىۋېتىڭ، يولدىن ئۆتكەنلىكى ئادەمنى قاماپ قويسىڭىز، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان بولىسىز.

— چىقىرىۋەتسەك چىقىرىۋېتەيلى.

— ئىككىنچىسى، — دېدى ئەلچى ئاۋازىنى سەل كۆتىرىپ، — سىلەر تۇتۇۋالغان بىر ئادىمىمىزنى، بىز ئەسىرگە ئالغان ئۈچ ئادىمىڭىزلارغا تېگىشىشكە ئۇنامسىز؟

— ھازىرچە، تېگىشمەي تۇرايلى.

— ئەمىسە، مەن كەتتىم.

— توختاڭ، — دېدى راخمان كوماندىر كەينىسىگە ئېگىشىۋاتقان ئەلچىگە، — بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئازلاپ، چوڭ ئۇرۇش قىلالمايدىغان بولۇپ قالدۇق، ئەمدى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلماقچىمىز. بۇنى ناسىر پولكوۋنىكقا يەتكۈزۈپ قويۇڭ.

— بولۇدۇ، — ئەلچى توت ئەتراپقا ئوغرىلىقچە قاراپ قويۇپ قايتىپ كەتتى، راخمان ساتىمغا كىرىپ، غېنىنىڭ بوۋاينى ئېلىپ چىقىپ كېتىش باناسىدا يولغا چىقىشنى تاپشۇرۇپ، قولاق كەستىگە 3 ئادەمنى شورلۇق دوكى كەينىدىن ئوتكۈزۈۋېتىشنى تاپىلىدى.

ناسىر "پولكوۋنىك" شورلۇق دوكىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ، پادىچى ساتىمسىدىكى غەيرى ئادەمنى - بىرەيلەننىڭ يالاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كوردى، دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئوزىدە ئاشۇ يات ئادەمنى سۇرۇشتۇرۇش بانىسى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەشكە كەتكەن ئەلچى يېتىپ كېلىپ، كورگەنلىرىنى تەپسىلى بايان قىلدى. بۇ ئەلچى ئېلىپ كەلگەن ئاخبارات ھەر ھالدا "ئالاھىدە ئەترەت" كە پايدىلىق بولىسىمۇ، لېكىن ناسىرنىڭ كوڭلىدە سىرلىق تۇمان پەيدا قىلدى. "پارتىزانلىق قىلىمىز" دېگىنى نېمە گەپ ئوزى؟ ئۇلارنىڭ تاسادىپى بۇنداق يېڭى سوزنى چىقىرىشى بىزنىڭ پادىچى ساتىمىسىنى تارتىۋېلىش پىلانىمىزنى بۇزۇدۇ، دېمەك، ئۇلار يەڭلىرىنى باشقىدىن شىمايلاپ، ئاجىز نۇقتىمىزغا زەربە بەرمەكچى ... — ناسىر "پولكوۋنىك" كوز ئالدىدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈۋېتىپ، ئوزىنىڭ كونا ئىستىھكامى سېغىزلىق يارنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى. "سېغىزلىق يارنىڭ كوماندىرى ئوزى چوڭ بولغان بىلەن ئەقلى قىسقا نەرسە، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى سەپلەش كېرەك ئىدى." ئۇ شۇ قارارغا كېلىپ، ئەتراپتىكىلەرگە بىرمۇ-بىر كوز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئەمما كوڭۈلدىكىدەك ئادەم تاللىيالمىدى، ئۇ ھەممىگە سەپسېلىپ دوكىنىڭ كەينىسىگە ئۆتكەندە، ئالدىدىكى قومۇشلۇقنىڭ يان باغرىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان غېنىنى كورۈپ قالدى. ناسىر ئورنىدا چىپ توختاپ، قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتتى-دە، "قىمىرلىماي تۇر" دېگەن مەنادا ئۇنىڭغا قول شىلتىدى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بېشىنى لىڭشىتىپ "بۇ ياققا چىق" دېگەن ئىشارىنى قىلدى، غېنى قاراۋۇللار تەرىپىدىن قورالسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاسىراپ-ھومۇدەپ دوكىگە چىقىپ، ناسىرنىڭ قارشىسىدا تۇردى.

— نىمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ناسىر "پولكوۋنىك" ئۇنىڭ چىرايىدىن ساختىلىق ئىزلەپ.

— راخمان مېنى بۇ يەرگە رازۋېت قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى، — دەپ جاۋاپ بەردى غېنى ئەندىكىش بىلەن كەينىگە قاراپ قويۇپ، — مۇشۇ بانا بىلەن سىزگە قوشۇلغىلى كەلدىم.

— نىمىشقا قوشۇلماقچىسەن؟

— راخمان ئوبدان قوماندانلىق قىلالماي بىزنىڭكىلەر ئوساللىشىپ كەتتى.

— يالغان گەپ، ئىشپىيونلۇققا كەلگەنسەن، ئەھۋالىڭلار ئوساللاشقان بولسا راخمان پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىمىز، دەمتى.

— ئۇ شۇنداق دەپ پو ئاتمىغان بولسا بىزنى پادىچى ساتمىسىدىنمۇ قوغلىۋەتكەن بولاتتىڭىز.

— بىزگە تەسلىم بولۇش نىيىتىڭ بولسا سىلەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەن ئادىمىمىزنى ئالغاچ كېلەر ئىدىڭ.

— مەن شۇنى دەي دەپ تۇراتتىم، "پولكوۋنىك"، مەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى بۇرۇنلا قولاقلاشقان ئىدىم، بايا ئۇنىمۇ بىرگە ئېلىۋالدىم، يېرىم يولغا كەلگەندە راخمانلار قوغلاپ كېلىپ قالدى، ئۇ مەندەك تېز يۈگۈرەلمەيدىكەن، بەلۋېغىدىن شۇنچە تارتسامۇ تاپتەك سورۇلۇۋېلىپ يەنە تۇتۇلۇپ قالدى، ئۇنى يېتىلەش بىلەن ئاۋارە بولغان بولسام، بۇ يەرگە كېلەلمەيتتىم.

— راخماننىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا مۇشۇ يەرگىچە قوغلاپ كېلەلەيتتىمۇ، — ناسىر ئۇنىڭ جاۋاپلىرىغا مۇتلەق ئىشەنمىدى، ئۇ سول قولىنىڭ باش مالتىسىغىنى بېلىندىكى كەمەرگە ئوتكۈزۈپ، ئوڭ قولى بىلەن شەپكىسىنىڭ سايىۋىنىنى كوتىرىپ قويدى ـ دە، يېنىدىكى ئەلچىگە بۇيرۇق قىلدى:

— بۇنى خۇمدانغا ئاپىرىۋېتىپ، ئۇ يەردىكى كوماندىرنى بۇ يەرگە ئەۋەتىۋەت، ئۇ قايتىپ بېرىپ، كوماندىرلىقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن كەل!

چارە ـ ھىلىسىنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى كورگەن غېنى بۇيرۇق ئىجرا قىلىنغىچە دەرھال قولىنى ئۇشىنىسىگە ئۇزىتىپ، مۇشۇكنىڭ قۇلىقىنى قاتتىق تولغىۋىدى، مۇشۇك غەلىتە ئاۋۇش بىلەن چىقىراپ دوڭنى بىر ئالدى، كەينىگە بۇرۇلماقچى بولغان ناسىر قىزىقىش بىلەن:

— ئۇشنەڭدىكى مۇشۇكمۇ، نىمە؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، كورۇپ باقامسىز، پولكوۋنىك؟

— كورۇپ باقساق باققۇلۇق.

غېنى ئالدىرىماي تورۋىنىڭ ئىزىمىسىنى يېشىشكە باشلىدى، ناسىرچاپسان كېلىپ مۇشۇكنى قولىغا ئالدى ـ دە، پاقسىراق، سېلىق مويلىرىنى سىلاپ ئىڭىگىگە ياقتى، ئاندىن ئۇنى غېنىغا قايتۇرۇپ بېرىپ سورىدى:

— بۇ جامىل بوۋامنىڭغۇ، سەن ئۇنى قاچان ئېلىپ كەلگەن؟

— مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئوزەمچىلا كەلمىدىم، — دەپ جاۋاپ بەردى غېنى، تەكەببۇرانە قىياپەتتە، — چۈشتە سۇ ئەپكىلەي دەپ كولگە چىقسام بوۋام بىزنىڭ ئوي تەرەپتىن كېلىۋېتىپتىكەن، جەڭ قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، سىزنى كوپ ماختىدى. كەچتە بۇ مۇشۇكنى سىز بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئويىگە ئاپارماقچىدۇق، مىڭ تەسلىك بىلەن ئوزەمگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بۇ يەرگە كەلسەم، گەپنىڭ پوسكاللىسى چىقىپ بولغىچە مېنى خۇمدانغا بۇيرۇۋاتىسىز.

ناسىر "پولكوۋنىك" ئويلاپ قالدى، ئۇ ئۇزۇندىن بېرى غېنىغا قىزىقىپ يۇرەتتى، چۈنكى، غېنى راخمان جەڭچىلىرى ئىچىدىكى

قاۋۇل، ئەقىلىلىق كوماندىر ئىدى، ناسىر
"پولكوۋنىك" ئۆز كوماندىرىنىڭ ئورنىغا غې-
نىنى ئالماشتۇرالىغىنىدا تامامەن خاتىرجەم
بولاتتى. ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ قالدى.
قارىماسىز! ئۇ يارامىلىق بىر كوماندىرغا ئېھ-
تىياجى چۈشۈۋاتقىنىدا غېنىنىڭ ئاسماندىن
چۈشكەندەك كېلىپ قالغىنىنى. سېغىزلىق يار-
غا دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ناسىرنىڭ
كىرپىكلىرى لىغىرلاپ، غېنىنىڭ مۈرىسىگە
مۇشتلىدى:
— بۇرۇنراق شۇنداق دىسەڭ بولماس-
مىدى، غېنى، شۇنداق قىلىپ، بىرلە ئىش-
لەمسەن؟
— ئىشلىمىسەم كېلەمتىم، سىزنىڭكىزدىن
چىقماسلىقتا كاپالەت بېرىمەن.
— ئۇنداق بولسا سېغىزلىق يارنىڭ كو-
ماندىرلىغىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئەسلىدىكى كو-
ماندىرنى بۇ يەرگە ئەۋەتىۋەت. قايتىپ بار-
غاندىن كېيىن، ئۇ، سېنىڭ قول ئاستىڭدا
بولىدۇ. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار: بىرىنچى،
خۇمدانغا ياردەم بېرىش، ئىككىنچى، ئۆز ئور-
نىڭلارنى قوغداش.
ناسىر "پولكوۋنىك" تېخىچىلا ئۆز ۋە-
زىپىسىنى مۇقىملاشتۇرالماي تۇرۇۋاتقان ئەا-
چىنى خۇمدانغا ئەۋەتىۋېتىپ، غېنىنى بىر
تونۇشتۇرغۇچىنىڭ ھەمرالىغىدا سېغىزلىق
يارغا يولغا سالدى.
غېنى سېغىزلىق ياردىكى شوبە ئەترەت-
نى ئۆز قوماندىسىغا ئالغاندىن كېيىن، تو-
ۋەنكى توقايغا چۈشتى-دە، توش يانچۇغىدىن
بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ خەت يېزىشقا كى-
رىشتى، خەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن،
توت پۈكلەپ، مۇشۇكنىڭ بوينىدىكى شوينى-
غا چېگىپ قويۇۋەتتى، نەپسى تاقىلداپ كەت-
كەن مۇشۇك قويۇپ بېرىلىشى بىلەن تەڭ
ئورنىدىن چاچراپ چىقىپ ساتمىغا قۇيۇندەك
يۈگۈردى.

بۇ چاغدا پۈتكۈل ھەركەت تەييارلىق-
لىرىنى ئىشلەپ بولغان راخمان بىلەن قۇلاق
كەستى غېنىنىڭ خەۋەر بېرىشىنى توت كوز
بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى، توساتتىن مۇشۇك
ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر سەكرەپلا ساتمىغا كىرىپ
كەتتى، راخمان ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىرىپ، لا-
پاستىكى چاشقانغا ئېسىلىۋاتقان مۇشۇكنى
تۇتۇۋالدى،—دە، بوينىدىكى قەغەزنى يېشىپ
ئوقۇشقا باشلىدى، خەت مۇنداق يېزىلغان
ئىدى:
"مەن سېغىزلىق يارنىڭ باشلىغى بول-
دۇم، ناسىر ھەرقايىسى شوبە ئەترەت كو-
ماندىرلىرىنى مەجلىسكە چاقىردى، كېچىكسەك
تۈگىشىپ كېتىمىز، دەرھال پايلاقچىنى يولغا
سال".
— ناھايىتى ياخشى،— دېدى راخمان
قۇلاق كەستىگە،— پۈتۈشكىنىمىز بويىچە
پايلاقچىنى ئېلىپ يولغا چىققىن.
توت ئەتراپى بوران ئۇچۇرۇشۇپ كەلا-
گەن قومۇش، يانتاقلار بىلەن تىندۇرۇلغان
كونا خۇمدان دۈم كومتۇرۇپ قويغان سۇنۇق
داشتەك يەر ئۈستىدىن خېلىلا كوتىرىلىپ
تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى چالما-كېسەكلەر
ئۈستىدە، ئۈستى بېشى ئومۇچۇك تورلىرى
بىلەن بۇلغانغان ئون ئەسىرتىزلىرىنى قۇچاقلى-
شىپ جىم-جىت ئولتۇرۇشاتتى. خۇمدانىنىڭ
بۇزۇلۇپ ئوچۇق قالغان بىر تەرىپىدە ئىككى
كۈزەتچى باشلىرىغا قونغان پاشا، كۆمۈتىلارنى
ئۈركۈتكىنىچە ئۇيىاقتىن-بۇياققا ئوتۇپ نا-
زارەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. تېخى ھېلىلا يې-
تىپ كەلگەن ئەلچى ئوتىڭ قولىنى خالىغان
تەرەپكە شىلتىپ، يېنىدىكىلەرنى ھەر تەرەپ-
كە بۇيرۇيتتى، ئۇ بىرەر شەپىنى ئاڭلاپ
قالدى بولغاي، كوزلىرىنى ئارقا تەرەپكە
نەشتەردەك تىكىپ تۇرۇپ قالدى. ھايال
ئوتمەي سۇ ئۇچۇرۇپ كەتكەن يار ئاستىدىن
بەش بالا چىقىپ كەلدى، بۇلارنىڭ ئۇچى-

www.uyghurkitap.com

نىڭ باشلىرىدىكى چىۋىقلىق نىقابلىرى كۆزلىرىگىچە چۆكتۈرۈلگەن بولۇپ، كەينىدىكى ئىككىيلەن ئۇلارنى دۈشكەلەپ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. مۇشۇ خۇمداننىڭ بىر نەپەر چارلامچىسى چۈشىدە كۆرگەن ماجرادىن چوچۇپ ئويغانغان ساقچىدەك ھاڭۋاقتىنچە ساغرىسىنى قاشلاپ بىرنەچچە قەدەم نېرىسىدىن ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئەلچى كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى-دە، ۋاقىرىدى:

— توختاش! بۇ يەرگە نىمە دەپ كېلىشتىڭ؟

— كوزۇڭگە ماي تولۇپ قالدىمۇ، ئاداش، — دىدى كەلگەنلەرنىڭ كەينىدە قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان پايلاقچى، — ئاكاڭنى تونۇماس بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ماۋۇلار راخماننىڭكىلەرغۇ؟

— مېنى بۇنچىلىك ئىشنى قاملاشتۇرالمايدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ، ئۆزەڭگە قىياس بىرىۋاتىسەن-ھە! — پايلاقچى مەغرۇرانە ھىجىيىپ كۈلدى.

— سەن يالغۇز بۇنچىۋالا ئادەمگە تەڭ كېلەلەمسەن؟ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن تۇرساڭ.

— ئەخمىقەي، كۆرۈك توخۇدەك كورۈڭشماي گېپىمنى ئاڭلىغىنە، — پايلاقچى سول مۈرىسىگە بىر قانچە قىلىچ-مىلتىق ئېسىۋالغان قۇلاق كەستىنى كورسىتىپ تۇرۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — راخمان ئىككىمىزنى خۇمداننى رازۋېت قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. خۇمداننىڭ ئارقىسىدىكى ئويمانغا مۆكۈنگىنىمىزدە بۇ ئاغىنەم راخماننىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغىلى تۇردى، مەن "ناسىر پولكوۋنىكنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتەيلى" دىسەم دەرھال ماقۇل بولدى. شۇڭا ئۇنى ئەسىر ھىساۋىدا تۇتقۇن قىلىشتىن كورە، ئازادە ئېپ كېلىشنى لايىق تاپتىم. ئويماندىن چىقىپ، قومۇشلۇققا كىرىشىمىزگىلا "ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ" دىگەندەك ماۋۇ ئۈچ نەپەر ئىنجىمارۇق ئاسلاننىڭ جاڭجاللىشىپ تۇرۇۋاتقانلىغىنى دىمەمسەن. بىز بۇ سويىملارنى ئالداپ خۇمدانغا يېقىنلاشتۇردۇق-دە، قورالسىزلاندۇرۇپ ئەپكەلدۇق، مىجەزىمنى قوداڭشتماي بۇلارنى خۇمدانغا سولىۋەت، مەن يەنە پولكوۋنىكقا مۇھىم مەلۇمات يەتكۈزۈمەن.

ئەلچىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ باشقا گەپلەرنى قىلىشقا ئامالسىز قالدى. چۈنكى ھازىر ئېلىپ كېلىنگەن تەييار ئولجا ئۇنىڭ مىڭىسىدىكى گۇمانلىق تۇمانلارنى ئاستا-ئاستا تارقاتماقتا ئىدى. شۇڭا پايلاقچىنىڭ چىشىغا تېگىشتىن كورە ئىشنى ئوز ئىزىغا سېلىۋېتەي دىگەن خىيالغا كېلىپ:

— خاپا بولما ئاداش، ئەسىرلەرنى سولىۋېتەي، پولكوۋنىكنىڭ يېنىغا بارساڭ بىر ۋەر، — دىدى.

پايلاقچى شورلۇققا قاراپ ئۇچقاندەك چاپتى، ئەلچى ئەسىرلەرگە مېڭىش بۇيرۇغى بەرمەكچى بولۇپ كالپۇكىنى مىدىرلىتىۋېدى، پۇرسەت كۇتۇپ تۇرغان قۇلاق كەستى قاتتىق ۋاقىرىدى:

— چاپسان مېڭىش!

ئۈچ ئەسىر باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئاستا مېڭىشتى، ئەلچى قۇلاق كەستىگە بولغان رازىمەنلىگى بىلەن "بۇمۇ نان بەرسە ئادەم بولىدىغان نەرسىكەن" دىگەننى كوڭلىدىن ئوتكۈزگەچ، خۇمداننىڭ كىرىش ئېغىزىغا كېلىپ تۇردى، قۇلاق كەستى ئەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئەلچىگە بىرلا ئۇرۇلغان ئىدى، ئەلچى خۇمدان ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى، شۇ زامات قۇلاق كەستى بىلەن بىرگە كەلگەن ئۈچ ئەسىر جىددى ھەركەتكە كېلىپ، كىرىش

ئىغىزىدا تۇرغان ئىككى نازارەتچىنى قۇ -
چاقلاپ يىقىتتى - دە، خۇمدان ئىچىگە ئە -
كىرىپ قويۇپ، چىقىش ئىغىزىدا تىك
تۇردى، خۇمدان ئىچىدىكى ئەسىرلەر ھاڭ -
تاڭلىقتا نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. قۇ -
لاق كەستى ئۇلارغا قاراپ:
— بىرىنىڭكىلەر خۇمداندىن چىقىپ،
جەڭگە قاتنىشىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.
چىرايىغا شاتلىق يۇگۇرگەن ئەسىرلەر
دۇپۇرلۇشۇپ چىقىپ، تانكا مودىلىغا يولەپ
قويۇلغان ئۇز قورالىرىنى تىپىۋىلىشتى - دە،
جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. جەڭ خۇمداننىڭ
ھەر قايسى تەرەپلىرىدە يەككە - يەككە بولا -
دى، "ئالاھىدە ئەترەت" تارمىقىدىكىلەر
شۇنداق تەرسالىق بىلەن قارشىلىق كورسەت -
تىكى، ھەتتا يىراق - يىقىندىكىلىرىنىڭ بى -
رەرىمۇ قىچىپ كەتمىدى. لىكىن ئاخىرى
راخمان باشچىلىقىدىكىلەر ئۇستۇن ئەسكە -
رىي كۇچى بىلەن خۇمداننى پۇتۇنلەي
ئىشغال قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئايرۇپلان -
تانكا مودىلىلىرىنى غەنىمەت ئىلىپ، بۇ
يەرنى ساقلاۋاتقان 12 كىشىنى تولۇغى
بىلەن خۇمدانغا قامىدى.
قۇلاق كەستى ۋەزىپىنى غەلىبىلىك
تاماملىغاندىن كىيىن، خۇمدان ئۇستىگە
چىقىپ، بىر قولتۇق پاخالغا ئوت ياقتى.
سىغىزلىق ياردا تۇرۇپ، پاخالدىن كوتىرىلا -
گەن ئىس - تۇتەكنى كورگەن غىنى قول
ئاستىدىكى 9 ئەسكەرنىڭ يەتتىسىنى خۇم -
دانغا ياردەمگە ئەۋەتىۋىتىپ، بىرنى يىنىغا
چاقىردى.

— چاپسان پولكوۋنىكقا خەۋەر قىل، —
دىدى ئۇ چىرايى ئۆڭگەن قىياپەتتە، —
خۇمداندا ئۇرۇش بولىۋاتىدۇ، ئۇ ئۆزى
بىرىپ جەڭگە قوماندانلىق قىلسۇن، مەن
خۇمدانغا كەتتىم.

غىنى ئەۋەتكەن خەۋەرچى تەرلەپ -
تەپچىرەپ شورلۇق دوڭگە كەلگەندە، مەج -
لىسكە يىغىلغان كوماندىرلارنىڭ تورىدە
ئولتۇرغان ناسىر "پولكوۋنىك" پايلاقچىنىڭ
ئىنقىل كورسىتىشى بىلەن راخمانلارنى
تىرە - پىرەڭ قىلىۋىتىشىنىڭ لايىھىسىنى تۇ -
زۇۋاتاتتى، ئۇ خەۋەرچى يەتكۇزگەن مەلۇ -
ماتنى ئاڭلىغاندىن كىيىن، قوشۇمىسىغا ئال -
لىقانداق سىزىقلار يىغىلدى. ئۇ يەرنى
مۇشلاپ، جەڭگە ھازىرلىنىش بۇيرۇغىنى
بەردى - دە، خۇمدانغا يۇزلەندى. ئۇنىڭ
كوزى خۇمداندىكى پاخالدىن چىقىۋاتقان
ئىس - تۇتەك بىلەن ئۇچراشقاندا تىنى جىغ -
غىدە قىلىپ، يۇرىگى قاماقتا ئىلىنگەن
بىلىقتەك پۇلاڭلاپ كەتتى.
— جەڭچىلەر، — دىدى ئۇ بىر پەستىن
كىيىن، لىكىن گىپىنىڭ داۋامى نىمە سە -
ۋەپتىندۇر پايلاقچىغا يوتكىلىپ كەتتى، —
سەن بىر قانچىلەن بىلەن بۇ يەرنى قوغ -
داشقا قال! قالغىنىڭلار مەن بىلەن خۇم -
دانغا قاراپ ئاتلىنىڭلار!
ناسىر "پولكوۋنىك" بىلەن جەڭگە
ئاتلانغان بىر نەچچە كىشىلىك قوشۇن چۇ -
قان كوتىرىشىپ دوڭدىن ئۇچقاندەك چۇشۇپ
كەتتى. ئۇلار ھەر قانداق ئۇستۇن كۇچىنى
بىسىپ چۇشىدىغان تەھدىت بىلەن خۇمدانغا
يىقىنلاشقاندا، قەدەملىرى تاسادىپىي ئاس -
تىلاپ قالدى. ناسىر قول ئىشارىسى بىلەن
ئەسكەرلىرىنى توختىتىپ، ئەتراپقا كوز
يۇگۇرتتى. بۇ جاي خۇددى ئۇزۇندىن
بىرى يىتىمسىراپ ياتقان قاقاس چۇللۇكتەك،
غىرىبانە تىمتاسلىقتا چوككەن بولۇپ، خۇم -
داننىڭ ئاستى ياكى ئۇستىدە نە ئادەم، نە
ئايرۇپلان، تانكا مودىلىلىرىنىڭ سايىسىمۇ
كورۇنمەيتتى. "بۇ يەرنى ساقلاۋاتقانلار
قىنى؟ ئەلچىچۇ؟ غىنى قەيەردە؟" ئۇ چۇ -

شىنىكسىز ئىمتىھان سوئالىغا قانداق جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمىگەن ئوقۇغۇچىدەك ھېچنە-مىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇۋاتقىنىدا، خۇمدان ئۈستىدە كىچىككىنە بىر بايراقچە كۆتىرىلىپ قالدى، شۇندىن كېيىن ئالدىدىكى قىرلىق چىرنەك كەينىدىن غېنى ۋە قولاق كەستى باشچى-لىغىدىكى ئون نەچچە يىلەن "شارتلا" ئور-نىدىن قوپقىنىچە قاتار تۇرۇشتى، ئۇ، غې-نىغا ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئىككى قورغاننىڭ بىر يولىلا قولىدىن كېتىش سە-ۋەبىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئېيتقۇ-سىز بىر ئېچىنىشلىق ئازاپ پەيدا بولدى، بۇ ھەرگىز سېغىزلىق يار بىلەن خۇمدان-نى ئىشغال قىلىۋالغانلار تەرىپىدىن كەلگەن ئازاپ ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ كەم ئەقىل-لىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ قويغان مەغرۇرلۇق خاتالىقىدىن پەيدا بولغان ئازاپ ئىدى. ئۇ قەلبىدىكى ئېچىنىشنى بېسىپ ئالدىراق چىقتى-دە:

—غېنى، جەڭ قىلىشنى خالامسەن ياكى كېتىشىمىزگە يول قويامسەن؟—دەپ سورىدى.

—كېتەلمەيسىز، پولكوۋنىك.

—ئەمىسە جەڭ قىلامسەن؟

—ئەمدى جەڭمۇ قىلالمايسىز، تەسلىم بولماقتىن باشقا چارىڭىز يوق.

—بىزنى پايپاق ئورنىدا كورمەكچىمۇ-سەن؟—ناسىر "پولكوۋنىك"نىڭ چىرايى جىددى تۈس ئېلىپ، قىلىچىنى يېنىچە تۇتتى، ئەسكەرلىرىمۇ قوراللىرىنى تاراقشى-تىپ توغرىلىدى. غېنى تۇرقىنى قىلچە ئۆز-گەرتمەي قىلىچىنى يان تەرەپكە پېقىرىتىپ تاشلىغان ئىدى، قول ئاستىدىكىلىرىمۇ مىل-تىق-قىلىچلىرىنى تاشلاپ قۇرۇق قول تۇرۇشتى.

—بۇ نىمە قىلغىنىڭ غېنى، چېلىش-ماقچىمۇسەن؟—ناسىر ئەجەپلىنىپ سورىدى.

—مەيلىڭىز قايتىپ كەتسىڭىز كېتىڭ.

ناسىر "پولكوۋنىك" يېڭىۋاشتىن ئىش-قا كىرىشىش مەقسىدىدە، بىردىن-بىر ئۈستەكامى بولۇپ قالغان شورلۇق دوڭگە قايتماقچى بولۇپ كەينىگە بۇرۇلغان ئىدى، پايلاقچى قاتارلىقلارنى ئالدىغا سېلىپ كېلە-ۋاتقان راخمانلارنى كورۇپ قالدى. شۇ-نىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنى ماغدۇرسىزلىنىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈمىت يولى ئۈزۈلگەن ئىدى، چۈنكى ئۆزى ئە-گەللەپ تۇرغان 3 ئۈستەكامنىڭ قولىدىن كېتىشى ۋە سېغىزلىق يار بىلەن خۇمداندى-كى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ كېتىشى ئۇرۇشنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا ئۇ بارلىق دەرت-ئەلە-مىنى ئىچىگە يۇتۇپ، راخماننىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئىككى قولىنى ئىگىز كوتىرىپ:

—"ئالاھىدە ئەترەت" تارمار قىلىندى، تەسلىمنى قوبۇل قىلىڭ،—دېدى.

—شەيتانلىق قىلماي قولۇڭنى تاشلا-غىنە ئاداش،—دېدى راخمان چاقچاق قىلىپ،—سەنمۇ بوش كەلمىدىڭ.

—ساڭا ھەجەپ ئەقىل كىرىپ قاپتۇ، راخمان.

—سەندىن ئۆگەندىم، ھىلىگەر.

بارا-بارا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەتە-گەندىن بۇيانقى رەقابەت، قارىمۇ-قارشى-لىقنىڭ ھېچقانداق ئالامەتلىرى قالمىدى، بىر-بىرىنىڭ جەڭگە قوماندانلىق قىلىشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى سوزلەپ، دۇمباق چېلىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قېلىشتى.

—دۇمبىغىڭنى ئۇر،—ناسىر راخماننىڭ

دۇمباقچىسىغا بۇيرۇدى.

— خوپ.

دۇمباق ئۇرۇلۇش بىلەن تەڭ خۇمداندىكى ئەسىرلەر بولامدۇ، ھەر قايسى ئىستىھكامنى ساقلاۋاتقانلار بولامدۇ، ئىشقىلىپ، بۈگۈنكى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ سەپكە تىزىلدى، ئادەت بويىچە ھەر قېتىمقى ئۇرۇش تۈگىگەندە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىدا ئارىلىق قالدۇرۇپ لەۋھە تەقدىم قىلىشاتتى، ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەنلەرمۇ ئۆز سېپىگە قوشۇلۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ئۆز سېپىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان ناسىر "پولكوۋنىك" قاسقانلىق شەپكىسىنى ئاستا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن دائىم قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان سەييارە قىزىل بايراقنى ئالدى. بايراقنى قاتلىغىدىن چۇشۇرۇۋاتقاندا، سول تەرەپتىكى قومۇشلۇق چېغىر يولدىن ئەپكەش كوتىرىپ چىقىۋاتقان جامىل بوۋاينى كورۇپ قالدى:

— قارىغىنا، راخمان، كىم كېلىۋاتىدۇ؟— ناسىر يەم ئېلىپ كەلگەن ئانىسىغا تەلپۈنگەن قالىغاچ بالىسىدەك بوۋايغا ئىنتىلدى.

ئۇلار بىرنەچچە قەدەم ماڭماستىنلا بوۋاي يېتىپ كەلدى. ئىككى كوماندىر "چىپپىدە" توختاپ بوۋايغا پىونېرلارچە سالام بەردى. بوۋاي سالامنى ئىلىك ئالغاچ ئەپكىشىنى يەردە قويۇپ، ناسىرنىڭ قولىدىن بايراقنى ئالدى - دە، ئىككىسەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ:

— جەڭچىلەر، بۇ قىزىل بايراق بۈگۈنكى ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان راخمان قوشۇنىغا مەنسۇپ! — دېدى.

ناسىر ھورمەت قەدىمى بىلەن بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ بايراقنى ئالدى، ئۇندىن كېيىن بېشىنى ئېگىپ راخمانغا سۇندى، راخمان بايراقنى قولىغا ئېلىشى بىلەن تەڭ ناسىرنىڭ ئالاھىدە ئەترىدى راخمان قوشۇنىغا ھەربىيچە سالام بەردى. راخمان قوشۇنلىرى ئوق قوللىرىنى مەيدىسىگە ئېلىپ جاۋاپ تازىم قىلدى، راخمان قولىدىكى بايراقنى غىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ھەركەتنىڭ ئاخىرقى كۇن تەرتىۋىنى ئېلان قىلدى:

— ئۇرۇش ئاياقلاشتى، تارقىلىڭلار!

(بېشى 128- بەتتە)

— ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق بەرمەيمىز، — دېدى بېسىم ئاتالاي بەگ، — ھەيئىتىمىزنىڭ پۇلى ئاز.

— مەنمۇ قىلمايمەن، — دېدىم.

بېسىم ئاتالاي بەگ شۇنداق دېدى:

— سەن ئىشلىمىسەڭ مەن ئىشلەيمەن، كېيىن كوڭلۇڭ قالمىسۇن.

— يوغىسۇ، بۇ كىتاپنى شۇنچىلىك سۇيۇمەنكى، ئۇنى نەچچە مىڭ ئادەم تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇنسا، شۇنچە سۇيۇنىمەن، ھەر بىرىگە ئايرىم تەشەككۇر ئېيتىمەن، — دېدىم مەن.

ئارىدىن ئۇزۇن ئوتمەي، بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسنى چىقىرىشقا باشلىدى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ماڭىمۇ ئەۋەتتى، مەن تەشەككۇر ئېيتتىم. ئىنشائاللا، بەلكىم يەنە بىر قانچە تەرجىمىسىنى كورەرمىز. بۇ ئالماس قانچە جىق ئىشلەنسە شۇنچە ياخشى.

تۇركچە «بۇيۇك تۇرۇك تىلچىسى قەشقەرلىق مەھمۇت» تىن.

قاھار بارات تەرجىمىسى.

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

"ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرقانچىسىنى ئوقۇپ چىقمىغان، ئوقۇغاندىمۇ ناھايىتى مەستانىلىق بىلەن ئوقۇمىغان، ئۆشتۈمتۈتلا ھېكايە - رومان يېزىپ چىققان ھەمدە يازغاندىمۇ ناھايىتى يارامسىز - ئوبدان يازالىغان يازغۇچىلار دۇنيا مىقياسىدا ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك. ئەمگەكچىلەر سىنىپىدىن كېلىپ چىققان ياكى دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان يازغۇچى گەرچە مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەدەبىي - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئاۋال، كۆپىنچە ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان بولىدۇ. تەبىئىي، دۇنيادا ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ئوقۇمىغان تۇرۇپمۇ ياخشى ئەسەر يازالىغانلارمۇ بولغان، ئەمما ئۇ ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بەلكىم تىملا بولمىسۇن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىدۇ؛ خەلق چۆچەكلىرى، ناخشا - قوشاقلار قاتارلىق نامەلۇم يازغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئەسەرلىرىدىن جەزمەن ناھايىتى زور پايدىغا ئېرىشكەن بولىدۇ. ھېچنەرسىنى ئەينەك قىلماي تۇرۇپ، قۇرۇق قول بىلەنلا ئۆزىچە يېتىشىپ چىقىپ قالغان يازغۇچى ئەمەلىيەتتە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ھېكايە، رومان يازىدىغانلار ئۈچۈن "ئادەم" نى تەتقىق قىلىشتىن باشقا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ نەرسە، ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى ۋە دەۋرلەردىن دەۋرلەرگىچە تارقىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدۇر."

(ماۋدۇن)

ئەدەبىي - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئۆتمۈشتىكى كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پىششىق ئۆگىنىش كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر. گەرچە ئۇ بىردىن - بىر ئامىل بولمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. يۇقۇرىدىكى بىر ئابزاس سۆزدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى. ماۋدۇننىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى ۋە تەسىراتى ئۇزۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئەدەبىي مىراسلارنىمۇ ئۆگەنمەي، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىنمۇ ئۆگەنمەي ئۆزلىگىدىن "مەشھۇر" يازغۇچى بولۇپ چىقىش ئارزۇسىدا بولۇپ يۈرگەنلەر ئۈچۈن مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولار.

"شۇنداق قىلىپ مەن ھىكايە يېزىش" مەقسىدىنى كوڭلۇمگە پۇكۇپ تۇرۇپ 'ئادەملەر' نى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتىم.

'ئادەم' مېنىڭ ھىكايە يېزىشىمدىكى بىرىنچى نىشانەم بولدى. مەن ئۆز خىيالىمدا: ئاۋال 'ئادەم' بولۇشى كېرەك، ئاندىن بىرەر ھىكايىغا تۇتۇش قىلسام، ئۇنى نەدىن باشلاشنى بىلگىلى بولار، دەپ قارىغان ئىدىم. بىراق، بىر 'ئادەم' ئۆزىنىڭ ياتاقخانىسىدا ئائىلىگە بىر خىل مۇئامىلىدە بولسا، مېھمانخانىسىدا دوستلىرى ۋە تۇققانلىرىنى كۈتكەندە يەنە باشقىچە مۇئامىلىدە بولىدىكەن، ئىشخانىسىدا ئۆزىنىڭ باشلىقلىرى ياكى قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن كورۇشكىنىدە يەنە باشقىچە مۇئامىلىدە بولىدىكەن، ئۇ يەككە - يېگانە ھالدا ئايرىم بىر ئويگە كىرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ خۇسۇسى ئىشلىرى ئۈستىدە چوت سوقۇپ ئولتۇرغانلىرىدا بولسا، باشقىلار ئانچە كورەلمەيدىغان تېخىمۇ باشقىچە بىر قىياپەتتە بولىدىكەن؛ شۇڭا 'ئادەم' نى تەتقىق قىلىشتا ئۇنى باشقا 'ئادەم' لەردىن ئايرىپ، يەككە - يېگانە ھالدا تەتقىق قىلىشقا، خۇددى بىرەر يوپۇرماقنى تەتقىق قىلىشتا دەرەخنىڭ شېخىدىن ئۈزۈپ كېلىپلا شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ رەسىمنى سىزىۋالغانغا ئوخشاش ئىش قىلىشقا بولمايدىكەن، 'ئادەم' بىلەن 'ئادەم' نىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق قىلىپ 'ئادەم' نى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى مەسىلە بولۇپ قالدى.

دېمەك، 'ئادەم' نىلا ئىشلەتكەن بىلەن ئىش پۈتمەيدىكەن، 'ئادەم' بىلەن 'ئادەم' نىڭ مۇناسىۋىتىمۇ بولۇشى كېرەك ئىكەن؛ يەنە كېلىپ 'ئادەم' بىلەن 'ئادەم' نىڭ مۇناسىۋىتى بىر ھىكايىنىڭ باش تېمىسى بولۇپ قالدى، دېمەك، شۇ ئارقىلىق 'ئادەم' كېلىپ چىقىدىكەن. كېلىپ چىققان ئۇ 'ئادەم' لەر قۇرۇقتىن - قۇرۇقلا ئويلاپ چىقىرىلغان بولماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە.

مەن شۇنداق دەپ قارايمەنكى، ھىكايە يازىدىغان كىشى تەتقىق قىلماقچى بولسا، 'ئادەم' نى تەتقىق قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنى 'ھىكايە يېزىش ئۇسۇلى' دىگەنگە ئوخشاش نەرسە بولماسلىقى كېرەك.

'ئادەم' تەييار بولدى، 'ئادەم' بىلەن 'ئادەم' نىڭ مۇناسىۋىتىمۇ تەييار بولدى، ئەمدىكى مەسىلە ئۇنى ئەمەلىي يېزىقچىلىقتا كورسىتىشتە قالدى، ئەمدى يەنىلا ئۆزەم ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي، دەسلىۋىدە مەن ئۆزەممۇ بۇ تەرەپنى شىرە ئۈستىدە ئولتۇرۇپلا تەتقىق قىلىشقا بولمايدىغانلىغىنى ھىس قىلمىغان. لېكىن ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تالاي - تالاي مىساللار ۋە ئۆزەمنىڭ تەجرىبىلىرىمۇ ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئەگەر كىتاپتىكى 'ئادەم' نىڭ ئاغزىدىكى ناھايىتى ئاددىغىنا ئىككى - ئۈچ ئېغىز سوزى بىلەنلا ئۇ 'ئادەم' نىڭ تىپىك خاراكتېرىستىكىسىنى يېزىپ چىقماقچى بولسا، ياكى كىتاپتىكى 'ئادەم' نىڭ سوزىنى راستىنلا تىرىك ئادەمنىڭ گەپ - سوزلىرىدەك قىلدۇرماقچى بولسا، يەنىلا شىرەدە ئولتۇرۇپ پىششىقلاشنى تاشلاپ، تىرىك ئادەملەر ئارىسىغا بېرىپ تەتقىق قىلىش كېرەك ئىكەن."

(ماۋدۇن)

"دۇنيا شۇ قەدەر مول - كەڭ، تۇرمۇش شۇ قەدەر خىلمۇ - خىلكى، سەن ئۇچۇن شېئىر يېزىشنىڭ ئىلھاملاندۇرغۇچىسى ھەرگىز كەملىك قىلمايدۇ. ئەمما يازغانلىرىڭ پۈتۈنلەي

نەق ـ كونكرېت تەسىراتتىن ھاسىل بولغان شېئىر بولۇشى كېرەك، يەنى رېيال تۇرمۇش ھەم شېئىرنىڭ پۇرسىتىنى، ھەم شېئىرنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەمىنلىگەن بولۇشى كېرەك. ئالا ـ ھىدە كونكرېت بولغان مۇئەييەن بىر ئەھۋال شائىرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ئارقىسىدا ئومۇملۇق خاراكتېرىگە ۋە شېئىرىي پىكىرگە ئىگە بولغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. مېنىڭ بارلىق شېئىرلىرىم پۈتۈنلەي نەق مەيدان مەنزىرىلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىم زوقى بىلەن يېزىلـ ـغان، رېيال تۇرمۇشتىن كەلگەن، رېيال تۇرمۇشتىن پۇختا ئاساس تاپقان. مەن مۇئەللەق راۋاقتىكى مەزمۇنسىز ـــ قۇرۇق شېئىرلارنى ئەسلا پىسەنتىمگە ئىلمايمەن.

رېيال تۇرمۇشتا شېئىرىي پىكىر يوق دېمەسلىك كېرەك. شائىرنىڭ قابىلىيىتى دەل ئۇنىڭدا كوپ ئۇچرايدىغان ئاددى شەيئىلەردىن كىشىنى جەلپ قىلارلىق بىر تەرەپنى تې ـ پىپ چىقالايدىغان يېتەرلىك ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بولۇشىدا. شېئىر يېزىش مۇددىئاسىنى رې ـ يال تۇرمۇش يارىتىپ بەرگەن بولۇشى كېرەك، مانا بۇ ئىپادىلىمەكچى بولغان مۇھىم نۇقتا، يەنى شېئىرنىڭ ھەقىقى مېغىزىدۇر؛ ئەمما شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ گۈزەل، جانلىق بولغان بىر پۈتۈنلۈكنى يارىتىپ چىقىش تامامەن شائىرنىڭ زىممىسىدىكى ئىشتۇر."

(گېيوتى)

"كىمدە ـ كىم ئادەم ۋە تۇرمۇشنى تەسۋىرلىمەكچى بولسا، ئۇ كىشى تۇرمۇشنى ئۆزى بىۋاستە ئۆگىنىپ تۇرۇشى كېرەك."

(چېخوپ)

"مەن بارلىق تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ـ ئالاقىلىشىپ، ھەر بىر كىشىدىن بەزى نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋېلىشنى خىيال قىلىمەن. ۋەزىيىتى بار، مەلۇم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر بىر كىشى مەن ئۈچۈن جەلپ قىلارلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. مەن ئالدى بىلەن ئۆزەمگە دولەت ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىپىلەر، بارلىق تەبىقىلەر، بارلىق ھەرىكەتلەر، بارلىق ئەمەلى دەرىجىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىمەن. مېنىڭ ھىس قىلىشىمچە، خىلمۇ ـ خىل كەسىپتىكى كىشىلەرنى تەسۋىرلەشنى نىشان قىلىدىغان يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مانا بۇلار ئىنتايىن زورۇر. ئەگەر ئۆزەڭنىڭ كالىلىسىدا ئۆزەڭ تەسۋىرلەيدىغان كىشىنىڭ پۈتكۈل خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە پۈتكۈل ۋەزىپىسى توغرىلىق ئالدىنئالا چۈشەنچە بولمىسا، ئۇنى تېگىشلىك دەرىجىدە، دەل جايىدا قىلىپ سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغان ھەمدە ئۇنى ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ساۋاق ۋە تەربىيە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالماي قالىسەن."

(گوگول)

"مېنىڭچە، نورمال پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ۋە ھەقىقى ياشاۋاتقان ھەر بىر كىشى باشقا ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىپ بارىدۇ ـ يۇ، ئا ـ دەملەرنى تەسۋىرلىمەكچى بولغان كىشى تېخىمۇ شۇنداق قىلمامدۇ؟ مەن بىلەن بىر مەزگىل بىللە ئۆتكەن كىشىنى كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئەسلەيدىغان بولسام، ئالدى بىلەن ئۇ قىلغان ئىشلارنى ئېسىمگە ئالىمەن، ئاندىن ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلى، تۇرقى، قىياپىتى ۋە ئاۋازىنى ئېسىمگە كەلتۈرۈمەن. ئۇندىن باشقا، ئۇنىڭ قانداق كىيىم ـ كېچەك

كىيگەنلىرى ۋە بېشىغا قانداق نىمە كىيگەنلىگى ئېسىمگە كېلىشىمۇ مۇمكىن، بۇلارنى زادىلا ئەسلىيەلمەي قېلىشىممۇ مۇمكىن. بىر كىشىنىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتىرىستىكىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەركىتى كىشىگە ھەممىدىن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ، مانا بۇلار ئەدىبى ئىجادىيەتتە تەسۋىرلەيدىغان ئاساسلىق تەرەپ، شۇنداقلا مەن ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان جايلاردۇر."

(ليۇچىڭ)

"بەزىلەر مەندىن: 'مەنىمۇ بېيجىڭدا تۇرۇۋەن، سىزمۇ بېيجىڭدا تۇرۇۋسىز، بېيجىڭ تىلىنى سىز ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتەلەيدىكەنسىز، مەن نىمىشقا ئۇنداق قىلالمايدىغاندىمەن؟' دەپ سورىشىدۇ. مېنىڭ جاۋابىم شۇكى: مەن بولسام ئارىلاشما چوڭ قورادا ئۇلتۇراقلىق بولغانلىغىم ئۈچۈن، ئارىلاشما چوڭ قورانى تەسۋىرلەشكە ماھىر؛ مەن 'ئەجنەبىچە رىكشىچى' نى تەسۋىرلەشكە ماھىر، چۈنكى مېنىڭ بىر مۇنچە ئاغىنىلىرىم رىكشا تارتىش بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قانداق جان بېقىۋاتقانلىغىنى بىلىمەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلىنىمۇ ئىپادىلىيەلەيمەن. بېيجىڭلىق بىر رىكشىچىمۇ باشقا بېيجىڭلىقلارغا ئوخشاشلا: 'چاي ئىچەمسىز؟'، 'قەيەرگە بارىسىز؟' دىگەنگە ئوخشاش ئادەتتىكى بېيجىڭ تىلىدا سوزلىيەلەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تىل جەھەتتىنلا ئىزلەشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىن ئۈمىتسىزلىنىپ قالىمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ 'كەسىپ سوزى' ئانچە كوپ ئەمەس. مۇبادا بىز 'يەر قالپىغى چىلايمىز' دىگەنگە ئوخشاش بىر قانچە سوز ئارقىلىقلا بىر رىكشىچىنى تەسۋىرلەيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بەك ئاددى بولۇپ قالىدۇ."

(لاۋشې)

"ئەدىبى ئىجادىيەت سەنئىتى، پېرسۇناژلار ۋە 'تىپلار' نى يارىتىش سەنئىتى تەسەۋۋۇر قىلىشنى، قىياس قىلىشنى، 'توقۇپ چىقىرىشنى' تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچى ئۆزىگە تونۇش بولغان بىرەر دۇكاندارنى، ئەمەلدارنى ئىشچىنى، تەسۋىرلىگىنىدە قانچىلىك دەرىجىدە بولسۇن، ئىش قىلىپ بىر ئادەمنىڭ پورترىتىنى يارىتىپ چىقىدۇ، ئەمما بۇ پەقەت ئىجتىمائى - تەربىيۋى ئەھمىيىتى بولمىغان بىر پورترىتتىنلا ئىبارەت بولۇپ، بىزنىڭ ئادەم ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق دىيەرلىك بولىدۇ....

لېكىن ئەگەر يازغۇچى ھەر يىگىرمىدىن ئەللىككىچە، ھەتتا بىر قانچە يۈزگىچە دۇكاندار، ئەمەلدار، ئىشچىدىن ئەڭ خاراكتىرلىق سىنىپىي خۇسۇسىيەتلەرنى، ئادەتلەرنى، ھەۋەسلەرنى، ھەركەتلەرنى، ئېتىقات ۋە سوزلەش خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەم باشقا تەرەپلىرىنى تاللاپ ئالالىسا ۋە شۇ خۇسۇسىيەتلەرنى بىر دۇكانداردا، بىر ئەمەلداردا، بىر ئىشچىدا بىرلەشتۈرەلىسە، شۇنداق قىلىپ 'تىپ' يارىتالىسا، مانا بۇ سەنئەت بولۇدۇ. كۈزىتىشلىرىنىڭ كەڭلىگى، تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ موللىغى سەنئەتكارنى ئۇنىڭ شەيئى ۋە پاكىتلارغا بولغان شەخسى پوزىتسىيىسىنى ۋە سوبېكتىۋىزىمنى يېڭەلەيدىغان كۈچ بىلەن قۇراللاندۇرالايدۇ."

(گوركى)

"ئەدەبىيات دېگەن خۇددى رەسىم سىزغانغا ئوخشاش بولىدۇ. گۈزەل ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن بىر مودېلنىڭ قولىنى، يەنە بىر مودېلنىڭ پۇتىنى، بىرسىنىڭ كوكرىكىنى، يەنە بىرسىنىڭ يەلكىسىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. سەنئەتكارنىڭ بۇرچى—ياراتقان شۇ ئادەمگە جان كىرگۈزۈپ، تەسۋىرنى چىنلىققا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر يازغۇچى رىيال تۇرمۇشتىكى بىر ئائىلىنى تەقلىت قىلىپ يازماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئەسىرى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. كىتاپخانلار 'مەخسۇس زىننەتلەنگەن چىنلىق' نى چۆرۈپ تاشلىۋېتىدۇ."

(بالزاك)

يۇقۇرىدىكى بىرقانچە ئابزاس ئۈزۈندىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مول ماتېرىياللار ئاساسىدا ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ۋە ئۈلگە بولارلىق، جەلپ قىلارلىق تىپلارنى يارىتىش ئۈچۈن، يازغۇچى، شائىرلار جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چوڭقۇر چوكۇپ، ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، تۇرمۇشتىكى خىلمۇ-خىل دېتاللارنى، ھەر خىل ۋەقەلىكلەر ۋە مەنزىرە-كۆرۈنۈشلەرنى ئىگەللەش، ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى ئىگەللەش لازىم. مول ماتېرىيالغا ئىگە بولماي تىپىكلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ؛ مول ماتېرىيالنى ئىگەللەش ئۈچۈن بولسا تۇرمۇشقا چوكۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. بۇنى چەتئەل ئەدىپلىرىمۇ، جۇڭگو ئەدىپلىرىمۇ ئۆز تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، ئەينەك قىلىش بىز ئۈچۈن مۇھىم. پۈتمەس-تۈگىمەس ئەڭ جانلىق، ئەڭ مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگۈچى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوكۇش، كۆزىتىش ۋە ئۆگىنىش بولسا تېخىمۇ مۇھىم.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تىلەك.



# ئۇمۇر ۋە ئارمان

قاۋۇل ساۋۇر

ئەزەلدىن لاي سۇنىڭ ئېقىشىغا تەڭ
مەنىسىز، بى لەززەت ئۆتكەن ھەر ئۇمۇر.
ئىبرەتتۇر بۇ سوزمۇ: كويمەس قايتىلاپ
بىر قېتىم كويدۇرۇپ كۇل بولغان كومۇر.

ۋە لېكىن ئېقىن سۇ ئاقماس مەنىسىز،
نە مەۋجۇت ئۇنىڭسىز ئادەم، زىرائەت.
كومۇر ھەم ھىچقاچان كويمەس بىھاجەت،
ئۇ بېرەر ئىنسانغا ئىسسىق-ھارارەت.

يېتەرمەن ئارمانغا ئېقىن سۇ بولۇپ،
مەرىپەت بېغىدا شاقىراپ ئاقسام.
ئىگەللەپ پەن-بىلىم، ئىجات بېغىغا
مەنمۇ تەر-ئەجرىمدىن بىر ئۇنچە قاتسام.

ساداقەت پېچىدا كويۇپ كومۇردەك،
ئەل ئۇچۇن ھارارەت قالدۇرۇپ ئوتسەم.
ياشايتتىم خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۇ،
بىر ئۇمۇر ئىسسىقلىق قالدۇرۇپ ئوچسەم.

# ئىككى شېئىر

تەلئەت ناسىرى

## نان ۋە تۇپراق

قاراپ قالدىم چىلان تۇپراق يەرگە مەن،
يۇرىگىمدە ئۇنىڭ ئىشقى ئوت ئالغاچ.
بولدى پەرۋاز ئەتكۇزگەندەك پىكرىمنى،
ئېتىز بويلاپ ئۇچۇپ ئوتكەن بىر قالغاچ.

ئويلىدىممەن، دەسسەپ تۇرغان شۇ تۇپراق
ئوز باغرىدا ئوستۇرمىسە ئۇرۇقنى؛
ياشاپ تۇرغان يېشىل مايسا-ئوسۇملۇك
نەدىن ئالار ئىدى تەنگە ئوزۇقنى.

داننى ئۇلۇغ، دەيدۇ باشتا كوتىرىپ،
بولغاچ ئۇنىڭ ھاياتلىقتا ھىكمىتى.
قولۇڭدىكى ئاشۇ ناننىڭ پارچىسى
ئەمەسمۇ شۇ قارا تۇپراق نېمىتى؟!

## ئۇستەك مېھرى

ئاق ئۇستەك، كېلسەڭ تولغىنىپ ئۇيناپ،
يايلاقتىن ئەگىگەن جىلغا بۇلاقتىن.
مەس بولۇپ يايرايمەن قىرغاقلىرىڭدا،
باغلىرىڭ تارقاتقان ئىسىل پۇراقتىن.

ئەسلىسەم ئەگەر مەن گۇدەكلىكىمنى،
ئېسىمگە چۈشىدۇ كەپسىز چاغلىرىم.
ئېسىمدە ئېتىلىپ ئوركەشلىرىڭگە،
ھە، ئىللىق قىرىڭغا كوكرەك ياققىنىم.

سۈيىڭنى قايىنىپ ئەتكەن چاي ئىچكەن
ئانامنىڭ سۈتىگە قېنىپ ئوسكەنمەن.
سەن سىڭگەن بىپايان ئېتىز، باغلارنىڭ
كوكىرىشى، مېۋىسىن تويۇپ يىگەنمەن.

مېھرىڭنى سوزلىسەم يۈرەكتە يالقۇن،
سەن ماڭا ھاياتلىق — قان ۋە جان بەرگەن.
(دوستلىرىم، بۇ سوزگە قالماڭ سىز ھەيران،
دۇنيادا قايسى جاي سۇسىز كوكەرگەن؟!)

ۋۇجۇدۇم كۈچ ئېلىپ شەرۋەتلىرىڭدىن،
ئىرادەم چېنىققان شاۋقۇنلىرىڭدا.
ئەسلىسەم ھەر قاچان، ئاق ئۇستەك، سېنى،
يانىمەن مېھرىڭنىڭ يالقۇنلىرىدا.

ئاق ئۇستەك، تىنىمسىز ئوركەش ياسىشىڭ
بىر ئومۇر قالغاچقا قولاققا سىڭىپ،
چاچلىرىم ئاقارغان بولسىمۇ، بىراق
ئوينايدۇ يۈرىگىم ساڭا بەس سېلىپ.

## ئەككى شېئىر

سەييارە سەلەي

## ياشلىق مەۋسۇمى

قۇيۇندەك تېز ئوتەر ياشلىق مەۋسۇمى،
قەدرىنى بىلمىسەڭ ۋە غەم يىمىسەڭ.
ياندۇرغىن دىلىڭگە بىلىم شامىنى،
ھاياتىڭ يولىدا ئېزىنقاي دىسەڭ.

ۋە لېكىن، بىلىمگە ئېرىشمەك مۈشكۇل،
يىگىندە قۇدۇقلار قازماق مىسالى.
كېچىدە كورۇنگەن ئوتلار بەك يىراق،
ۋە لېكىن يەتمەكنىڭ باردۇر ئامالى.

بۇ ئامال — ۋاقىتنى قەدىرلەش دىمەك،
ۋاقىتتىن كۈچ ئېلىپ گۈللىنەر ھايات.

ۋاقىتتىن تۇغۇلار شائىر ئىلھامى،
سىڭگەندە ۋاقىتقا قان - تەر، ئىجتىھات.

پەلەكتە قاناتسىز ئۇچالمايدۇ قۇش،
تۇپراقتا نۇر كورمەي ئوسەلمەس گىيا.
ئىنسانغا بىلىم نۇر بىلەن قاناتتۇر،
ئەل قوينى تۇپراق ھەم كەڭ ئاسمان گويا.

ئانا ئەل مېھرىنى ئايىماس ھەمدە
تىلسىمنى يېشىشكە تېپىلار ئىمكان؛
ئۇلۇغۋار غايىنى پۇكوپ كوكسۇلگە،
ئەقلىنىڭ تۇغىنى كوتەرسە ئىنسان.

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتنى چىڭ تۇتقىن،
چىڭ تۇتايلى بىز،
ياشلىقمۇ قىممەت ۋە بىلىممۇ قىممەت.
قىممەتلىك ياشلىقنى تېگىشكەندىلا —
قىممەتلىك بىلىمگە،
ياشايمىز ئەبەت.

## پىدا مېھرىڭگە

دۇنياغا كوز ئېچىپ تورەلگەن كۈنۈم،
قۇياشىنىڭ نۇرلىرى چېچىلغان ماڭا.
ئانىلىق سۆيۈشىدە قۇتلاپ ئانا يەر،
ھاياتنىڭ ئىشىگى ئېچىلغان ماڭا.

ۋەتىنىم، قوينىڭدا ئۆستۇم - يېتىلدىم،
گۈللىرىڭ ھىدىدىن مەن ئېلىپ نەپەس.
كۈمۈش رەڭ ۋادىلار، ئالتۇن قىرغاقلار
ئويغاتتى قەلبىمدە شائىرلىق ھەۋەس.

باھارنىڭ گۈزەللىگى سىڭدى قەلبىمگە،
ھەر بىر تاش، ھەر گىيا بەردى مېھرىنى.
ياپراقلار يەلپۈگەن سۈزۈك بۇلاقلار
زەمزەمدەك سۆيىدە ئۆستۈردى مېنى.

ئاسماننى قىزارتقان قىپ - قىزىل بايراق
ھاياتىم يولىنى يورۇتتى روشەن.
باشلىدى گۈزەللىك مەنزىللىرىگە،
ئىستىقبال پارلىدى مىسالى گۈلشەن.

ياشلىغىم باھاردەك گۈللىدى سەندە،
گۈللىدى خەلقىمگە تومۇرداش تىلەك.
مېھرىڭنىڭ يولىدا بولغان جەڭلەرگە،
مېھرىڭدە ئۇسكەن جان پىدادۇر ئەبەت.

## شوپۇر قىز

ئايشەم نۇراخۇن

خىزمەت بىلەن كەلگەن ئىدىم
بەش كۈن ئاۋال مەن غۇلجىغا.
قايتىش ئۈچۈن جابدۇنغاندا،
يولۇقتۇم بىر شوپۇر قىزغا.

بۇ قىز ماڭا تونۇش بولۇپ،
ئىسمى ئۇنىڭ رىزۋان ئىدى.
"ياخشىمۇسىز؟ قېنى تېزرەك
ماشىنىغا چىقىڭ" دېدى.

ئەتىگەندە مېڭىپ كەتتۇق،
لەپ - لەپ قىلىپ ياغاتتى قار.
ئاپپاق تونغا پۈركەنمەكتە
ئېتىز - دالا ھەم ئېدىرلار.

كىم ئويلىغان كەڭساي ئارا
قارلىق بوران ئۇچۇشىنى.
شۇۋرغاننىڭ كوز ئاچقۇزماي
دوۋە قارنىڭ كوچىشىنى.

ئەنسىرەيتتىم كەپىنكىدە،
سەپ - سالاتتىم قىزغا پات - پات.
كوردۇم شۇندا ھۇشيار قىزدىن
ئۇرغۇپ تۇرغان جەسۇر - غەيرەت.

ئىلگىرلىدۇق ئالغا قاراپ،
ئۇستىمىزنى قار كومسىمۇ.
شوپۇر قىزنىڭ قولى رولدا،
قەلبىدە چوڭ ئىشەنچ - ئارزۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇچراپ قالدى
بىر ماشىنا قارغا پاتقان.
شوپۇر بىلەن ئۈچ ئادەمكەن،
ئۈمىت بىلەن يولغا باققان.

شوپۇر ئىكەن خەنزۇ يىگىت،
ماشىنىسى يېتىپ قاپتۇ.
ئوتكۇنچىلەر ئوتمىگەچكە،
يېرىم كۇندەك يېتىپ قاپتۇ.

بۇنى كورۇپ قىزغا قاراپ،
كېتەيلى تېز دىگۇم كەلدى.
بۇ سوغاقتا ساقلاپ تۇرماق
ئويلاپ باقسام ئېغىر كەلدى.

قىزچاق ماڭا قاراپ قويماي،
ماشىنىغا بەردى تورمۇز.
ئېيتتى شۇئان ئەھۋالىنى،
يۈگرۈپ كېلىپ ئۇلارمۇ تېز.

"يۇرۇڭ سىڭلىم، بىز ماڭايلى، —
دىدىم ئاخىر سوز قىستۇرۇپ، —
كوتسۇن باشقا ماشىنىنى،
كەچ قالمايلى بۇندا تۇرۇپ".

"ياق، بولمايدۇ، — دىدى قىزچاق، —
كېتەلمەيمەن تاشلاپ قويۇپ.
شوپۇر قەلبى چىدالامدۇ
سەپدىشنى يولدا قويۇپ؟!"

بۇ سوز چاقماق چېقماغاندەك،
قۇلۇغومدا جاراڭلىدى.
خىجىللىقتىن بار ۋۇجۇدۇم،
ئوتتەك يېنىپ لاۋۇلدىدى.

يىگىتتىكى ئۇمىتسىزلىك
شۇ ئاندىلا تارقاپ كەتتى.
تەييار قىلىپ ماشىنىنى،
پولات ئارقان بىلەن چاتتى.

بىرەر سائەت ھەپىلىشىپ
ماشىنىنى تارتىپ چىقتى.
خوشاللىقتا ئۇلار كېلىپ
قىز قولىنى قاتتىق قىستى.

"رەھمەت، — دىدى خەنزۇ يىگىت
چىن قەلبىدىن شوپۇر قىزغا، —
مىڭ رەھمەتمۇ ئازلىق قىلار
سىزنىڭ قىلغان ئىشىڭىزغا."

"ئەرزىمەيدۇ، بىز كەسپداش،
ياردەم قىلىش ۋەزىپىمىز.
قېنى چىقىڭ ماشىنىغا،
بىللە بولسۇن سەپىرىمىز."

ماڭدۇق ئاستا قاتارلىشىپ
ئەگرى ـ بۈگرى يول ئۇستىدە.
جىلۋە قىلار شاتلىق نۇرى
قىزنىڭ گۈزەل كوزلىرىدە.

## «تارىم»

(«تارىم» ژۇرنىلىغا بېغىشلايمەن)

مىجىت تاش

نەشردىن نۇر چېچىپ چىقساڭ، ۋۇجۇدۇم يايرىدى، «تارىم»،
تومەن بۇلبۇل ناۋا ئەيلەپ، ئەجەپ شوخ سايرىدى، «تارىم».
ئوقۇيمەن بەكمۇ زوق بىرلە ھەممىشە ئىشتىياق باغلاپ،
ئېلىپ بەھرى سېنىڭدىن كوپ كوچەتلەر ئاينىدى، «تارىم».
پۈتۈن شىنجاڭدا مەشھۇرسەن، يېتىلگەن خۇش پۇراق گۈلسەن،
سېنى كورگەندە ھەر دائىم يۈرىگىم ئوينىدى، «تارىم».
تېخىمۇ چامدىغىن ئالغا، بولار ھەر دىل ساڭا شەيدا،
مېنىڭدەك كوپ ھەۋەسكارنىڭ ئىجاتىنى باشلىدى، «تارىم».

# «ئاۋرال شامالىلىرى» پروزىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى

مەھەممەت پولات

«ئاۋرال شامالىلىرى» يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ 1981-يىلى ئېلان قىلىنغان تۇنجى رومانى. پروزىمىزنىڭ يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» رومانىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىككىنچى يىرىك ئەسىرى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ كىشىنى خوشال قىلىدىغان يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى.

60-يىللار ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئالاھىدە يىللار بولدى. چېكىدىن ئاشقان سول ئىدىيىۋى لۇشيەن بىلەن ئېغىر تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتى مىسلى كۆرۈلمىگەن زور قىيىنچىلىققا دۇچكەلدى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق ۋە نىسبەتلىك تەرەققىياتى بۇزۇلۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلىرى يېڭىدىن بولۇنۇش، يېڭىدىن تەشكىللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ ھال ئەينى ۋاقىتتىكى كەڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدە، دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدە بەكمۇ روشەن ئەكس ئەتتى. ئەزەلدىن ئىككى سىنىپ، ئىككى لۇشيەن كۈرىشىنىڭ گىرەلىشىش نۇقتىسى بولۇپ كەلگەن كەڭ يېزىلار بۇ قېتىمقى سىياسىي ئېلىشىشنىڭمۇ مۇھىم جىبھىسى بولدى. "جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزىملا قۇتقۇزالايدۇ." ماۋجۇشىنىڭ بۇ ئىلمىي ھۆكمى ئېلىمىز دېھقانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدە يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى: سوتسىيالىزىم ۋە كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھاياتىي كۈچى يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە يېڭى، تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاكتىپچانلىقىغا مىسلىسىز زور ئىلھام بەردى. ئۇلار كەلگۈسىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچ روھى بىلەن جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى سەپىرىگە ئاتلىنىپ، قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېڭىپ، سوتسىيالىزىمنىڭ يېزىلاردىكى يەنە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ تەڭداشسىز مەنىۋى كۈچىنى تولۇق نامايەن قىلدى.

www.uyghurkitap.com

يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئاۋرال شاماللىرى» رومانىدا ئېلىمىز دېھقانلىرىنىڭ ئەنە شۇ يىللاردىكى ئىجتىمائىي - تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش يولىدىكى باتۇرانە كۈرەشلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۆزىگە يېقىن ۋە تونۇشلۇق بولغان ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ئۆزگىچە مۇرەككەپلىككە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي ھاياتىنى — ئۇلارنىڭ 62 -، 63 - يىللاردىكى كۈرەش ۋە تۇرمۇشىنى تۇۋقتىلىق يورۇتۇپ بېرىش يولىنى تاللىۋېلىپ، ئەسەر ئىدىيىۋىلىكىنى كونكرېت تۇرمۇش بىرلىگى بىلەن مۇئەييەن دەۋر شارائىتى ياراتقان تىپىك پېرسوناژلار تەسۋىرى ئارقىلىق روشەن ئېچىپ بەرگەن.

رومان ۋەقەلىكى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن كەسكىن زىددىيەتلەر توقۇنۇشى ئىچىدە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. «قاۋانلىق» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمقى قومۇشلۇق بويىغا جايلاشقان مەلۇم گۆڭشېنىڭ بىرنەچچە دۈيى زەي ئاپىتىنىڭ ئېغىر تەھدىدىگە ئۇچرايدۇ. قاششاقلىق ۋە مۇھتاجلىق ھەممە يەرنى قاپلاپ، ھايات ئۈمىدىنى يوقاتقان بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ باشقا جايلارغا كۆچۈشى باشلىنىدۇ. «قاۋانلىق» نىڭ ھۇجۇمنى چەكلەپ، دۈيلەرنى ساقلاپ قېلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى مۇستەھكەملەش بىلەن ئاپەت ئالدىدا تىز پۈكۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش غايىسىدىن ۋاز كېچىش ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئالدىدىكى جىددىي بىر مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. روماندا مانا مۇشۇ ماھىيەتلىك مەسىلە مەركەز قىلىنىپ، ئىككى لۇشيەن، ئىككى خىل ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش قانات يايدۇرۇلىدۇ. پارتىيىنىڭ توغرا يېزا ئىگىلىك سىياسىتى بىلەن، دېھقانلارنىڭ سىنىپىي مەيداندا چىڭ تۇرغان كادىرلار ۋە بارلىقىنى ئىنقىلاپنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئاددىي دېھقانلارنىڭ ئالىجاناپ پەزىلەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، سول لۇشيەن بىلەن تەبىي ئاپەت زىيانكەشلىكىنى يېڭىپ، گۆڭشې قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ.

روماننىڭ مەركىزىدە مۇرەككەپ ۋە كەسكىن كۈرەشلەر ئىچىدە ئۇسۇپ يېتىلگەن ياش ياچېيكا شۇجىسى ئەكبەر، ھەرقانداق بېسىم ۋە خورلۇقلارغا تىز پۈكمەي ئۆز غايىسىگە ئاخىرىغىچە سادىق بولۇپ قالغان ئىرادىلىك كوممۇنىست مەنسۇر، غەيرەت - شىجائەتكە تولۇق بولغان پىشقەدەم كەمبەغەل دېھقان روزى ئاخۇن، «قاۋانلىق» نى ئۆزگەرتىشنىڭ تىتىمسىز ئاكتىۋى، يېزا ئوقۇتقۇچىسى پاتىمە، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن بولغان ئاددىلجان، ۋەلى، زۇڭخۇالارنىڭ يارقىن ئوبرازلىرى تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىگە قارشى ھەرىكەت قىلىپ، رىياللىقنىڭ شەپقەتسىز مەسخىرىسىگە قالىدىغان ھېتەك، ھىدىلشا، روزىمەت ئوخشاش سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ؛ زىۋەرشا، سۇلايمان گۇر - گۇر، ھەيدەر ۋە ھېكمەت ئوخشاش شەخسىيەتچى، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي، تەشكىلىي تىرىگى بولغان چىن بۇجاڭ ۋە تۇرسۇن شېجاڭ ئوخشاش سول لۇشيەن ۋەكىللىرىنىڭ جانلىق ئوبرازلىرىمۇ تەسۋىرلىنىدۇ. رومان تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ كەڭ ۋە رەڭدارلىقى، پېرسوناژلىرىنىڭ جانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىقى، خاراكتېرلىرىنىڭ روشەن ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى، ئۇسلۇپ ۋە بەدىي تەسۋىرىي ۋاستىلىرىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىيلىقى بىلەن كىتابخاننى قىزىقتۇرىدۇ.

X

«ئاۋرال شامالىرى» رومانىدا ھەرقانداق مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ كۈچلۈك بىر گۇرۇپپىسى تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار «قاۋانلىق» نى ئۆزلەشتۈرۈش كۈرىشىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كۈرىشىنىڭ تىنىمسىز ئاكتىپلىرى.

«قاۋانلىق» نى بويسۇندۇرۇپ، دۆلەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ باش تەشەببۇسچىسى بولغان ئەكبەر رومانىنىڭ باش قەھرىمانى. ئۇ، ئەمگەككە ۋە ئۆز يۇرتداشلىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئاددى ئەمگەكچى، شۇنداقلا يۈكسەك سىياسى غايىگە ئىگە بولغان قاۋۇل تەشكىلاتچى. ئۇ، ھەربى خىزمەت مۇددىتىنى تۈگىتىپ، شەرەپ بىلەن ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. بىراق ھايات ئۇنى باشقىچە قارشى ئالىدۇ. ئاپەت ۋە قاششاقلىق ۋەھىمىسىدىن پەيدا بولغان ئۈمىتسىزلىك، كىشىلەرنى بىزار قىلغان قالايمىقانچىلىق، شەخسى تىرىكچىلىك يولىدىكى تىنىمسىز ئىنتىلىش — مانا بۇلار ئەكبەرنىڭ قەلبىنى قاتتىق ئۆرتەيدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ ئەلۋەتتە ئىشلەش، كۆرەش قىلىش كېرەك. ھاياتنى يېڭىدىن قۇرۇپ، بەخت-سائادەتلىك يېڭى دۇنيا يارىتىش لازىم. بۇ غايە ئۇنىڭغا كۈچ بېرىدۇ. ئۇ، «قاۋانلىق» نى ئۆزلەشتۈرۈپ، يېزىنىڭ قاششاقلىق قىياپىتىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىش قارارىغا كېلىدۇ: "يېڭى يولدا مېڭىۋاتىمىز، — دەيدۇ ئۇ، — قانچىلىك قەدەم تاشلىساقمۇ يارىشىدۇ. سازلارنى قۇرۇتىدىغان، قاش دەرياسىنى تىزگىنلەيدىغان، بىنەملەرگە سۇ باشلايدىغان ۋاقىت مانا مۇشۇ" لېكىن ياخشى ئارزۇنىڭ بولۇشى بىلەنلا ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى رىياللىق غايە ۋە ئارزۇدىن تاشقىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇدىغان ئوبيېكتىپ بارلىق. ئۇنى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەنە كۆپلەپ يول مېڭىش كېرەك.

ئەكبەر ئىشقا كىرىشىشى بىلەنلا بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. لېكىن ئۇ پارتىيە ۋە خەلقتىن كۈچ ئېلىپ، ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش كويىدا بولۇپ يۈرگەن مىڭلىغان دىخانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «قاۋانلىق» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بوي سۇندۇرۇپ، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئەمەلىي ھالدا كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ يېزىدىن ئىبارەت بۇ بىپايان زېمىندا — سىنىپىي ئېلىشىشنىڭ ئەنئەنىۋى جېڭى بولۇپ كەلگەن بۇ مۇرەككەپ ھاياتتا سوتسىيالىزم ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىدۇ. كوممۇنىستىك ئاڭ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان ئىنقىلاۋىي ئىدىيە شەخسى مۇلۇكچىلىك ئىدىيىلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى دىخان پسىخىكىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

ئاپتور ئەكبەر ئوبرازىنى يارىتىشتا خېلى دەرىجىدە ئۆزگىچە يول تۇتقان. بۇ ھال ئەڭ ئاۋال ئاپتورنىڭ ئۆز قەھرىمانىنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنىڭ تۇرمۇش رىياللىغى بىلەن بولغان كەسكىن توقۇنۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانىنى ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ زىددىيەتلەر مۇھىتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە ھەركەت قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئەكبەرنىڭ ھەممە زورۇر خۇسۇسىيەتلىرى «قاۋانلىق» نى ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ۋە كەسكىن كۆرەش جەريانىدا ئايان بولۇدۇ. ئۇنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىنقىلاۋىي ئىرادىسى، دۈشمەنلەرگە دەھشەت سالىدىغان

كۈرەش قەتئىيەتلىكى، غايە ۋە ئارزۇغا باي ياشلىق قەلبى، ھايات ۋە ئادەملەرگە بولغان قايناق مۇھەببىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېچىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ روماندا تەسۋىرلەنگەن مۇرەككەپ دەۋر شارائىتىدا شەكىللەنگەن خاراكتېر ئاجىزلىقلىرى — ئۇنىڭ ساددا سىياسىي قىزغىنلىقى، مەسىلىلەرگە قاراشتىكى بىر تەرەپلىمىلىكى، ئاكتىپ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنىڭ كەملىكى ئوخشاش بىرمۇنچە يېتەرسىزلىكلىرىمۇ مەلۇم بولىدۇ. ئۇنى خەلق ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيىتى تەربىيىلەيدۇ. زىددىيەت ۋە قارىمۇ - قارشىلىقلار بىلەن تولغان تۇرمۇش رىياللىقى ئۇنى چېنىقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايات قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئادەملەر مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئېنىق ۋە روشەن سىياسىي غايە بىلەن جانلىق ۋە ھەركەتچان كۈرەش سەنئىتىگە ئىگە ئاڭلىق بىر ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. دىمەك ئەكبەر ئوبرازى ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا ھاياتنىڭ قاينام تاشقىنى ئىچىدىن ئوسۇپ چىققان جانلىق ۋە رىيال ئادەم، ھەقىقى تۇرمۇش ئادىمى بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئوقۇغۇچىدا كونكرېت تۇيغۇ پەيدا قىلىپ ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدىكى ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىگە تېگىشلىك ئىلھام بېرەلەيدۇ.

مەنسۇر روماندىكى مۇھىم ئىجابى پېرسوناژلارنىڭ بىرى. ئۇ، 50 - يىللارنىڭ بوران - چاپقۇنىدا ئوسۇپ يېتىلگەن، تەجرىبىلىك، يىراقنى كۆرەر، ھەرقانداق ۋاقىتتا نىشانىدىن ئاداشمايدىغان ئىرادىلىك كوممۇنىست. ئۇنىڭدا ئىلى دىخانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى — ئۇلارنىڭ شوخ ۋە تېتىكلىكى، تۈز ۋە ھالاللىقى، چىدام ۋە سەۋرچانلىقى، ساددا ۋە ئىشچانلىقى ئوخشاش ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان.

مەنسۇر ئەسلى داداۋي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ پىشقەدەم شۇجىسى، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش بىلەن ئومرى ئوتكەن قاۋۇل تەشكىلاتچى. ئۇ زەي ئاپېتىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، سىياسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىن بىرمۇنچە توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ دېيەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، تۇرسۇن شېجاڭ تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. شەخسى ئوچمەنلىك ۋە تەشكىلىي ئادالەتسىزلىكنىڭ بۇ ئېغىر خورلۇقى كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان بۇ تىنىمسىز كوممۇنىستىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايدۇ. ئۇ، ئەكبەرنىڭ «قاۋانلىق» نى ئۆزلەشتۈرۈش تەكلىۋىنى بىرىنچى بولۇپ قوللاپ، چىن بۇجاڭ ۋە تۇرسۇن شېجاڭلارغا قارشى پىرىنسىپال كۈرەشنى قانات يايدۇرىدۇ. ئېغىر كۈنلەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەكبەرنى دادىل قوللاپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاپ ئالدىدىكى ۋىجدانىي بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. ئوقۇغۇچى مەنسۇر ئوبرازىدىن باي ۋە مۇرەككەپ يېزا تۇرمۇشىنىڭ چېنىقتۇرۇشىدىن ئوتكەن، ھەر قانداق قىيىنچىلىق ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان تومۇر ئىرادىلىك دىخان ئىنقىلاپچىنىڭ مۇكەممەل بەدىي قىياپىتىنى كورەلەيدۇ.

روزى ئاخۇن بوۋاي روماندىكى مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ بىرى. ئۇ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كۈرىشىنىڭ تىنىمسىز ئاكتىۋى، ئىلى دىخانلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىجتىمائى تۈزۈم شارائىتىدىكى ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ جانلىق شاھىدى. ئۇ، تۇرمۇشتا تەلەپچان، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قەتئى، ھەر قانداق ئىشتا كوللېكتىپنى كوزدە تۇتۇشقا ۋە ئېيتقىنىنى ئەمەلدە كورسىتىشكە ئادەتلەنگەن ئىرادىلىك بىر بوۋاي. ئاپتور روزى ئاخۇن بوۋاينىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى كوپ تەرەپلىـ

مىللىك تىپىك ۋەقەلەر تەسۋىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ، زامانىسىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان پىشقەدەم كەمبەغەل دىخانلار ۋەكىلىنىڭ مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

پاتمە روزى ئاخۇن بوۋاينىڭ بېقىۋالغان قىزى. يېزا باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ تېتىك، قىزغىن، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئارزۇ - غايىگە باي شوخ بىر قىز. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىگى، بىلىم - ئىقتىدارى بىلەن «قاۋانلىق» نى ئۆزگەرتىش كۈرەشىگە مۇناسىپ توھپە قوشىدۇ. سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىلارنى قۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەنلەر ئۇنىڭدىن كېلىشتۈرۈپ ئۆچ ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتى بىلەن قىزلىق شەخسىيىتىنى ئاشكارا ھاقارەت قىلىپ ئەكبەر بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە قىلىپ يۈرگەنلىگى توغرىسىدا پىتنە - ئىغۋا تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ سۆيگىنى — گول ۋە ساددا يېزا يىگىتى سونۇر ئۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن پاتمەدىن ئايرىلىدۇ. لېكىن پاتمە ئۆزىنى يوقاتمايدۇ. ئۇ، «قاۋانلىق» نى ئۆزلەشتۈرۈش كۈرىشىگە تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، غايە ۋە ئارزۇ بىلەن تولغان ئۈمىتۋار ياشلىقىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىدۇ. ئاپتور پاتمە ئوبرازىدا سوتسىيالىستىك جەمىيەت قوينىدا ئوسۇپ يېتىلگەن، ھەرقانداق ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن خالى بەختىيار يېڭى ئەۋلادنىڭ ھەممە زورۇر خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. يوقۇرقىلاردىن باشقا يەنە روماندا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئادىلجان، گوڭشې پارتكوم شۇجىسى لى زۇخۋا، ئۈمىت ۋە غايىدىن قەلبى ياشارغان پىشقەدەم كەمبەغەل دىخان كېۋىر، ئىشچان دۈيجاڭ ئەبلغازى، تىنىمسىز ئاكتىپ، قىزغىن يىگىت ئىمىر، ئەمگەك ۋە كۈرەش ئىچىدىن بەخت - سائادەتنى تاپقان سەۋرچان يېزا ئايالى دىلەيسەم قاتارلىق ئىجابىي پېرسوناژلار ئوبرازلىرىمۇ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى، تۇرمۇش ئادىتى، خۇلقى - مىجەزى جەھەتتىن پەرق قىلىدىغان ئىندىۋىدۇئال ئوبرازلار بولۇپ، روماندا ئۆزىگە خاس مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ.

ئاپتور ئادىلجان ئوبرازىدا ھايات قاينىملىرى ئىچىدە ئوسۇپ يېتىلگەن، خەلق بىلەن تەغدىرداش بولغان پارتىيە رەھبىرىي خادىمىنىڭ مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، لى زۇخۋا ئوبرازى ئارقىلىق پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلى دىخانلىرىنىڭ بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش قۇرۇشىغا سەرپ قىلىپ ئۇلارنىڭ دوستى ۋە قېرىندىشىغا ئايلىنىپ قالغان خەنزۇ كادىرلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. كىتاپخان كېۋىر تورغاي، ئەبلغازى، سونۇر، دىلەيسەم قاتارلىق كىشلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىدا ئەكس ئەتكەن ئاڭلىقلىق، كۈرەشچانلىق، ئىنقىلاۋىي ئۈمىتۋارلىق ئوخشاش ئالىيجاناپ پەزىلەتلەردىن سوتسىيالىزىمنىڭ يېزىلاردىكى غەلىبىسىنى، ئۇنىڭ دىخانلارنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىدا بارلىققا كەلتۈرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى، پارتىيە ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەرقاچان غالىپ ۋە كۈچلۈكلىگىنى چوڭقۇر ھىس قىلىدۇ.

يوقۇرقىلاردىن باشقا روماندا يەنە ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىگە ئىگە بىر گۇرۇپپا سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازلىرىمۇ تەسۋىرلەنگەن. سول لۇشيەنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىسى، گوڭشې شېجاڭى تۇرسۇن ئەنە شۇنداق ئوبرازلارنىڭ بىرى. ئۇ تۇرمۇشتا چىرىگەن، ئەمەلدار كېبىرى ئېغىر، خوشامەت ۋە تەخسىكەشلىكنى ياقتۇرىدىغان قارا نىيەت بىر ئادەم.

ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتىرى ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى ۋە ئۆز گۇرۇھىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كوزدە تۇتۇشتىن ئىبارەت.

تۇرسۇن شىجاڭ ئەسلى 50 - يىللاردا ئىنقىلاپقا قاتناشقان پىشقەدەم كادىر. لېكىن ئۇ، كېيىنكى چاغلاردا ئاممىدىن ئايرىلىپ، ئىدىيىدە چېكىنىپ، شۇنچە يىللار بىرگە بولغان ۋاپادار دوستى دىلەيسەمنى تاشلىۋېتىپ، پومىششىك ئەۋلادى بولغان پەزىلەتكە ئۆيلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ ئىدىيىۋى ھىسسىياتىنى ئۆزلەشتۇرۇپ، ئىمتىيازنى باسىدىغان، خەلقنى ئېزىدىغان ھەقىقى زومىگەرگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىدىيىۋى ھالىتى، ئۇنىڭ قاۋانلىقنى ئۆزلەشتۇرۇشكە قارشى تۇرۇپ، يەككىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، كوللىكتىپ ئىگىلىكنى ۋەيران قىلىش يولىدىكى بىر قاتار ھەركەتلىرىدە بەكمۇ روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئاپتور تۇرسۇن شىجاڭ ئوبرازىدا ئاما ۋە ئىنقىلاپ مەيدانىدىن ۋاز كەچكەن، ئاينىغان ئادەمنىڭ، سول ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ جاھىل، قارانىيەت مۇرىدىنىڭ ھەممە زورۇر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كورسىتىپ بېرىدۇ.

ھىكمەت رومانىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىي ئوبرازلارنىڭ بىرى. ئۇ، مەنىۋى تەرەپتىن بۇزۇلغان، ئىغۋاگەر، چېقىمچى، ھىلىگەر، تەخسىكەش بىر ئادەم. ۋەزىيەتنى كۇزىتىش، يونۇلۇشنى بايقاش، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىگى بىلەن مۇناسىۋەت دائىرىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، ھۇجۇم نۇقتىسىنى دەل ۋە توغرا تاللاش ئۇنىڭ توپ خۇسۇسىيىتى. شامالپەرەسلىك، مەنىۋى قۇللۇق، ئىككى يۈزلىمىلىك ھىكمەتنىڭ ئۆزگەرمەس ئادىتى. ئۇنىڭ ئۆز رەقىبى زىۋىرشاغا ئېيتقان مۇنۇ سوزلىرى يىرگە-نىچلىك روھىي دۇنياسىنىڭ بەكمۇ ئىخچام تەسۋىرى:

"— ئاغزى يۇمشاق موزاي ھەرقانداق شاش كالىنىمۇ ئېمەلەيدۇ. شامال قاياقتىن چىقسا دۇمبىڭىزنى شۇ ياققا قىلىۋېلىپ، شامالنىڭ تۇۋىنگە مىڭىشنى بىلمەمسىز؟ سىز بىلەن بىرگە ئەكبەر، مەنسۇر، تۇرسۇنلارنىڭ نىمە كېرىگى؟ تۇرسۇن شىجاڭغا قىلغان خىزمەتنى ئەكبەرگىمۇ قىلالايمىزغۇ؟ ئىش قىلىپ باشقىلارنى مورلاشنى بىلسىڭىزلا بۇ جاھاندا جان باقالايسىز. قايسى بىر باشلىق مورلىغۇچىلارنىڭ قولنى ئىتتىرىۋەتكەن؟"

ھىكمەت تۇرمۇش يولىدا ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەنتىقىسىگە باشتىن - ئاخىر ئەمەل قىلىدۇ. ئاپتور ھىكمەت ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز شەخسىيىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، سۇيىقەست ۋە ھىلە - مىكىرگە تايىنىپ كۇن ئۆتكۈزۈدىغان يىرگىنىچلىك ئادەملەرنىڭ بەدىي قىياپىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ بەرگەن.

ھەيدەر خەسىس رومانىدىكى مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ بىرى. ئۇ، يەككىلىك، ئەنئەنىۋى مۇلۇكچىلىك ئىدىيىسى بىلەن چۇمكەلگەن، ئوقەت ۋە سودا - سېتىققا ئۇستا بىر ئادەم. ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىگى ئۆز مەنپەئەتى يولىدا تىنماي شاپاشلاش، پايدا مەنپەئەت ئۇچۇن ھەممە نەرسىدىن كېچىش. ئاپتور بۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى بەكمۇ جانلىق، بەكمۇ قىزىقارلىق ئېچىپ بەرگەن. ھەيدەرنىڭ كوللىكتىپقا بولغان مۇناسىۋىتى، ئەكبەر باشچىلىغىدىكى يېڭىزا ئاكتىپلىرىغا بولغان قاراشلىرى، ھېيتەك، ھىيدىلىشا ئوخشاش كىشىلەر بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشى، «قاۋانلىق» نى ئۆزلەشتۇرۇش ۋە يېڭى مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى ئىدىيىۋى ھەركىتى، ئۇنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش ۋە شەخسى تىرىكچىلىگى قاتارلىق

تەرەپلەرنى ھەيدەرنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى ماس بولغان قىزىقارلىق تۇرمۇش كورۇنۇشلىرى بىلەن تىپىك كومىك ھالەتلەر ئاساسىدا جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ پۇل ۋە پايدا ئاساسىغا قۇرۇلغان زەئىپ روھىي دۇنياسىنى بەكمۇ روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئاپتور ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ستىخىيىسى بىلەن ئەنئەنىۋى مۇلۇكچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ ئىنسان شەخسىيىتىنى بۇزۇشتىكى ئاكتىپ رولىنى، كونا تۇرمۇش، كونا مۇناسىۋەتلەرنىڭ دېخانلار قەلبىدە قالدۇرغان ئېغىر مەنىۋى جاراھەتلىرىنى يېڭى مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىغا دۇچكەلگەن ئوتتۇرا دېخان ئوبرازىدا ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىدىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېرىشكەن.

چىن بۇجاڭ تۇرسۇن شېجاڭغا ئوخشاشلا رومانىدىكى مۇھىم سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ بىرى. ئۇ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ نۇقتىدا تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن بۇجىڭى، سول لۇشيەنىنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىسى. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز گۇرۇھىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ راھەت-پاراغىتىنى ئويلاش، ئۇلارغا تايىنىپ ئاكتىپ كۈچلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، گۇڭشې قىياپىتىنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۆزگەرتىش. ئاپتور چىن بۇجاڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز مەقسىدىگە يېتىش يولىدا ھەرقانداق رەزىللىكتىن يانمايدىغان زومىگەر سۇيىقەستچى ئادەمنىڭ بەدىي قىياپىتىنى سىزىپ بېرىدۇ. كىتابخان ئۇنىڭدىن سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى سىياسى، ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ كەسكىن ۋە مۇرەككەپلىكىنى، ئۇزۇن ۋە ئەگرى-توقايلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

روماندا يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە ھېيتەك، روزنەت، ھېدىلىشا ئوخشاش سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ شەخسى مۇلۇكچىلىك ۋە پۇل دۇنيا مەستانىلىقىغا بېرىلگەن سۇلايمان گۇر-گۇر، زىنۋىرشا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ، ئەزىزخان ۋە سونۇر ئوخشاش ئۆزگەرگۈچى پېرسوناژلارنىڭ بەدىي ئوبرازلىرىمۇ تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور بۇ ئوبرازلارنىڭ بىرىنچى خىلى ئارقىلىق ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆز سەلتەنەتىنى ئەسلەپ، ئەسەبىلەرچە ئوتمۇشكە ئىنتىلىدىغان ئەكسىيەتچى سىنىپىي كۈچلەرنىڭ جاھىل ۋەكىللىرىنى تەسۋىرلەپ بەرسە، ئىككىنچى خىلدىكى ئوبرازلار ئارقىلىق ئەنئەنىۋى دېخان تۇرمۇشى بىلەن باغلانغان ئاڭسىز مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئۈچىنچى خىلدىكى ئوبرازلار ئارقىلىق بولسا سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كۈرىشىنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى ئەمەلىي ھالدا كورسەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئاپتور ئۆز رومانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى يەنى ئىلى دېخانلىرىنىڭ 60-يىللاردىكى كۈرەش ۋە ھاياتىنى، يېزا تۇرمۇشىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكى نېگىزىدە، ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى خاراكتېرىغا ئىگە بولغان خىلمۇ-خىل پېرسوناژلارنىڭ جانلىق مۇناسىۋەتلىرى نېگىزىدە قىزىقارلىق قىلىپ ئېچىپ بېرىش مەقسىدىگە ئېرىشكەن.

×

«ئاۋرال شاماللىرى» رومانىنىڭ كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇش يېقىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىكى مۇكەممەللىك ۋە يىغىنچاقلىقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن چەتنىگەن، ۋەقەلەرنىڭ مەنتىقىلىق رىۋاجىدىن ھالقىپ كەتكەن ھېچنەرسە يوق. ھەممە

نەرسە قاۋانىلىقنى ئېچىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ۋە مۇرەككەپ كۈرەشنى، باش قەھرىمانىنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى بىلەن ئۇنىڭ ئوسۇپ يېتىلىشىنى مەركەز قىلغان هالدا تەشكىللەنگەن. رومان ۋەقەلىگى بىرنەچچە بەدىي سىزىق بويىلاپ راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ئەكبەرنىڭ چىن بوجاك، تۇرسۇن شىجاڭدەك سول ئوقۇشيەن ۋەكىللىرى بىلەن بولغان كۈرىشى، ھېيت ەك، ھىدىلشادەك سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن بولغان ئېلىشىشى، ھەيدەر، زىۋىرشا ئوخشاش ئەنئەنىۋى مۇلۇكچىلىك ئىدىيىسى ئېغىر بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشى، كونا ئەخلاق نورمىلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلار بەلگىلىك مۇقىملىق ۋە مۇستەقىللىقتا ئىگە بولغان ئىزچىل، تىپىك زىددىيەتلەر ئىگىزىدە ئېچىپ بېرىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ زىددىيەتلەر باش قەھرىمان پائالىيىتىنىڭ يادروسىنى — ئۇنىڭ چىن بوجاك ۋە تۇرسۇن شىجاڭلار بىلەن بولغان كۈرىشىنى چۆرىدىگەن هالدا ئۇمۇمىي بىر بەدىي مەركەزگە يىغىلىپ، ئەكبەرنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى، ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى كۈرەش ھاياتىنىڭ كەڭ ۋە يارقىن بەدىي مەنزىرىسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

روماندا تەسۋىرلەنگەن باشقا پېرسوناژلارمۇ، ئۆزىگە خاس بەدىي زورۇرىيەت دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. بەزى پېرسوناژلار باشتىن - ئاخىر زىددىيەتنىڭ مەركىزىدە ۋەقەلىكنىڭ قاينىمىدا ئايان بولسا، بەزى پېرسوناژلار زىددىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ۋەقەلىكنىڭ راۋاجىنىڭ ئادەتتىكى ئېھتىياجى بويىچە بەدىي سەھنىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇلار ھەر خىل زىددىيەت ۋە قارىمۇ - قارشىلىقلار بىلەن، خاراكتېرلىق ۋەقە ھادىسىلەر بىلەن، ھەر خىل ئىدىيىۋى بىرلىك ۋە تۇرمۇش يېقىنلىقلىرى بىلەن ئەكبەرگە باغلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشلىرىغا، قىسقىسى، ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئۇششاق بولەكلىرىگىچە تەسىر قىلىپ، رومانىنىڭ ئەڭ كىچىك بىر دېتالىنىمۇ تەۋرەتكىلى بولمايدىغان بەدىي مۇقىملىقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

«ئاۋرال شامالىرى» رومانىنىڭ تىلى ئالاھىدە تاۋلاش ۋە پىششىقلاشتىن ئوتكەن ھەقىقى بەدىي تىل — تۇرمۇش ۋە ئىجادىي ئەسىگەك تىلىدۇر. ئۇنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى، خاسلىق ۋە ئوبرازچانلىقتىن ئىبارەت. ئاپتور ئۇنىڭغا خەلق تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىدىن يارىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن. ئۇ ھېچنەرسىنى ئۆز پېتىچە چۈشەندۈرمىگەن. ھېچنەرسىنى توغرىدىن - توغرا ئوتتۇرىغا قويمىغان. ئەكسىچە، ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە خاس ئوبرازلىق ئىبارىلار، جانلىق بەدىي ئوخشىتىشلار ئارقىلىق بايان قىلىپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتى بىلەن ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ يونىلىشىنى ئېنىق ۋە روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن: "چىۋ - چىۋ قىلىپ ئۆز مۇقامىغا توۋلاپ ئاسمانغا كۆتىرىلىۋاتقان تورغاي ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق. لېكىن ئاينۇرنىڭ تەمبۇرنىڭ ئەۋجىدەك زىل ئاۋازى تۇنجى قېتىم ئادەملەرنىڭ شات كۆيىنى ئاڭلاۋاتقان بۇ يەر ئۈچۈن يېڭى نەغمە — يېڭى كۆي ئىدى. قىزنىڭ جاراڭلىق ناخشىسىغا تۇشمۇ - تۇشتىن: 'ھۇششەرە!'، 'بار بولۇڭ!' لار كۆتىرىلىپ تۇراتتى. قىز ئېڭىشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقاچقا ئۆزىگە كىملەرنىڭ زوق بىلەن قاراپ تۇرغىنىنى، كىملەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قاراپ قالغىنىنى ۋە يەنە كىملەرنىڭ پەخىرلىك ھېسسىيات بىلەن ئاستا غىڭشىپ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى."

ئاپتورنىڭ بەدىئى تىل ماھارىتى ئۇنىڭ پېرسوناژلار تىلىنى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشىدا تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقانداق پېرسوناژى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تىلدا سۆزلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر جۈملە سۆزىدىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى، ئادەت چۈشەنچىسى، ھايات شارائىتى ۋە خۇلقى، مىجەزى بىلىنىپ تۇرىدۇ: "— ئۇرۇق - پۇشتىمىز ئاۋالنىڭ ئېرىسىغا ئوتمىگەن، ئەۋلات - ئەۋلادىمىز قېنىپقىنا كۆلمىگەن ئادەملەر ئىدۇق، — دىدى ئەكبەر ئىگىز تاغلارنىڭ كۈمۈش باشلىق چوققىلىرىغا قاراپ، — مانا بىزدىن ئاجايىپ ئادەملەر چىقىۋاتىدۇ... ئېيتقىنا، ئايىنۇر، مەن ئۇنتۇمىغۇدەك بىرلا سۆز بىلەن ئېيتقىنا، بىزنى قانداق ئەۋلات دىسە بولىدۇ؟

قىز مۈرىلىرى بىلەن يىگىتكە يۆلەندى - دە، يەرگە قاراپ پىچىرلىدى:

— كۆرەشچان ئەۋلات!"

"مەن بۇ جاندىن جاق تويغىلى نەۋاخ! راھەتنى ئاتا - بوۋىلار كۆرۈپ، ئىسلام ھاجى تۇخۇمىنىڭ پۇتۇن - بالايى ئاپەتى ماڭا يۈكلەنگەن ئوخشايدۇ. ئوتتۇزدىن ئاشتىم، ئۆي كۆرمىدىم. ياشلىغىم لوگەيدە تۈگىدى. زامان تۈزۈلۈپ قالار دەپ كۈتتۈم - كۈتتۈم، يىرۇقلۇق غىل - پال قىلغاندەك قىلىۋىدى، مانا يەنە جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى. باي بالىسى مەندەك بولسا بايلار دوزىغى بولسۇن. ھورى تۈگەپ، شورى قالغان ئەسكى تامنى ماڭا مىراس قالدۇرغان ئاتامغا لەنەت!" (ھىدىلىشا). بۇ دىئالوگلارنىڭ ھەر بىرىگە شۇنچىلىك كەڭ مەنا، شۇنچىلىك چوڭقۇر مەنىزىرىسى، شۇنچىلىك روشەن خاسلىق يوشۇرۇنغانكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە دەل سۆزلەۋاتقان پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسى نامايەندۇر. قىسقىسى، ئاپتور رومان تىلىغا ئىشلەشتە، كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپ ئىشلىتىلگەن ھەممىگە ئونۇشلۇق سۆزلەرنى، تەييار ئىبارىلارنى، مۇئەييەن تۇرمۇش مەنىسىگە ئىگە بولمىغان ئابستراكىت ئۇقۇم ۋە ئاتالغۇلارنى ئىشلەتمىگەن. ئەكسىچە، يازغۇچىغا خاس ئىزلىنىش روھىنى جارى قىلىپ، خاسلىق ۋە ئىجاتچانلىقىغا ئىنتىلىپ، مەزمۇننى روشەن ۋە يارقىن ئېچىپ بېرىدىغان ئوبرازلىق جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاپتور رومان ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلەشتە پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىشتا، ئىلى دىخانلىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى كۈرەش ۋە تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇشتا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئىجتىمائى ھايات ئىنقىلاۋىي تەرەققىيات باسقۇچىدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىگى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەرقاچان كۈچلۈك ۋە غالىپلىغى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن. رومانىنى ئوقۇپ چىققان كىتاپخاندا پارتىيە ۋە خەلققە، ئەركىن، ئازات زامانغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت، كەلگۈسىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچ ھىسسىياتى قايناپ تاشىدۇ. رومانىنىڭ چوڭ ئىجتىمائى تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ئەنە شۇنىڭدا.

×

بەدىئى ئەدەبىيات ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئوبرازلىق سەنئەت. ئۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر تۇرمۇش بىلىمى بىلەن يېتىلگەن بەدىئى ماھارەت بىرىكمىسىدىلا

بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا ھايات ھادىسىلىرىنى دەل ۋە توغرا تەسۋىرلەش بىلەن پېرسوناژ قىياپىتىنى كوركەم ۋە رەڭدار قىلىپ سىزىپ بېرىشنىڭ بەدىي تەلەپلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرمەي تۇرۇپ، كىشىلەردە زوق ۋە تۇيغۇ قوزغىيالايدىغان ھەقىقىي بەدىي ئەسەر يارىتالىلى بولمايدۇ. «ئاۋرال شامالىلىرى» رومانىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتۇلگەن بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇ نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

سېلىشتۇرمىلىق بەدىي تەسۋىر ئوبرازلىق سەنئەتنىڭ جۇملىدىن، بەدىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ بەدىي ماھارىتى بىلەن ئوبراز خاراكتېرىنىڭ خاسلىق ۋە ئېنىقلىقىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىل. يازغۇچى زوردۇن سابىر بۇ خىل تەسۋىرىي ئۇسۇلنى كەڭ تۇردە قوللىنىپ، ھەممە نەرسىنى سېلىشتۇرما ـ تەڭلەشتۇرۇش يولى بىلەن گەۋدىلەندۇرۇپ، ۋەقەلىكنىڭ ماھىيىتى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى روشەن ئېچىپ بەرگەن.

روماندا ئىجابىي پېرسوناژلار ئەركىن ۋە ئىختىيارى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىجادىي ئەمگەكنىڭ زوق ـ شوقى بىلەن ئازات ۋە بەختىيار ھايات پەيزىنى بىللە سۇرۇدۇ. ئۇلارنىڭ ھەركەت ـ پائالىيەتلىرىدىن ئۆز كۇچىگە ئىشەنگەن ئۇمىتۋار كىشىلەرنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى سېزىلىپ تۇرىدۇ. سەلبىي پېرسوناژلار بولسا ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ياشاپ، يەككە ۋە ئايرىم تىرىكچىلىك ھالەتلىرى بىلەن ئېغۋا ۋە پىتنە ـ پاسات سورۇنلىرىدا جەم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىدە چۇشكۇنلۇك ۋە ئۇمىتسىزلىك كەيپىياتى ئەكس ئېتىدۇ.

ئىجابىي پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىدە مېھرىۋانلىق، ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىرلىكى ئەكس ئەتسە، سەلبىي پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىدە ساتقۇنلۇق، مۇناپىقلىق ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك ئەكس ئېتىدۇ.

ئىجابىي پېرسوناژلار تىلىدا شاتلىق، ئىشەنچ، ۋاپا ۋە كويۇمچانلىق سېزىلسە، سەلبىي پېرسوناژلار تىلىدا تەنە، ھەسرەت، ئەلەم ۋە بوغۇلۇش ئەكس ئېتىدۇ. نەتىجىدە، رومانىكى بۇ خىل بەدىي سېلىشتۇرمىلار ئۇقۇغۇچىغا يېزا ھاياتىدىكى ئىككى خىل ئىجتىمائىي كۇچنىڭ ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەنىۋى پەزىلىتىنى چوڭقۇر ھىس قىلدۇرىدۇ. ئاپتور روماندا يالغۇز ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئىككى خىل پېرسوناژلار گۇرۇپپىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپلا قالماي بەلكى، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئوخشاش خاراكتېرلىق بەدىي ئوبرازلارنىمۇ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، پېرسوناژنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نېگىزىدە شەكىللەنگەن خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىنى روشەن كورسىتىپ بېرىدۇ. ئىجابىي پېرسوناژلاردىن مەنسۇر ۋە ئاسىملار جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ بىللە بولۇپ كەلگەن قەدىناس دوستلار، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كۇرىشىنىڭ پېشقەدەم تەشكىلاتچىلىرى. مەنسۇر جىددىي، تەلەپچان، قەتئىي ۋە ئىرادىلىك بىر كوممۇنىست. ئاسىم بولسا ساددا، ئەمەلىيەتچان، يۇقۇرىغا ئەگىشىشكە ئادەتلەنگەن ساددە مۇھەببەت ئىگىسى. سەلبىي پېرسوناژلاردىن چىن بۇجاڭ، سىياسىي كۇرەشتە پىشقان، چارە ـ تەدبىرگە باي، مىجەزىدە تۇراقلىق، قان چىقارماي جان ئالىدىغان ھىلىگەر. تۇرسۇن شېجاڭ بولسا مىجەزدە يەڭگىل، تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ، پىكرى تار، ئۆز ئىرادىسىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان شاللاق

بىر ئادەم. ئوتتۇرا دېخانلاردىن ھەيدەر ئاسان ئۆزگىرىدىغان، قورقۇنچاق، خاراكتېرى ساتىرىك ئېلېمېنتلارغا باي، كومىك بىر شەخس. زىۋىرشا بولسا مىجەزدە تۇراقلىق، ئۆز پىكرىدىن ئاسان يانمايدىغان، ئىرادىلىك بىر دېخان. ئاشۇ روماندىكى باشقا پېرسوناژ-لارنىمۇ ئەنە شۇنداق سىلىشتۇرمىلىق بەدىئى تەسۋىر ئۇسۇلى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنلىكتىن، ئوقۇغۇچىنىڭ كوز ئالدىدا خاسلىق ۋە ئىندىۋىدۇئال ئېنىقلىق نېگىزىدە ئايان بولۇپ ئۇزاققىچە ئېسىدە ساقلىنىپ قالىدۇ.

يېزىقچىلىق سەنئىتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قىسقارتىش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش سەنئىتىدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ-لىكى بىلەن ئىنسان خاراكتېرىنىڭ نازۇك ۋە خىلمۇ-خىللىقىنى بىرەر كونكرېت ئوبراز ئۈستىگە يىغىش، كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان تىپىك ۋەقە، تىپىك ھادىسىلەرنى جانلىق ۋە ئىخچام بەدىئى تەسۋىرلەر ۋاستىسى بىلەن يورۇتۇپ بېرىش سەنئىتىدۇر. شۇڭا بەدىئى ئىخچاملاش ماھارىتى يېزىقچىلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە مۇھىم تەرىپى ھېساپلىنىدۇ. "ئەسەرنىڭ ئىخچام بولىشى، — دەيدۇ چېرنىشېۋسكى، — ئەسەرنىڭ باشقا ھەممە قىممەتلىرىنى كورسىتىپ بېرىدىغان ئىستىتىك ۋەقەنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر."

يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئاۋرال شامالىلىرى» روماندا بۇ مەسلە ئۈستىدە تىرىد-شىپ ئىزلىنىپ، تەسۋىردىكى جانلىقلىق ۋە يىغىنچاقلىق بىلەن زىددىيەتنى مەركەزلەشتۈ-رۈش ۋە بەدىئى سەھنىنى يىغىشقا باشتىن-ئاخىر دىققەت قىلىپ، مەزمۇنغا ماس بولغان زورۇر بەدىئى ئىخچاملىق سەۋىيىسىگە ئېرىشكەن. ئىزچىل ۋە مۇكەممەل تەسۋىرىي سەھىد-پىلەرگە مۇۋاپىق ھالدىكى بەدىئى سەكرەتمە ۋە قىستۇرمىلىق تەسۋىر ئۇسۇللىرىنى ئارى-لاشتۇرۇپ، ئەزمىلىك ۋە سورەلمىلىكتىن قاتتىق ساقلانغان. روماندىكى ھەممە زىددىيەت، ھەممە توقۇنۇشلارنى دادۇي بىرلىگىگە، پېرسوناژلارنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشى ئۈستىگە يىغىپ، زىددىيەتنىڭ ئوتكۈر ۋە مۇرەككەپلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىخچام ۋە يىغىنچاق ھالدا ئېچىپ بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، رومان ۋەقە-لىكى بىلەن زىددىيەتنىڭ راۋاجىنى ماھىرلىق بىلەن تىزگىنلەپ، يېزا تۇرمۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىرمۇنچە پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت مەيدانىنى دادۇي بىر-لىگىگە يوتكەپ، بەدىئى سەھنىنى يىغىپ، رومانىنىڭ ئىخچاملىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «ئاۋرال شامالىلىرى» باي ۋە خىلمۇ-خىل تەسۋىرىي ۋاستىلار بىلەن يېڭى ۋە ئىجادىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا ئىگە بولغان ئارگىنال رومان. ئۇنىڭ بەدىئى ئېنىقلىقى يۇقۇرى، ئۇسلۇپ يېقىدىن ئوتكۈر ۋە يارقىن. روماندا ھاياتنى قايتا قۇرۇش ئىرادىسىگە ئىگە بولغان ئۇمىتۋار ئادەمنىڭ غەيرەت-جاسارىتى، ئۇنىڭ ئەمگەك ۋە كۈرەشتىن نۇرلانغان ئالىجاناپ قەلبى پارلايدۇ. كونا دۇنيا، كونا مۇناسىۋەت-لەرنىڭ، رەزىللىك ۋە چاكىنىلىق بىلەن تولغان ئىنسان شەخسىيىتىنىڭ ئولۇم ۋەھىمىسى-دىكى خۇنۇك ئىڭرىشى ئاڭلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ھايات ۋە ئادەملەرنى بىلىش، يارىتىش ۋە ئىجات قىلىشقا بولغان قىزغىن ئىنتىلىشى، ئۇنىڭ ئىنسانىي غۇرۇر بىلەن تولغان جىددى ۋە تەلەپچان كۈلكىسى روماننىڭ باشتىن-ئاخىر جان بېرىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

×

ئەدىبى ئەسەردىكى ئىجابى پېرسوناژ ئوبرازى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەڭ ياخشى مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە يىغقان، ئۇنىڭ ئەقىل - ئىدراك، غەيرەت - جاسارەت، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن ئالىجاناپ ئادەم بولۇشى لازىم. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئۇ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئىنسان قەلبىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرگە ئىشەنچ ۋە ئۈمىت بېغىشلىيالايدىغان يارقىن بەدىي تىپ - ئۆز دەۋرىنىڭ مۇناسىپ قەھرىمانى بولالايدۇ. ئەپسۇسكى، رومانىدىكى ئەكبەر ئوبرازىدىن ئىجابى قەھرىماندا بولۇشقا تېگىشلىك بۇ خۇسۇسىيەتلەر تولۇق تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئىنكاسى ئاستا، رىياللىقنى بىلىشى ئۈزە، ئەقىل ۋە ھىس قىلىشى ئۆزە، ئەقىل ۋە چارە - تەدبىرگە دىيەرلىك باي ئەمەس. رومانىدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىجابى قەھرىمان مەنسۇر ئوبرازىغا قارىغاندا تۇرمۇشلىغى ئاجىز بولۇپ، جانلىق ۋە ھەركەتچانلىغى كەم. شۇڭا ئۇ، ئوقۇغۇچىغا بەكمۇ يېقىملىق سېزىلمەيدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاپتور ئەكبەر ئوبرازىنى يارىتىشتا بەلگىلىك دەرىجىدە ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىگە بېرىلىپ، مۇئەييەن تۇرمۇش مەزمۇنىغا ئىگە بولمىغان بەزى ئەھمىيەتسىز ۋەقەلەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا تازا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇشىنى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىغا ئايان بولمىغان قەلب سىرلىرىنى دىيەرلىك پىششىق نازۇكلىقتا ئېچىپ بېرەلمىگەن. نەتىجىدە، ئەكبەر ئوبرازى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ھەقىقى تۇرمۇش ئادىمىنىڭ، زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر بىلەن تولغان مۇرەككەپ بىر دەۋر قەھرىمانىنىڭ ھەممە زورۇر خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرەلمىگەن.

ئۇندىن باشقا ئاپتور رومانىدىكى بەزى پېرسوناژلارنىڭ ئائىلىۋى سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن شەخسى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشتە، ئەينى يىللار رىياللىغىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە خاھىشچانلىق ۋە ئۇقۇملاشتۇرۇشقا يول قويغان. بەزى پېرسوناژلارنى بولسا ئالدىن ئويلىشىلغان پىلان بويىچە لايىھىلىگەن. نەتىجىدە، رومان ئىدىيىۋىلىگىنىڭ، رىيال تۇرمۇشنىڭ تەبىي تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق يارقىن ئېچىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكەن.

مەلۇمكى، رومان ئىجتىمائى تۇرمۇشنى ئەڭ كەڭ دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، تىپىك مۇھىت ئىچىدە شەكىللەنگەن تىپىك پېرسوناژلار تەسۋىرى ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ ماھىيىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدىغان ھەركەتچان بەدىي شەكىل. تۇرمۇشقا سادىق بولۇش، ھەممە نەرسىنى قايناق تۇرمۇش رىياللىغىدىن ئېلىش، ئىدىيىۋى مەزمۇننى سىياسى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى كونكرېت ھايات كۆرۈنۈشلىرى ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىش ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى. ئۇقۇمغا تايىنىش، خاھىشچانلىققا بېرىلىش، تۇرمۇش رىياللىغى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى مۇددىئا ۋە مەقسەتكە بويسۇندۇرۇش رومان ئىجادىيىتىگە پۈتۈنلەي يات. بېلىنسكى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى: "سەنئىتىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پوۋېستتا، روماندا ياكى درامىدا ۋەقەلەرنى بۇرۇندىن ئويلاپ قويۇلغان مەقسەتكە ماسلاشتۇرۇپ كۆرسىتىشتىن

ئىبارەت بولماي، بەلكى بۇ ۋەقەلەرنى ھەقىقى زورۇرىيەت قانۇنلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ كېڭەيـ
تۇرۇشتىن ئىبارەت.“ دېمەك، تۇرمۇشقا چىنلىق نۇقتىسىدىن ياندىشىش، ھايات ھادىسىلىرىنى
ئەسلى قىياپىتى بويىچە يورۇتۇپ، ئادەملەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى دەل ۋە توغرا ئېچىپ
بېرىشلا رومان ئىجادىيىتىنىڭ بىردىن ـ بىر توغرا يولى ھېساپلىنىدۇ. ئەكسى ھالدا ئۇقۇم
ۋە چۈشەنچىگە بېرىلگەندە رومان ھەر قانداق سىياسى ـ بەدىى كۈچتىن مەھرۇم بولۇدۇ.

بىزنىڭ پرۇزىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان كەم ۋە يېتەرسىز بولۇپ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم
نەرسە ھايات ھادىسىلىرىنى دادىل ئومۇملاشتۇرۇپ، يېڭى ۋە ئىجادىي تۇرمۇش مەنزىرىسىنى
يارىتىپ، پېرسوناژلار روھىي دۇنياسىنى باي ۋە خىلمۇ ـ خىل بەدىى ئىپادىلەش ۋاستىلىـ
رىگە تايىنىپ ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلمەسلىك ئىدى. يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ
«ئاۋرال شاماللىرى» رومانى يۇقۇرقىدەك كەمچىلىكلىرنىڭ بولۇشىغا قارىماي، پرۇزىمىزدا
مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ يېتەرسىزلىكنى دەسلەپكى قەدەمدە تولدۇردى. ئۇ، پرۇزىمىزنى
كەسكىن ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش زىددىيەتلىرى بىلەن ئىنچىكە ۋە نازۇك پسىخىك تەسۋىر
زىمىندە يارىتىلغان بىر گۇرۇپپا تىپىك ئوبرازلارغا ئىگە قىلىپ، پرۇزىمىزنىڭ ھاياتىي
كۈچىنى تولۇق نامايەن قىلدى. مانا بۇ، «ئاۋرال شامالىرى» رومانىنىڭ ئەڭ زور مۇـ
ۋەپپەقىيىتى. بىز ئاپتورنىڭ بەدىى غايىۋى تەرەپتىن تېخىمۇ يۇكسىلىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىـ
نىڭ مەنىۋى دۇنياسى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن تېخىمۇ يېڭى ۋە تېخىمۇ
ئىجادىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا مۇناسىپ
تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

(بېشى 112 ـ بەتتە)

ـنۇر» ئىنتىپاقىدىكى قەبىلىلەر) قەشقەر ـ خوـ
تەن دىنىي توقۇنۇشلىرىدىن كېيىن، يەنە
بۇددىست ئىدىقۇت خانلىغى ۋە قىستانلارنىڭ
قولـلاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىسلام دىنىغا كىرگەن قىسمىغا قارشى جەڭ
باشلىغانلىغى مەلۇم. ئارسلان تېگىن ئەنە
شۇ باسمىل ـ ياباقۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى
ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان.

تۇركىيە تارىخچىسى، دوكتۇر زەكى ۋەـ
لىدى توغاننىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، مەزكۇر
ئارسلان تېگىننىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش
يۈزىسىدىن، 1041 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ
كۈنى، فەرغانىدە ئورنىتىلغان ئەرەپچە خاتىرە
تاش ھازىرمۇ «ۋاروخ» يېزىسى يېنىدىكى
ئىگىز قىيادا ساقلىنىپ قالغان (زەكى ۋەـ
لىدى توغاننىڭ «ئومۇمى تۈرك تارىخىغا كىـ
رىش» دىگەن كىتاۋىدا كەلتۈرگەن نەقىل
بويىچە، «ئارخېئولوگىيە ھەۋەسكارلىرىنىڭ تۈر ـ
كىستان كۇرژۇگى ھوججەتلىرى». 1904 ـ
يىلى، 43 ـ، 47 ـ بەتلەر).

نەسەپ (شەجەرە) جەھەتتىن سۇلايـ
مان ئارسلان خان (يەنى بېكەچ ئارسلان
تېگىن) ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىگە بوـ
ۋا جەمەت ھېساپلىنىدۇ. بەزى مەلۇماتلار
بويىچە، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چوڭ دادىسى
مۇھەممەت مەزكۇر سۇلايمان ئارسلان خان
بىلەن بىر تۇقـقان بولۇپ، يۇسۇپ قىدىرـ
خاننىڭ ئوغۇللىرىدۇر. شۇڭا مەھمۇت قەشقەـ
رى ئۆز ئەسىرىدە («دىۋان»دا) بۇ زاتىنى
”ئارسلان تېگىن غازى“ دەپ ھۆرمەت بىلەن
ئالاھىدە ئاتىغان ۋە بۇ زاتقا بېغىشلانغان
داستاندىن پارچىلارنى مىسال قىلىپ بەرگەن.

بۇ داستان چىن رىياللىق تەسۋىرلەنـ
گەن ۋە ھەقىقى ئۆتكەن شەخسى گەۋدىـ
لەندۇرۇلگەن تارىخىي داستاندۇر.

# ئەدەبىي ئاتالغۇلارنىڭ قىسقىچە لۇغىتى

**ئوبراز** (رۇسچە obraz — قىياپەت) — ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ كونكرېت ھەمدە بەدىئىي توقۇلما ياردىمىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان، ئېستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە كارتىنىسى. بەدىئىي ئەسەردە يازغۇچى ئىجتىمائىي ھاياتنى كونكرېت، جانلىق كارتىنىلاردا يەنى ئوبرازلىق ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھايات توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە پىكرىنى بىلدۈرىدۇ، ئوبرازلار ياردىمىدە كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا، ئوقۇغۇچىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ.

ئوبراز ۋە تۇرمۇشنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش — رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنى بىلىشنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە خاس ئالاھىدە بىر خىل شەكلى بولۇپ، بۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەدەبىيات سەنئەت مۇشۇ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق باشقا ئىجتىمائىي پەنلەردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت، جۈملىدىن، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ۋ. گ. بېلىنسكىي: "شائىر (ئومۇمەن يازغۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئوبرازلار ئارقىلىق پىكىر قىلىدۇ، ئۇ، ھەقىقەتنى ئىسپاتلىمايدۇ، بەلكى كۆرسىتىپ بېرىدۇ" دەپ ئىخچام ھالدا ئىزاھلىغان.

يازغۇچى تۇرمۇشنىڭ جانلىق كارتىنىلىرىنى سىزىپ كۆرسەتكىنىدە، تۇرمۇش شارائىتى، كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە تاشقى قىياپىتى (پورترېتى)، تەبىئەت مەنزىرىلىرى (پېيزاژ) نىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان خاراكتېرلىق، تىپىك تەرەپلەرنى تاللاپ ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تۇرمۇشنى ئىندىۋىدۇئال ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەينى ۋاقىتتا، ئومۇملىققا، تىپىك ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە بولىدۇ. يەنى ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر كونكرېت ۋەقە ياكى ھادىسە، مۇشۇ خىلدىكى بىر مۇنچىلىغان ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، نېمە ئۈچۈن بۇنداق ۋەقەلەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن رېئاللىقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچى ئۆزىنىڭ دۇنياقارىشى ۋە غايىسىنى ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىمۇ ھايات گۈزەللىكىگە مۇھەببەت باغلاشقا، يارىماس نەرسىلەرگە نەپرەتلىنىشكە ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدىئىي ئەسەردىكى ئوبرازلار ئىندىۋىدۇئاللىق، ئومۇملىق ۋە بىلىش ئەھمىيىتىگىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، يەنە تەربىيىۋى ئېستېتىك ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە رېئال ھايات كارتىنىلىرى بىر بىرىگە زىچ باغلانغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكتىن، بۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، يەنى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال بەلگىلىرىنى ساقلىغان ھالدا، بەدىئىي توقۇلما يولى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆز ئىدىيىلىرىنى سىڭدۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش دېيىلىدۇ.

ئوبراز سوزى تار مەنىدە، ئومۇمەن ئەدىبى ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن كىشىلەر ئوبرازىغا قارىتىپ ئىېتىلىدۇ، ئادەتتە ئەدىبى ئەسەرلەردە بىر-بىرسى بىلەن باغلىق، ئوز ئارا زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇدىغان بىر قاتار ئوبرازلار ئەكس ئەتتۇرۇلگەچكە، كوپىۇنچە، ئوبرازلار سىستېمىسى دەپمۇ يۇرگۇزۇلىدۇ.

ئوبراز سوزى يەنە جۇملە ياكى نۇتۇقتا ئېنىقلىق، پاساھەت ۋە كونكرېتلىق بەرگۇچى ھەر قانداق ئىبارىگە نىسبەتەنمۇ قوللىنىلىدۇ، شۇ مەنىدە شېئرىي تىلغىمۇ ئوبراز سوزى ئىشلىتىلىدۇ.

**تىپىكلىك** (گىرىكچە typos—بەلگە، تامغا)—بىر قاتار تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ئىجتىمائى تۇزۇم ياكى مەلۇم بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ئۇچۇن خاراكتىرلىق بولغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بەلگە ۋە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ جەملىنىشى؛ بۇنداق خاراكتىرلىق بەلگە—يەنى تىپىكلىك مەلۇم جەمىيەتتە بىر خىل ئىجتىمائى شارائىتتا ھايات كەچۇرگۇچى بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا يۇز بەرگەن كوپلىگەن تۇرمۇش ھادىسىلىرىدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. تىپىكلىكنى پەقەت ھاياتتا كوپ ئۇچرايدىغان ھادىسىلەر دەپلا ھىساپلىغىلى بولمايدۇ. ھادىسىنىڭ ماھىيىتى، يەنى تىپىكلىك كوپلىگەن ھادىسىلەردىلا ئەمەس، بەلكى بىرلا ھادىسىدە، ئايرىم كىشىلەرنىڭ، ھەتتا يەككە كىشىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىمۇ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، يازغۇچىنىڭ نىمىنى ھاياتتىكى تىپىك ھادىسە دەپ قارىشى، قانداق خۇسۇسىيەت، بەلگىلەرنى تىپىكلىك سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۇرۇشى — يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇشنى قانداق چۇشۇنۇشنى كورسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتتۇر.

"تىپىك شارائىتتا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن تىپىك خاراكتىرلارنىڭ چىنلىغى" — ھاياتنى رىيال سۇرەتتە ھەققانى ئەكس ئەتتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

**تىپ** (گىرىكچە typos—بەلگە، ئۇلگە)—مەلۇم ئىجتىمائى گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ئاساسى خاراكتىرلىق بەلگىلىرى جەملەپ كورسىتىلگەن، مەلۇم بىر ئىجتىمائى ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن بەدىى ئوبراز، تىپ ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن ئومۇملىقنىڭ بىرلىگى بولۇپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتى ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇدۇ. تىپ ياكى تىپىك ئوبراز يارىتىش جەريانى تىپىكلەشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. بەدىى ئەدەبىياتتا تىپىكلەشتۇرۇش ئىككى خىل بولۇدۇ، ئۇنىڭ بىرسى، بىر خىل تىپتىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ خاراكتىرلىق بەلگىلىرىنى جەملەش بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇلنى لۇشۇن ئوز ئىجادىيىتىدە قوللىنىپ، "كىشىلەرنىڭ مودىلىغا ئوخشاش مەخسۇس بىر ئادەمنىلا ئالماستىن، بۇرنى جېجياڭدىن، يۇزى بېيجىڭدىن، كىيىمى شەنشىدىن بولىدىغان" (لۇشۇن)، ئورتاق تىپنى ياراتقان، شۇڭا "مەلۇم بىر تىپنى يارىتىشتا، شۇ خىلدىكى نۇرغۇن ئادەملەر ئۇستىدە كۇزىتىش ئېلىپ بېرىش كېرەك" (ل. تولستوي)؛ يازغۇچى بۇ خىلدىكى تىپنى "يۇزلىگەن دۇكاندار، ئەمەلدار، ئىشچىنىڭ خاراكتىرلىق بەلگە، ئادەت، مىجەز، ئىېتىقات ۋە سوزلەش ئۇسۇلى...قاتارلىقلارنى تاللاپ ئۇنى بىر دۇكاندار، ئەمەلدار، ئىشچى ئۇستىگە جەملەپ كورسىتىش يولى بىلەن يارىتىدۇ" (م. گوركى)؛ ئىككىنچى بىر خىلى بولسا، ھاياتتىكى بىرەر رىيال شەخسنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنى جەملەش ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. (پروتوتىپقا قاراڭ.)

**خاراكتىر** (گىرىكچە charakter — بەلگە، ئالاھىدىلىك) — كىشىنىڭ روھى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يىغىندىسى، خاراكتىر كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ۋەزىيەتتىكى ئىش-ھەركىتىدە يەنى ئۇنىڭ باشقا كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئىجتىمائىي ۋە شەخسى ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل ۋەقەلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كىشىلەر خاراكتىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇيۇشقان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەدىي ئەدەبىياتتا روشەن ئىندىۋىدۇئال بەلگىلەر بىلەن مۇكەممەل ۋە ئېنىق يارىتىلغان ئادەم ئۇبرازى خاراكتىر دېيىلىدۇ.

مەلۇم ئىجتىمائىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلغۇچى بىر مۇنچە كىشىلەرگە ئورتاق بولغان بەلگىلەر ئۇمۇملاشتۇرۇلغان خاراكتىر — تىپىك خاراكتىر بولىدۇ.

**ئەسەر قەھرىمانى** — ئەدەبى ئەسەردىكى ئالاھىدە ئېنىق خاراكتىر بەلگىلەرگە، مىجەز-خۇلققا ئىگە ھەمدە ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باشقا شەخس ۋە تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە مۇقىم مۇناسىۋەتتە بولغۇچى شەخس.

كۆپىنچە، ئەسەردىكى كۆپ تەرەپلىمە، تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەخسلەرمۇ قەھرىمان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەسەر قەھرىمانلىرى ئىچىدىكى دۇنياقارىشى، ئىش-ھەركىتى ئارقىلىق ئەينى ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋردىكى ئىلغار كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ۋە ئوقۇغۇچىدا ئۆزىگە نىسبەتەن ئىجابى ھەۋەس ئويغىتالىغۇچى شەخس — ئەسەرنىڭ ئىجابى قەھرىمانى بولىدۇ. "قەھرىمان" سۆزى كۆپىنچە ئىجابى ئۇبرازلارغا قارىتىلغان.

**سەلبى ئۇبراز** — ئەسەرنىڭ ئاساسلىق ئىشتىراكچىلىرى ئىچىدىكى ئۆز دۇنياقارىشى ۋە ئىش-ھەركىتىدە ئەينى دەۋردىكى قالاق ياكى ئەكسىيەتچى كىشىلەرگە ياكى گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلغۇچى شەخس. ئەسەردىكى سەلبى ئۇبرازلار بىر تەرەپتىن رېياللىقنى چوڭقۇر چۈشىنىش، سەلبى نەرسىلەرگە نەپرەتلىنىشكە يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجابى ئۇبرازلارغا سېلىشتۇرما سۈپىتىدە، ئىجابى نەرسىلەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت ئويغىتىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

**لىرىك قەھرىمان ياكى ئۇبراز** — لىرىك شېئىرلاردا ياكى لىرىك ئەسەرلەردە ئىچكى ھېسسىيات، ھېس-تۇيغۇ، پىكىرلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەخس. لىرىك شېئىرلار بىرىنچى شەخس تەرىپىدىن يېزىلغاچقا، كۆپىنچە، لىرىك قەھرىمان دەپ شائىرنى ئاتايدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئال كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق زامانىنىڭ ئىلغار كىشىلىرىگە خاس كەچۈرمىشلەرنى، ئەينى تارىخىي دەۋردىكى مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھ ۋە تەبىقە ئۈچۈن خاراكتىرلىق بولغان ھېس-تۇيغۇ، پىكىرلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەندىلا، ئۇ، ئەھمىيەتلىك لىرىك قەھرىمان يارىتالىغان بولىدۇ، لىرىك ئۇبرازلارمۇ خۇددى باشقا ئۇبرازلارغا ئوخشاش، بەدىي توقۇلمىدىن پايدىلىنىپ، ئۇمۇملاشتۇرۇش يولى بىلەن يارىتىلىدۇ؛ بۇنداق ئۇمۇملاشتۇرۇلغان بەدىي ئۇبراز — لىرىك قەھرىمان — بىر شائىرنىڭ بىر قاتار شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ياكى پۈتۈن ئىجادىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ل. مۇتەللىپنىڭ لىرىك قەھرىمانى — ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەر ئازاتلىق جەڭچىسىنىڭ تىپىك ئۇبرازىدۇر.

**پروتوتىپ** (گرېكچە prototypon) — يازغۇچى تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تىپىكلەشتۇرۇلۇپ يارىتىلغان ئوبراز ياكى تىپ ئۈچۈن ئاساس بولغان ھاياتتىكى راس ئادەم.

**پورترېت** — قىياپەت (فرانسۇزچە portrait) — بەدىئى ئەسەرلەردە كىشىلەر تاشقى قىياپىتىنىڭ — چىراي - شەكلى، تەققى - تۇرقى، - كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇلۇشى. بەزەن قەھرىمانىنىڭ روھىي دۇنياسى، ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن "قەھرىمانىنىڭ ئىچكى قىياپىتى (پورترېتى)" دىگەن ئىبارىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**پېيزاژ** (فرانسۇزچە paysage — ئورۇن، ماكان) — ئەدىبى ئەسەردە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن تەبىئەت مەنزىرىسى. يازغۇچى پېيزاژنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇزىنىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى، مەلۇم ئورۇن ياكى جاي تەبىئىتىنىڭ خاراكتېرلىق بەلگىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ؛ پېزاژ ئەسەر قاتناشقۇچىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى قوشۇمچە ۋاستە بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدۇ.

**دىالوگ** (گرېكچە dialogos — ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى سوھبەت) — بەدىئى ئەسەردە ئىككى ياكى بىرقانچە كىشى ئوتتۇرىسىدا بولۇدىغان سوھبەت. دراماتىك ئەسەرلەردە دىالوگ خاراكتېر ۋە ئوبراز يارىتىشنىڭ ئاساسلىق بەدىئى ۋاستىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، پىروزا ئەسەرلىرىدىمۇ دىالوگنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى رولى چوڭ.

**مونولوگ** (گرېكچە monos — بىر، logos — سوزدىن كېلىپ چىققان) — بەدىئى ئەسەر قاتناشقۇچىسىنىڭ ئۆز سوھبەتدىشىغا ياكى ئۆز ئۆزىگە (سەھنە ئەسەرلىرىدە بولسا تاماشابىنلارغا) قارىتىلغان ئۇزۇن نۇتقى. بىرلا شەخس قاتناشقان سەھنە ئەسىرىنىمۇ مونولوگ دەپ ئاتايدۇ.

**تەسۋىر** — بەدىئى ئەسەرلەردە ھىكايە قىلغۇچى تەرىپىدىن شەخس ۋە ھادىسىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەت، خاراكتېرلىرىنى مەلۇم ئىزچىللىق بىلەن يېزىپ كورسىتىپ بېرىدىغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلى.

**بايان** — ئەدىبى ئەسەردە ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ جەريانىنى، ئوتمۇشنى چۈشەندۈرۈپ سوزلەپ بېرىدىغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلى.

**سىمۋول** (گرېكچە symbolon — قەدىمىي گرېتسىيەدىكى يوشۇرۇن تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ شەرتلىك بەلگىسى) — ئەدىبى ياكى شېرىي تىلدا تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ئۇقۇملار ۋە نەرسىلەرنى شەرتلىك ھالدا مەزكۇر ھادىسە، ئۇقۇم ۋە نەرسىنى ئەسلەتكۈچى باشقا نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان بىر خىل ئوخشىتىش — تەققاسلاش ئۇسۇلى. مەسىلەن: تاڭ ئاتماق — ئازاتلىق سىمۋولى، تۈن، كېچە — زۇلۇم سىمۋولى، بوران — ئىنقىلاپ سىمۋولى بولغىنىغا ئوخشاش، بەزەن بىرەر ھادىسىنىڭ خاراكتېرلىق بەلگىلىرىنى، مەزكۇر ھادىسىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئۆزىدە ئېنىق جەملىگەن بەدىئى ئوبرازلارنىمۇ سىمۋول دەپ ئاتايدۇ.

**ئېپىزود** (گرېكچە epeisodion — بولۇپ ئۆتكەن) — ئەدىبى ئەسەرلەردە، كوپۈنچە داستان، پوۋېست، رومان، درامىغا ئوخشاش چوڭراق تىپتىكى ژانىرلاردا، ئەسەر سيۇژېتىدىكى، بىر - بىرسىگە باغلانغان ۋەقەلەر ئىچىدىكى نىسبەتەن مۇستەقىل خاراكتېر ئالغان ئايرىم ۋەقەلەر.

**سيۇژېت** (فرانسۇزچە sujet — شەيئى) — ئېپىك (پروزا)، لىرو — ئېپىك ۋە دراماتىك

ئەسەرلەردە ئۆزئارا باغلانغان، تۈگۈندىن يېشىمغا قەدەر تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان، بىۋاستە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى ۋەقەلەر سىستېمىسى؛ بۇ ۋەقەلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت-ئالاقىلىرىنى، ئەسەر قاتناشقۇچىلىرى خاراكتېرىنىڭ ھەر خىل بەلگىلىرىنى، مىجەز-خۇلقى، كەچۈرمىشلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ ۋە خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىش، ئۆسۈش تارىخىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسەر سيۇژېتىدا ھاياتىي تىپىك خاراكتېرلىق، تىپىك توقۇنۇش ۋە زىددىيەتلەر، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت-ئالاقىلىرى ھەممە ئۇنىڭغا بولغان يازغۇچىنىڭ پوزىتسىيەسى، باھاسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. م. گوركى سيۇژېتقا "ئالاقە، قارىمۇ-قارشىلىق، ياقتۇرۇش، ياقتۇرماسلىق، ئومۇمەن، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئۇ ياكى بۇ خاراكتېرنىڭ تەشكىل تېپىش، ئۆسۈش تارىخى" دەپ تەرىپ بەرگەن.

**ئېكسپوزىتسىيە** (لاتىنچە — expositio — چۈشەندۈرۈش) — ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى سيۇژېت باشلانغىچە بولغان كىرىش قىسمى — يەنى ئەسەر قاتناشقۇچىلىرى خاراكتېرىنىڭ شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىي مۇھىت، تۇرمۇش شارائىتى، ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋە راۋاجلانغان تارىخىي شەرت-شارائىت قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرلىنىشى. ئېكسپوزىتسىيە — شۇ ئەسەردىكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر قىلالماسلىقى بىلەن سيۇژېت تۈگۈنىدىن پەرقلىنىدۇ. ئېكسپوزىتسىيەنىڭ ئەسەردىكى ئورنى ھەر خىل — تۈگۈندىن ئاۋال (ئوددۇل ئېكسپوزىتسىيە)، ئەسەر تۈگۈنىدىن كېيىن (كېچىكتۈرۈلگەن ئېكسپوزىتسىيە) ۋە ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا (قايتۇرما ئېكسپوزىتسىيە) بولۇش مۇمكىن. ئېكسپوزىتسىيەنىڭ ئەسەردىكى ئورنى يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى قانداق چۈشىنىشى ۋە ئۇنى قايسى تەرىزدە بايان قىلىش نىيىتى بىلەن باغلىق بولىدۇ.

**پىرولوگ** (گىرېكچە prologos، pro — ئالدىنقى، logos — سۆز) — ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بىر خىل كىرىش قىسمى بولۇپ، بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارغا بايان قىلىنىدىغان ۋەقەلەر ياكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ۋە ياكى ئاپتورنىڭ مەقسىدى تونۇشتۇرۇلىدۇ. قەدىمقى گىرېك تىراگېدىيىلىرىدە، تاماشىبىنلارنى تىياتىرغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارىتىلغان مۇراجەت پىرولوگ دېيىلەتتى.

**ئېپىلوگ** (گىرېكچە epilogos، epi — كېيىن، ئاخىرقى، logos — سۆز.) — بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىنكى ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا بايان قىلىنغان قىسمى. ئەسلىدە، قەدىمقى گىرېك دراممىلىرىدا ئاپتورنىڭ تاماشىبىنلارغا ئۆزىنىڭ مەقسىدى ياكى درامىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن قىلىنغان مۇراجىتى ئېپىلوگ دېيىلەتتى.

**كومپوزىتسىيە** (لاتىنچە compositio — تۈزۈش، تەرتىپكە سېلىش) — بەدىئىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭدىكى قىسىملارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى ۋە ۋەقەلەرنىڭ ھېكايە قىلىنىش تەرتىپى. كومپوزىتسىيە ئاساسىي بەدىئىي ۋاسىتىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، يازغۇچى مەزكۇر ۋاستە ئارقىلىق، تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىسى دائىرىسىدە تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە ئەسەر ئىشتىراكچىلىرىنى خاراكتېرلەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كومپوزىتسىيەنىڭ قانداق بولۇشى يازغۇچى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئىدىيىۋى-تېماتىك ۋەزىپىگە بويسۇنغاچقا، ئوخشىمىغان ئەسەرلەرنىڭ كومپوزىتسىيە تۈزۈلۈشىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

## مۇپاسساننىڭ توت ئۇستازى

دۇنيادا نۇرغۇن يازغۇچىلار تەدرىجى ماھارەت كورسىتىپ تونۇلۇپ، ئاندىن ئاتاق چىقارغان، لېكىن تۇنجى ئەسىرى بىلەنلا ئاتاق چىقىرىپ، چوڭ شوھرەت قازانغانلارمۇ بولۇپ ئوتكەن. فرانسىيە ھىكايىچىسى مۇپاسسان ئەنە شۇنداقلار خىلىغا كىرىدۇ.

مۇپاسسان چاخچاق قىلىپ "مەن ئەدەبىيات مۇنبىرىگە ئاقار يۇلتۇزدەك كىرىپ كەلدىم" دېگەن ئىدى. 1880 - يىلى مۇپاسساننىڭ «دونداق» سەرلەۋھىلىك ئەسىرى ئېلان قىلىنىپ ئەتىسلا، ئۇ، ئاتاقلىق كىشى بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن ئۇ، بۇنداق تۇيۇقسىز ئاتاقلىقا ئېرىشىشتىن ئىلگىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ئۇستىدە ئۇزاق مۇددەت قەيسەرلىك بىلەن ئىزلەنگەن ئىدى.

مۇپاسساننىڭ ئانىسى ئەدەبىيات خۇمارى بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى زېھىن قويۇپ ئوقۇپ، ئىنچىكىلەپ باھالايتتى. شۇنداقلا ئوغلىنىڭ ئوقۇشى ۋە يېزىشىغا كۇچىنىڭ يېتىشىچە يېتەكچىلىك قىلاتتى ھەم ئوغلىنىڭ ئەڭ دەسلەۋدە يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئارگىنالىلىرىنى ۋە مەشق دەپتەرلىرىنى ئاۋايلاپ ساقلىغان ئىدى. ئوغلى يازغۇچى بولۇپ يېتىشكەندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەنىلا ئوغلىنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى مەسلىھەتچىسى، تەنقىدچىسى ۋە ياردەمچىسى بولغان ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇنى نۇرغۇن ھىكايە ئىجادىيىتى تېمىسى بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. شۇڭا، مۇپاسساننىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتىكى تۇنجى ئۇستازى بولۇشقا مۇناسىپ.

مۇپاسسان رىيان ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لۇئى بويۇ بۇ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىنشالىرىدىن ئۇنىڭدىكى چاقناپ تۇرغان تالانتىنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى بايقىۋېلىپ، بۇ ياشنىڭ قەلبىگە ئىلىم - ھىكمەتتىن زېرىكتەي - تېرىكمەي چىراق يېقىپ، ئۇنىڭغا سەنئەت ساھەسىدىكى خىزمەتنىڭ ئىجادى مېھنەتكە ۋە سەۋر - تاقەتكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا باش كوتەرمەي جاپالىق ئىشلەشنىڭ ۋە ئەدەبىيات ماھارىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگەللىۋېلىشنىڭ زورۇرلىگىنى تونۇتقان ئىدى. لۇئى بويۇ رىيانغا يېقىن جايدا ئولتۇرۇشلۇق فلوبېر بىلەن. يېقىن ئوتۇشەتتى، بەزىدە ئۇ، ئوزىنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىسىنى فلوبېرنىڭ ئويىگە باشلاپ باراتتى - دە، بۇ ئىككى ئۇستاز ئۇنىڭغا بىرلىكتە سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلاتتى.

19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى مۇپاسسان ئوتتۇرا مەكتەپنى پۇتتۇرگەندىن كېيىن، مەشھۇر يازغۇچى فلوبېر ئۇنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى رەسمى ئۇستازى بولدى. ئۇ، شۇ چاغلاردا يەنە داۋاملىق شېئىر يېزىۋاتقان مۇپاسساننىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىنى كورگەندىن كېيىن: "سىزدە ئىقتىدار بار - يوقلىغى ماڭا تېخى نامەلۇم. سىزنىڭ ماڭا كورسەتكەن نەر-

سىلىرىڭىز ئىچىدىن ئاز-تولا زېرەكلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، لېكىن، يىگىت، بوففۇن (فرانسىيە يازغۇچىسى، 1788 — 1707) نىڭ 'ئىقتىدار دېمەك — ئۇزاق مۇددەت ھارماي-تالماي ئىشلەشكە بەرداشلىق بېرىش دېمەكتۇر' دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىشنى مەڭگۈ ئۇنۇتماڭ، تىرىشىپ ئىشلەڭ، ئوغلۇم" دېگەن ئىدى.

مۇپاسسان مۇشۇ نەسىھەت بويىچە، توختىماي ئىشلىدى، شېئىر يازدى، كومېدىيە يازدى، پوۋېست يازدى، ھېكايىمۇ يازدى. تەلەپنى ئىنتايىن قاتتىق قويۇدىغان ئۇستازى فلوبېر ئۇنىڭ يازغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەرزىمەسكە چىقىرىپ، كۆيدۈرگۈزۋېتەتتى ھەمدە ئۇنى "پىشمىغان ئەسەرنى خالىغانچە گېزىت-ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ ئېلان قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ" دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. مۇپاسسان بۇنىڭلىق بىلەن مەيۈسلىنىپ كەتمىدى، فلوبېر ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئارزۇسى مۇپاسسانغا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كەسكىن ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش، ئۇنى ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان قىلىش، شۇ ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇدىغان قىلىش ئىدى.

فلوبېر ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇ، مۇپاسسانغا: "سىز چەرچىن ماللار دۇكىنىدا ئولتۇرغان سودىگەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىڭىزدە، غاڭزىسىنى شوراپ ئولتۇرغان جىسەكچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىڭىزدە، ئاشۇ چەرچىن مال سودىگىرى بىلەن جىسەكچىنى، ئۇلارنىڭ تەققى-تۇرقىنى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل بەدەن قىياپىتىنى ماڭا سۈرەتلەپ بېرىڭ، رەسساملارنىڭ ۋاستىسىنى قوللانسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىز ئۆز تەسۋىرىڭىزدە ئۇلارنىڭ پۈتكۈل روھىي تەبىئىتىنى ئىپادىلەپ بېرىڭكى، مەن ئۇلار بىلەن باشقا ھەرقانداق چەرچىن مال سودىگىرى، ھەرقانداق باشقا جىسەكچىنى ئارىلاشتۇرۇۋالمايدىغان بولاي" دېگەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، فلوبېر يەنە مۇپاسساندىن كۆرگەن نەرسىلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئىنچىكە ۋە چىن رەۋىشتە تەسۋىرلىيەلەيدىغان بولۇشنى، تەسۋىرلىنىدىغان نەرسە ئۈچۈن يېقىن كېلىدىغان ئەمەس، بەلكى دەل باپ كېلىدىغان سۆز تېپىشنى تەلەپ قىلاتتى. فلوبېر مۇپاسسانغا مۇنداق دېگەن ئىدى: "سىز ھەرقانداق شەيئىنى تەسۋىرلىمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ نامىنى پەقەت بىرلا ئىسىم بىلەن ئاتىشىڭىز، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى پەقەت بىرلا پېئىل بىلەن ئىپادىلىشىڭىز، ئۇنىڭ سۈپىتىنى پەقەت بىرلا سۈپەت بىلەن سۈپەتلىشىڭىز لازىم بولىدۇ. شۇڭا سىز ھېلىغىچە تاپالمىغان ئاشۇ ئىسىمنى، ئاشۇ پېئىلنى، ئاشۇ سۈپەتنى تېپىشىڭىز كېرەك. ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا، ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ھەتتا ئۇستىلىق ئىشلىتىپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ، تىلدا ئۇستىلىق ئىشلىتىپ قىيىنچىلىقتىن قېچىشقا بولمايدۇ."

فلوبېرنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق تەلەپ قويغانلىقى مۇپاسساننىڭ ئىجادىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

فلوبېر فرانسىيەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان تورگېنېۋ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، تورگېنېۋ مۇپاسسانغىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولغان ئىدى، دائىم ئۇنىڭ ئارگىناللىرىنى تەكشۈرۈپ بېرەتتى ھەم سەمىمىي مەسلىھەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى. بولۇپمۇ

فلوبېـر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، گەرچە مۇپاسسان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان،
خېلى شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، يەنىلا كەمتەرلىك بىلەن تورگېنېۋنى ئۆزىنىڭ
ھۆرمەتلىك ئۇستازى دەپ بىلدى. مۇپاسسان ئىقتىسادىي جەھەتتە قىسىلىپ قالغان چاغ-
لاردا، تورگېنېۋ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى روسىيە ژۇرناللىرىنىڭ ئېلان قىلىشىغا تونۇشتۇرۇپ
بەردى. تورگېنېۋنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇپاسسان، پۇشكىن، لېرمونتوۋ، گوگول، ل. تولستوي
قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇلارنى ياقتۇرۇپ ئوقۇپ، روسىيە كلاسسىك
ئەدەبىياتىنىڭ نۇرغۇن پايدىلىق تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلدى، مانا بۇلار ئۇنىڭ رېيال تۇر-
مۇشقا يۈزلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدىكى خىلمۇ - خىل رەزىللىكلەرنى پاش قىلىپ
ۋە تەنقىت قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈم ئاستىدا ئۇچرىغان بەختسىزلىك-
لىرىگە ھېسداشلىق قىلىشىغا ياردەم بەردى.

مۇپاسسان ئەنە شۇ بىرنەچچە ئۇستازى (ئانىسى، لوئى بۇيۇ، فلوبېر، تورگېنېۋ) غا
ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تۇنجى شېرلار توپلىمىنى فلوبېرغا، تۇنجى ھېكا-
يىلەر توپلىمىنى تورگېنېۋقا تەقدىم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاشۇ قەدىردان ئۇستاز-
لىرىغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

## ئۆگىنىشكە ئامراق كەمتەر مۇپاسسان

فرانسىيە يازغۇچىسى مۇپاسسان "ھېكايىچىلىق پىشۋاسى" دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ
ئەدەبى ئىجادىيەتتە قازانغان غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ كەمتەر، ئۆگىنىشكە ئامراق
بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مۇپاسساننىڭ تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلىشى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ، تۇرمۇشنى ئىنتايىن ئىنچى-
كىلىك بىلەن كۆزىتەتتى، ئۇ، ھەمىشە كېزىت كورگەن قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ
قىلىقلىرىنى ئوغرىلىقچە كۆزىتەتتى ۋە باشقىلارنىڭ كۆسۈلدىشىپ دېيىشىۋاتقان گەپلىرىنى
ئاڭلىۋالاتتى ياكى كافىخانىدا بىر ئولتۇرغانچە بىرنەچچە سائەت ئولتۇرۇپ، خەقلەرنى
كۆزەتكەچ قوسىقىدا ھېكايە توقۇيتتى، ھەر خىل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ
مۇۋاپىق بىرەرسىنى تاللىۋالاتتى. مانا بۇمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىسقا، ئەمما تەسىرلىك
بولۇشىدىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرى.

مۇپاسسان ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دائىم ئېھمىل زولانىڭ داچىسىغا
ئېلىپ بېرىپ، كوپچىلىككە ئوقۇپ بېرىپ، باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى ۋە پىكرىنى ئاڭلايتتى،
شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ كەيپىياتىغا زەڭ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقارمىغان پىكىرلىرىد-
نىمۇ پەرەز قىلاتتى. مۇپاسسان ئۆز زامانداشلىرى بولغان زولا، تورگېنېۋ، گېورگى ساند،
داۋېد قاتارلىقلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان ئىدى. ئۇ يەنە ئەدەبىيات جەھەتتە شۆھرىتى
ئۆزىگە يەتمەيدىغان يازغۇچىلاردىنمۇ پىكىر ئالاتتى ھەم باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە ئاساسەن
ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل تۈزىتەتتى. مەسىلەن، ئۇ: «باران ئەپەندى»، «قۇتۇلۇپ
قالدى» دىگەن ھېكايىلىرىنىڭ ئارگىنالىنى تولا ئۆزگەرتىپ بويۇۋەتكەن ئىدى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىخلاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تارىخى داستان

# «بېكەچ ئارسلان تېگىن»

(پارچىلار)

تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۇرسۇن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى — ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ باھاسىز ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، بىزگە نۇرغۇن مەنىۋى بايلىقنى مىراس قالدۇردى. خىلمۇ-خىل مەزمۇنلۇق ۋە رەڭگا-رەڭ تۈسلۈك بۇ مىراسنىڭ بىر قىسمىنى تۈرلۈك تېمىلاردىكى شېئىر-قوشاقلار تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قانچە داستان ۋە قىسسىلەردىن پارچىلار، مەدھىيە ۋە مەرسىيەلەردىن ئۈزۈندىلەر ئۇچرايدۇ، بۇلار قەدىمقى زاماندىكى بەدىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ سىن-تۇرقىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىلىۋېلىشقا ۋاستە بولىدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرىنىڭ بەدىي يادنامىسى ۋە بەزىلىرى 10-، 11-ئەسىرلەردىكى سىياسى، ئىجتىمائى ۋەقەلەرنىڭ ئەدەبى يوللانمىسىدۇر. «بېكەچ ئارسلان تېگىن» داستانى ئەنە شۇلارنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، چىن رېياللىق تەسۋىرلەنگەن تارىخى داستان. ئەپسۇسكى، نامەلۇم شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ داستان بىزگە تولۇق تېكىستى بىلەن يېتىپ كېلەلمىگەن.

«تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ئۈچ تومىغا سۆزلۈكلەر ئۈچۈن مىسال تېرىقىسىدە كىرگۈزۈلگەن 242 كۇبلېت شېئىردىن، مەزمۇن ۋە شەكىل ئېتىۋارى بىلەن، تەخمىنەن 36 كۇبلېتنى ئەنە شۇ «بېكەچ ئارسلان تېگىن» داستانىنىڭ پارچىلىرى دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. شۇ زاماندىكى شېئىرىيەت شەكلى ھازىرمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىقىدا (بولۇپمۇ بەزى دىئالېكت رايونلىرىدا) ئەينەن جانلىق قوللىنىلىۋاتقانلىقى بىر قانچە قېتىملىق تىل تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىسپاتلاندى. يەنى، بىرەر ۋەقەلىك ياكى ئىپىزوت، مەيلى ئاپتور تىلى بىلەن ياكى داستاندىكى شەخس تىلى بىلەن بولسۇن، بىر قانچە بەنتكىچە بىر خىل قاپىيە ۋە كۆپۈنچە بىر خىل ۋەزىن بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ، ۋەقەلىك ياكى ئىپىزوت يەڭگۈشلەنگەندە، قاپىيەلەرمۇ ئالمىشىدۇ. بۇ يەردە جەملەنگەن پارچىلارنىڭ ئۇسلۇبىدىن ۋە شەخسلەرنىڭ بايانىدىن قا-

رىغاندا، داستان مەلۇم بىر شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، شائىرنىڭ نامى ئېنىق قەيت قىلىنمىغان. (پەقەت I تومدا بىر يەردىلا، تۈركلەرنىڭ "چوچۇ" دېگەن بىر شائىرى بارلىغى ئەسلىتىپ قويۇلغان.)

داستاننىڭ پارچىلىرىدىن قارىغاندا، داستاندا باش قەھرىمان "ئارسلان تېگىن" دىن باشقا، يەنە بىر قانچە شەخسلەر تەسۋىرلەنگەنلىگى سېزىلىپ تۇرىدۇ.

«دىۋان» نىڭ ئۈچ تومىغا چېچىلغان بۇ داستان پارچىلىرىنى ۋەقەلىكنىڭ جەريانى ۋە بەدىئى بايانى ھەم قاپىيە-ۋەزنى بويىچە توت بولۇككە ۋە ھەر بىر بولۇكنى مەزمۇن ئېتىۋارى بىلەن بىر قانچە بەنتكە ئايرىپ رەتلەپ چىقتىم، گايى بەنتلەر ئارىلىغىدا ئېپىزوتنىڭ ئۈزۈلگەنلىگىنى بىلدۈرۈپ ئۈزۈكلۈك بەلگىسى قويدۇم. داستاننىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى بىزگە تېخى نامەلۇم بولغانلىغى ئۈچۈن، بۇ كىچىككىنە تەرمىدىن تارىخىي شەخس بېكەچ ئارسلان تېگىن ۋە باشقا شەخسلەرنىڭ ئوبرازلىرى ھەم جەڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە تولۇق ئۇقۇم ئالغىلى بولمايدۇ. كىتابخانلىرىمىزنى 11-ئەسىردىكى خەلق داستانچىلىغىمىزنىڭ كىچىككىنە سۈرىتىدىن خەۋەردار بولۇپ قالارمىكىن دەپلا تونۇشتۇردۇم.

## 1 - ئەسلى تېكىست

I

1 - بۇدىراج يەمە قۇدۇردى،
ئالپاغۇتىن ئۇزۇردى،
سۇسىن يانا قادىردى،
كەلگەلىمەت ئىركەشۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 83 - بەيت)

2 - ئەرتىش سۇۋى يەمەكى،
سىتغىنىپ تۇتار بىلەكى،
كۇرمەت ئانىڭ يۇرەكى،
كەلگەلىمەت ئىركەشۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 163 - بەت)

3 - ئۇستىغان قۇياش قاپسادى،
ئۇمۇنچلۇغ ئاداش ياپسادى،
ئەرتىش سۇۋىن كەچسەدى،
بۇدۇن ئانىن ئۇركۇشۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 88 - بەت)

×

4 - ئورۇنچاق ئالىپ يەرمەدى،
ئالىملىغ كورۇ ئارمادى،
ئاداشلىق ئۇزە تۇرمادى،
قالىن ئەرەن تىركەشۇر،

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 85 - بەت)

5 - ياندى ئەرىنچ ئوغراغى،
كەلدى بەرۇ تىغراغى،

www.uyghurkitap.com

ئۆزى قۇيى ئوغراغى،
ئالپلار قامۇغ تىركەشۇر.

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل
472 - بەت)

6 - پىچغاس پىتىك قىلۇرلار،
ئاند كەي يەمە بەرۇرلەر،
خاندىن باسۇت تىلەرلەر،
باسمىل، چومۇل تىركەشۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
231 - بەت)

7 - باسمىل سۇسىن قومىتتى،
بارچا كەلىپ يۇمىتتى،
ئارسلان تابا ئەمىتتى،
قورقۇپ باشى تەزكىنۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
421 - بەت)

.................................

8 - كەلىسە ئاباك تەركەنىم،
ئەتىلگەمەت تۇركۇنىم،
يازىلماغاي تەركىنىم،
ئەمدى چەرىك چەركەشۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
222 - بەت)

I

9 - قورۇى چۇۋاچ قورۇلدى،
توغۇم تىكىپ ئۇرۇلدى،
سۇسى ئۇتۇن ئۇرۇلدى،
قانچۇق قاچار ئول تۇتار.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
106 - بەت)

10 - ئالىپ ئەرەننى ئۇزۇردۇم،
بوينىن ئانىڭ قازىردىم،
ئالتۇن، كۈمۈش يۈزۈردۇم،
سۇسى قالىن كىم ئۇتەر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
186 - بەت)

11 - ئالپلار ئارىغ ئالقىشۇر،
كۈچ بىر قىلىپ ئارقاشۇر،
بىر بىر ئۆزە ئالقىشۇر،
ئەزگەر مەزىپ ئوق ئاتار.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
125 - بەت)

12 - ئەرەن ئارىغ ئۇر پەشۇر،
ئۇچىن - كەكىن ئىرتەشۇر،
ساقال تۇتۇپ تارتىشۇر،
كۆكسى ئارا ئوت تۇتار.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
122 - بەت)

×

13 - كۆچى تەگى توقۇشتى،
ئوغۇش قونۇم ئوقۇشتى،

چەرىك تابا ياقىشتى،
بىرگە كەلىپ ئۇچ ئۇتەر.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل
320 - بەت)

×

14- توقىش ئىچرە ئۇرىشتىم،
ئۇلۇغ بىرلە قارىشتىم،
تۇكۇز ئاتىن يارىشتىم،
ئايدىم ئەمدى ئال ئۇتار.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
185 - بەت)

15- ئۇپكەم كەلىپ ئۇغرادىم،
ئارسلانلايۇ كوكرەدىم،
ئالپلار باشىن توغرادىم،
ئەمدى مەنى كىم تۇتار.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
75 - بەت)

16- تىغراقلانىپ سەكرىتتى،
ئەرىن ئاتىن يۇگۇرتتى،
بىرنى قامۇغ ئاگىتتى،
ئانداغ سۇگە كىم يەتەر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
404 - بەت)

17- ئەمدى ئۇدۇن ئودۇندى،
كەدىن تەلىم ئۇكۇندى،
ئەل بولغالى ئىكەندى،
ئانداغ ئەرىگ كىم ئۇتار.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
109 - بەت)

×

18- كەلدى بەرۇ ئارتۇرۇ،
بەردى ئەلىن ئارتۇرۇ،
مۇندا قالىپ ئولتۇرۇ،
بۇگرى بولۇپ ئۇن پۇتەر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
117 - بەت)

19- تابدۇ ماڭا ئىلىندى،
ئەمگەك كورۇ ئولىندى،
قىلمىشىڭا ئىلەندى،
تۇتغۇن بولۇپ ئول قاتار.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
111 - بەت)

20- تىنى يەمە ئوچۇكتى،
ئەرى، ئاتى ئىچىكتى،
ئىشى تاقى چولۇكتى،
سوزىن ئاڭىڭ كىم تۇتار.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل
328 - بەت)

21- ئىشى ئاڭىڭ ئارتاشىپ،
ئوغراق بىلە ئورتەشىپ،
بوينىن ئالىپ قازرىشىپ،
تۇتغۇن ئالىپ قول ساتار.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل
376 - بەت)

×

22- باشى ئاڭىڭ ئالىقتى،
قانى يۇزۇپ تۇرۇقتى،

بالىغ بولۇپ تاغىقتى،
ئەمدى ئۇنى كىم يەتەر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
105 - بەت)

II

24- ئاغا بوكتىر ئۇزە يۈردىم،
بارىق ياقىپ قىيا كوردىم،
ئانى بىلىپ تاقى باردىم،
تۇگەل ياغى تورى تۇغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
229 - بەت)

25- قۇزى قىقرىپ ئۇغۇش تەردىم،
ياغى قارۇ كىرىش قۇردۇم،
توقۇش ئىچرە ئۇرۇش بەردىم،
ئەرەن كورۇپ باشى تىغدى.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل
321 - بەت)

26- ئەرەن ئالپى ئوقۇشتىلار،
قىكىر كوزۇن باقىشتىلار،
قامۇغ تولمۇن توقۇشتىلار،
قىلىچ قىنقا كوچۇن سىغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
101 - بەت)

27- تەلىم باشلار يۈۋالدىمات،
ياغى ئاندىن ياۋالدىمات،
كۆچى ئانىڭ كەۋەلدىمەت،
قىلىچ قىنقا كوچۈن سىغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
200 - بەت)

23- قانى ئاقىپ يۇمۇلدى،
قاپى قامۇغ تەشىلدى،
ئۇلۇگ بىلە قوشۇلدى،
تۇغمىش كۇنى ئۇش پاتار.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل
332 - بەت)

×

28- ئۇزىن ئوگنۇپ ئۇرىلادى،
يىراق يەرىگ قارىلادى،
ئاتىغ كەمشىپ ئۇرىلادى،
ئۇفۇت بولۇپ توپۇ ئاغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
156 - بەت)

29- ئاباڭ قولسام ئۇزۇ بارىپ،
تۇتار ئەردىم سۇسىن تارىپ،
بولۇن قىلىپ باشىن يارىپ،
يۇلۇغ بارچا ماڭا يىغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
201 - بەت)

30- ئەرەن ئىزىپ سوكە تۇردى،
باشى بوينىن سوكە تۇردى،
ئۇفۇت بولۇپ بوكە تۇردى،
ئۇزۇ قاما تەبىن تىغدى.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل
574 - بەت)

×

31- ئىزۇ بەرىپ بوشۇتتۇم،
تاۋار يۇلۇغ تاشۇتتۇم،
ئەرەن ئەسىن ئەشۇتتۇم،
يوكۇن بارچا ئۇزى چىغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
113 - بەت)

IV

32- تاڭ ئاتا يورتالىم،
بۇدراچ قانىن ئىرتەلىم،
باسمىل بەگىن ئورتەلىم،
ئەمدى يىگىت يۇۋۇلسۇن.

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل
600 - بەت)

33- تۇنلە بىلە كوچەلىم،
يامار سۇۋىن كەچەلىم،
تەرەڭۇك سۇۋىن ئىچەلىم،
يۇۋغا ياغى ئۇۋۇلسۇن.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل
266 - بەت)

34- قىقرىپ ئاتىغ كەمشەلىم،
قالقان، سۇنگۇن چۇمشالىم،
قايىناپ يانا يۇمشالىم،
قاتىغ ياغى يۇۋىلسۇن.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
221 - بەت)

35- تەگرە ئالىپ ئەگرەلىم،
ئاتتىن تۇشۇپ يۇگرەلىم،
ئارسلانلايۇ كوكرەلىم،
كۇچى ئانىن كەۋىلسۇن.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل
270 - بەت)

36- ئەندىك كىشى تەتىلسۇن،
ئەل تورۇ يەتىلسۇن،
توقلى بورى قاتىلسۇن،
قازغۇ يەمە ساۋىلسۇن.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل
66 - بەت)

## 2 - مەتنى

تۇۋەندە، تىرناق ئىچىدە مىسرالار مەتنى بويىچە بېرىلگەن شەكىل كەمىنە نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۇرۇگەن شەكلى: نەسرى قۇرلار بويىچە بېرىلگەن چۈشۈنۈكلەر «دىۋان» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن بەرگەن ئىزاھاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسى.

1- (بۇدراچ يەنە قوترىدى،
باتۇرنى پارلىدى،
قوشۇننى يانا قايرىدى،
كەلمەك بولۇپ جۇغلىشۇر.)

يابافۇ قەبىلىسىنىڭ بېگى بۇدراچ يەنە ئەسكەرلىرى بىلەن قايتتى. باتۇرلىرىنى تاللىدى، كېلىش ئۈچۈن توپلاندى.

2- (ئېرتىش سۇيى يەمەكلىرى،
شىمايلاندى بىلەكلىرى،
قاپتەك بولۇپ يۈرەكلىرى،
كەلمەك بولۇپ جۇغلىشۇر.)

يەمەك - قىپچاقلارنىڭ بىر ئايمىغى. شېردا مۇنداق كەلگەن: ئۇلار بىلەكلىرىنى چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلىشكە توپلانماقتا.

3- (ئۇستار قوياش قاپسۋالدى،
ئۇمۇنگەن ئاداش تارلىق قىلدى،
ئېرتىش سۈيىنى كەچمەك بولدى،
خەلق ئۇنىڭدىن ئۈركۈشۈر.)

يازنىڭ قىزىق ئاپتىۋى بىزنى قاپسىدى، ئۈمىت قىلىنغان ئاداش بىزگە ھەسەت قىلدى. دۈشمەن ئېرتىش دەرياسىنى كەچمەكچى بولۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن خەلق ئۈركۈپ كەتتى.

×

4- (ئامانەت ئېلىپ يەرمىدى،
ئېلىمنى كورۇپ ھارمىدى،
ئاداشلىقتا تۇرمىدى،
تۇرغۇن ئادەم تىركىشۇر.)

بىر كىم مەسخىرە قىلىنىدۇ: ئامانەت ئېلىشتىن توختىمىدى، ئالغانىنى قايتۇرۇشنى ئويلىمىدى. دوستلۇقتا رىيايە قىلمىدى، ئەمدىلىكتە ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، ئۈستۈمگە يۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

5- (ياندى بەلكىم ۋەدىسىدىن،
كەلدى بىرى جەسۇرىدىن،
ئېدىر تۈۋى — ئۇ ئۈچىدىن،
ھەممە باتۇرى جۇغلىشۇر.)

دۈشمەن توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇز نىيىتىدىن (ۋەدىسىدىن) بەلكىم يانغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ خەۋەرچىسى كەلدى. ئۇ، ئېدىرنىڭ تۈۋەنكى بېشىدا، ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يىگىتلىرىنى توپلاۋاتىدۇ.

6- (پىچىم-پۈتۈم تۈزۈشىدۇ،
يەنە قەسەم بېرىشىدۇ،
خانىدىن ياردەم تىلىشىدۇ،
باسمىل-چومۇل تىركىشۇر.)

ياباقۇلار جەگدىن كېيىن، خانغا قارشى چىقماسلىققا ۋە بويسۇنۇشقا قەسەم ئىچىپ، پۈتۈم تۈزۈشتى، باسمىل بىلەن چومۇللار بىزگە قارشى توپلىنىۋىدى، خەلق خاقاندىن ياردەم سورىدى. خاقان يېتىپ كەلدى؛ ئۇلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ، ئۇزلىرىنى ئەسىر قىلدى.

×

7- (باسمىل قوشۇن قوزغاتتى،
بارچە كېلىپ سەپ تۈتتى،
ئارسلان تەرەپكە يۈزلەتتى،
قورقۇپ بېشى ئايلىنۇر.)

غازى ئارسلان تېگىن بىلەن جەڭ قىلغان باسمىل قوشۇنى توغرىسىدا يېزىلغان: باسمىللار قوشۇننى بىزگە قارشى كۆرەشكە رىغبەتلەندۈردى؛ ھەممىسى كېلىپ توپلاندى؛ ئارسلان تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. بىزنى كۆرۈپ، كوزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، باشلىرى ئايلاندى.

.....................

8- (كەلسە ئەگەر تەركىنىم،
ئۈگشىلىدۇ تۈركۈنۈم،
چېچىلمىغاي ئەل — توپۇم،
ئەمدى چېرىك سەپ تارتۇر.)

خاقان ياباقۇ ئۇرۇشقا چاقىرىلىپ شۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر خاقاننىڭ ياردىمى كەلسە ئىشىمىز ئۈگشىلىدۇ، ئايماقنىڭ ئويلىرى يىقىلمايدۇ؛ ھازىر جەڭچىلەر سەپكە تىزىلىپ بولدى، ھەي، تەركىنىم، مېنىڭ ئالدىمىغا يېتىپ كەل!

I

9 - (خان چېدىرى قۇرۇلدى،
تۇغ تىكىپ دۇمباق ئۇرۇلدى؛
قوشۇنى ئۇتتەك ئۇرۇلدى،
نەگە قاچسا ئۇ تۇتۇلار.)

جەڭ شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: خاننىڭ قاتتىق ئىسسىقتىن ۋە قار-يامغۇردىن ساقلايدىغان يېپەك چېدىرى تىكىلدى، تۇغلار قادالدى، دۇمباقلار چېلىندى؛ دۇشمەن ئەسكەرلىرى ئوت-چۆپ ئۇرۇلغاندەك قىرىلدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ چۆكى مەندىن قانداق قېچىپ قۇتۇلار؟

10 - (باتۇر ئەرلىرىنى ئايرىدىم،
ئۇنىڭ بويىنىنى قايرىدىم؛
ئالتۇن-كۈمۈشنى جايلىدىم؛
قوشۇنى كۆپ كىم ئۇتار؟)

جەڭ تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: دۇشمەن قوشۇنلىرىنى پارچىلىۋەتتىم، بويۇنلىرىنى قايرىۋەتتىم، غەزنىسىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئالدىم. دۇشمەن ئەسكەرلىرى كىشى ئۇتەلمەسلىك دەرىجىدە كۆپ ئىدى.

11 - (باتۇرلار ئېرىغ قىرىشتى،
بىر كۆچ بولۇپ يولەشتى،
بىر-بىرىنى ئالقىشلاشتى،
پەرۋا قىلماي ئوق ئاتار.)

جەڭ شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: باتۇرلار بىر-بىرىنى راسا ئۇلتۇرۇشتى، كۆچىنى توپلاپ ئۆز كىشىلىرىنى قوللاشتى، مەدەت بېرىپ بىر-بىرىنى ئالقىشلاشتى. ئۇلۇمدىن قورقماي ئوق ئېتىشتى.

12 - (ئەرلەر ئېرىغ ھۇرپىيىشەر،
ئۇچ-كەكلىرىنى ئېلىشار،
ساقال تۇتۇپ تارتىشار،
كوكسى ئارا ئوت يانۇر.)

باتۇرلار بىر-بىرىگە غەزەپ بىلەن قارىشىپ، ئۇچ ئېلىشقا كىرىشتى؛ ئۇرۇش قىزىپ كېتىپ، ھەممەيلەننىڭ كوكسى غەزەپ ئوتى بىلەن تولغاچقا، بىر-بىرلىرىنىڭ ساقاللىرىغا چاڭ سېلىشتى.

×

13 - (تەڭ كەلگىچە توقۇنۇشتى،
ئۇرۇغ-قونۇم ئۇقۇشۇشتى،
چېرىك تارتىپ يىقىنلاشتى،
بىرگە كېلىپ ئۇچ ئالۇر.)

كۆچى يەتكىچە ئۇرۇشۇپ باقتى، ئاندىن ئۇرۇغ-ئايماق، قوشنا-قونۇملىرىنى چاقىردى؛ ئەسكەر تارتىپ جەڭگە ئاتلاندى، بىر تەرەپكە كېلىپ ئۇچ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ.

×

14 - (توقۇنۇش ئىچىدە ئۇرۇشتۇم،
ئۇلۇغى بىرلە قېرىشتىم،
قاشقا ئات بىلەن چېپىشتىم،
دېدىم: ئەمدى، ئال، ئۇتار!)

جەڭدە ئەلنىڭ چۆكى (باشلىغى) بىلەن ئۇرۇشتۇم، قاشقا ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىردىم؛ "ئەي، ئۇتار! بۇنى ئال" دەپ ئوق ئاتتىم. ئۇتار — بىر ئادەمنىڭ ئىسمى.

15 - (قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،
ئارسلاندەك ھوكۇرىدىم،
باتۇرلار بېشىنى توغرىدىم،
ئەمدى مېنى كىم تۇتار؟)

غەزىۋىم كېلىپ، دۈشمەن ئۈستىگە ئوقتەك ئېتىلدىم، ئارسلاندەك ھوكۇرىدىم، باتۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم؛ ئاندىن، كوپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، "قېنى، ئەمدى مېنى كىم تۇتالايدۇ!" دەپ ۋاقىرىدىم.

16 - (غەيرەتلىنىپ سەكرەتتى،
ئەر - ئاتلىرىنى يۈگۈرتتى،
بىزنى كوپ ھاڭ - تاڭ ئەتتى،
ئۇنداق ئەسكەرگە كىم يېتەر؟)

جەڭدە ھۇجۇم قىلغان بىر ئادەم شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇ باتۇرلۇغىنى كورسەتتى، ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملىرىنى بىزگە قارىتىپ چاپتۇردى. ھونىرى بىلەن بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. شۇنداق ئەسكەرگە كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟

17 - (ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغاندى،
كېيىن تولا ئوكۇندى،
ئەل بولۇشقا تىركەندى،
ئۇنداق ئەرنى كىم يېڭەر!)

دۈشمەن ئەمدى ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى، ئەل بولۇشتىن ئىكىنىپ- تىركىشىپ تۇرۇۋالغانلىغىغا (باش تارتقانلىغىغا) كوپ پۇشايمان يېدى، ئۇنداق ئادەمنى مەندىن باشقا كىم يېڭەلەيدۇ؟

×

18 - (ھەددىن ئېشىپ بېرى كەلدى،
ئېلىنى ئۇستىلەپ بەردى،
مۇندا قېلىپ ئولتۇردى،
مۇكچىيىپ ئۇنى پۇتەر.)

ئەسىر چۇشكەن بىر بەگ توغرىلىق سوزلىنىدۇ: بەگ بىزگە ھەددىدىن ئېشىپ ھوكۇرەپ، ئۇرغۇن ئەسكەر بىلەن بېسىپ كەلگەن ئىدى؛ ئاخىر، بىزگە ئوز ئېلىنىمۇ ئۇستەك قىلىپ بەردى. ئەمدى، بىزنىڭ يېنىمىزدا، بېلى مۇكچىيىپ، دېمى ئىچىگە چۇشۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

19 - (تابدۇ ماڭا ئىلىندى،
چاپا چېكىپ تولغاندى،
قىلمىشىغا ئۇۋۇلاندى،
تۇتقۇن بولۇپ ئۇ قاتار.)

دۈشمەن ماڭا ئەسىر چۇشتى، بېشىغا كەلگەن جاپا - كۇلپەتتىن قىينالدى، ھەتتا جېنىدىن تويدى، قىلمىشىغا پۇشايمان يېدى ۋە ئوز - ئوزىنى ئەيىپلىدى. بۇرۇن ئەركىن ئوتكەن ئادەمگە بۇ ئىشلار بەك ھار كېلىۋاتىدۇ.

20 - (ئۇن - تىنى يەنە ئوچتى،
ئەر - ئاتلىرى ئەل بولدى،
ئىشى تېخى پېشكەل بولدى،
ئۇنىڭ سوزىنى كىم ئاڭلار.)

بىر تۇتقۇن شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى؛ ئاددمى، ئېتى تەسلىم بولدى؛ ئىشىمۇ تېخى چاتاق بولدى. ئەمدى، ئۇنىڭ سوزىگە كىممۇ قۇلاق سالاتتى؟

21 - (ئىشى ئۇنىڭ چاتاقلىشىپ،
ئوغراقلار بىلەن ئورەدىشىپ،

www.uyghurkitap.com

بويىنىنى تۇتۇپ قايرىشىپ،
تۇتقۇن ئېلىپ قۇل ساتار.)

بىر تۇتقۇن تەسۋىرلىنىدۇ: تۇتقۇنىنىڭ ئىشى چاتاق بولدى، بىر قەبىلە يەنە بىر قەبىلىنى دەھشەتكە سالدى، بويۇن ئەگدۇرۇپ ئەسىر قىلدى، سېتىلىدىغان قۇلدەك ئۇنىڭ نەرقىنى تولىتىپ ئالدى.

×

22 ـ (يارىسى ئۇنىڭ ئەدىدى،
قېنى ئېقىپ ئۇيىدى،
ياردارلىنىپ تاققا چىقتى،
ئەمدى ئۇنىڭغا كىم يېتەر؟)

قېنى توختىغان ياردار ھەققىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇنىڭ يارىسى ئەدەپ ـ بۇزۇلدى، يارىسىدىن قان كوپ ئېقىپ، ھالى ئېغىرلاشتى، ئۇ تاققا چىقىۋالىدى. ئەمدى، ئۇنى كىم تاپالايدۇ؟

23 ـ (قېنى ئېقىپ بوشالدى،
پۇتۇن قېپى تېشىلدى،
ئۇلۇك بىلەن قوشۇلدى،
تۇققان كۇنى ھەم پاتۇر.)

بىر ئۇلۇك شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: خۇددى تۇلۇم تېشىلىپ ئاققاندەك، ئۇنىڭ تېنىدىكى ھەممە قېنى ئېقىپ بولدى؛ ئەمدى ئۇلۇم يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ كۇنى تۇگىدى، يەنى بەخت ـ دولىتى تۇگىدى.

24 ـ (تاغنى بوكتەرگىلەپ يۇردۇم،
يانداپ بېرىپ قارا كوردۇم،
ئۇنى تونۇپ يېقىن باردىم،
دۇشمەن توزاڭ ـ چاڭ كوتەردى.)

ئىگىز ـ پەس قىرلارنى ئېشىپ، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىم، يىراقتا بىر قارا كوردۇم. ئۇنىڭ دۇشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تۇرغان يېرىمدە تۇرۇپ قالدىم. دۇشمەنىنىڭ توپا ـ توزاڭلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى.

25 ـ (پەسكە ۋاقىراپ ئايماق تەردىم،
يېغىغا قارشى كىرىش قۇردۇم؛
جەڭ ئىچىدە زەربە بەردىم،
ئەرلىرى كورۇپ باش ئەگدى.)

تۇۋەنگە قاراپ ۋاقىراپ، ئۇرۇغ ـ ئايماقلىرىمنى توپلىدىم. دۇشمەنگە قارشى ياكىرىش قۇردۇم. راسا زەربە بىلەن جەڭ قىلدىم، ئادەملىرى كورۇپ باشلىرىنى ئېگىشتى.

26 ـ (باتۇر ئەرلەر قىچقىرىشتى،
قىڭغىر كوزدە بېقىشتى؛
ھەممە قۇرالدا توقۇنۇشتى.
قىلىچ قىنغا كوچەپ سىغدى.)

باتۇر يىگىتلەر بىر ـ بىرىنى جەڭگە قىچقىرىشتى، قىڭغىر كوزلىرى بىلەن قارىشىپ ھومۇيۇشتى؛ ھەممە قۇراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇشتى؛ قىلىچلىرى، قان كوپ ئۇيۇپ كەتكەنلىكىدىن، قىنلىرىغا تەستە سىغدى.

27 ـ (تالاي باشلار دۇمۇلدى،
يېغا ئاندىن يۇۋاشلىدى؛

كۆچى ئۇنىڭ ئاجىزلىدى،
قىلىچ قىنىغا كۆچەپ سىغدى.)

بىر جەڭ شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: باتۇرلىرىنىڭ باشلىرى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىندى، شۇڭا دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، كۆچى ئاجىزلاشتى. قىلىچلار يۈزلىرىگە يۇقۇپ قاتقان قاننىڭ چىقىلغىدىن قىنلىرىغا تەستە سىغدى.

×

28 - (ئۆزىنى ماختاپ كورەڭلىدى،
يىراق يەرنى قارىلىدى،
ئات دىۋىتىپ ھۇرالدى،
ئۇيات بولۇپ تويىگە چىقتى.)

ئۆز ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن جاتۇر شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇ كورەڭلەپ، ھەددىدىن ئاشقان ئىدى، ئۆزىنى ھەيۋەتلىك كورسىتىپ، خۇددى يەرنىڭ تاناۋىنى تارتىدىغاندەك، ئات بىلەن ھەملە قىلىپ كېلىۋىدى، ئاخىرى، شەرمەندە بولۇپ، دوڭدىن ئارتىلىپ، قېچىپ كەتتى.

29 - (ئەگەر خالسام قوغلاپ بېرىپ،
تۇتار ئىدىم قوشۇنىنى يېرىپ،
ئۆلجا قىلىپ بېشىنى يېرىپ،
بار - يوقىنى ماڭا يىغدى.)

يېڭىلگەن كىشى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئەگەر مەن خالىسامغۇ، كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، قوشۇنىنى تار - مار قىلاتتىم ۋە ئۆزىنى تۇتقۇن قىلىپ، باش - كوزىنى ياراتتىم. لېكىن جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدىمغا نۇرغۇن مال قويدى؛ مەن ئۇنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزەمدىن مىننەتدار قىلدىم.

30 - (ئەرلەر كېلىپ تىزلاپ تۇردى،
باش - بوينىغا ئېلىپ تۇردى،
ئۇۋات بولۇپ پۈكۈپ تۇردى،
قوغلىما دەپ بېشىنى سالدى.)

يېڭىلگەن بىر كىشى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ ماڭا بىرمۇنچە ئادەملىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇردى. باشلىقلىرىنىڭ دىگىنىچە، ئۆز گەدەنلىرىگە (جاۋاپكارلىقنى) ئېلىشتى، ئېگىلدى - پۈكۈلدى، خەلقتىن ئۇيالدى. مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، مېنى قوغلىما دىدى. مەنمۇ بۇنى قوبۇل كوردۇم.

×

31 - (ئەركىلىك بېرىپ بوشاتتىم،
تولەم مالنى توشۇتتۇم،
ئەر گۇنايىنى يوشۇرتتۇم،
بارچە يۈكىنى ئۆزى چەگدى.)

قولغا چۈشكەن ئەسىر توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: "ئۆز جېنىنىڭ قۇتقۇزۇشقا مال كەلتۈر" دەپ، ئۇنى بوشاتتىم؛ كەلتۈرگەن ماللىرىنى ئۆزىگە توشۇتتۇم ۋە ئۇنى ئۆز گۇنايىنى ئۆزى يۈيۈشقا بۇيرۇدۇم. ھەتتا ئۇلارنىڭ چوڭىمۇ يار - يولەكسىز قېلىپ، ئۆز يۈكىنى ئۆزى تاڭدى.

IV

32 - (تاڭ ئېتىپلا يورتەيلى،
بۇدراچ قېنىنى ئىرتەيلى،
باسمىل بېگىنى ئۇرتەيلى،
ئەمدى يىگىت توپلانسۇن.)

تاڭ يورۇش بىلەنلا ئات سېلىپ، يۈرۈش قىلايلى. بۇدراچنىڭ قېنىنى ئېرىتىپ توكەيلى؛ ئۈچ ئالايلى. بۇدراچ — ياباقۇلاردىن بىرى باسمىل بېگىنى كويدۇرەيلي. ئەمدى يىگىتلەر دەرھال توپلانسۇن.

www.uyghurkitap.com

33 - (تۈن بىلەنلا كوچەيلى،
يامار سۈيىنى كېچەيلى،
سىزغىن سۇدىن ئىچەيلى،
ئۇسال دۇشمەن ئۈۋالسۇن.)

تۈن - كېچىدىلا كوچۈپ ماڭايلى، يامار دەرياسىنىڭ سۈيىنى كېچەيلى؛ سىزىپ چىققان سۈزۈك سۈيىدىن ئىچەيلى. ئىتائەتسىز دۇشمەن بىت - چىت بولۇپ كەتسۇن.)

34 - (قىقىراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان - نەيزە ئۇرايلى،
قايناپ يانا يۇمشايلى،
قاتتىق يىغا بوشىسۇن.)

دۇشمەنىنىڭ ئۈستىگە شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن ئات سېلىپ، باستۇرۇپ بارىمىز؛ قالقان تۇتۇپ، نەيزە بىلەن زەربە بېرىپ، قاتتىق ئېلىشىمىز. كېيىن دۇشمەن يارىشىشنى تىلىسە، ئاندىن تىختايمىز. شۇنداق قىلساق، قاتتىق دۇشمەن بوشايدۇ.

35 - (چورەپ ئېلىپ ئۇرايلى،
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى،
ئارسلاندەك ھوكۇرەيلى،
كۈچى ئۇنىڭ خورىسۇن.)

دۇشمەننى چورىدەپ قورشايلى، ئاتلاردىن چۈشۈپ، ئارسلاندەك ھوكۇرگەنچە ئالغا يۈگۈرەيلى. شۇنداق قىلىپ، دۇشمەن زەئىپلەشسۇن.

36 - (دوت كىشى ھۇشىنى بىلسۇن،
ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن،
توقلا بورى قېتىلسۇن،
قايغۇ يەنە تۈگەپ كەتسۇن...)

قىلچىمىز بىلەن شۇنداق يول ئاچايلىكى، ئۇندەرەيدىغان ھاماقەتلەر ھۇشىنى تاپسۇن. ئەلنىڭ ئىشى تۈزەلسۇن. توقلىلار بىلەن بورىلەر خاتىرجەم بىللە ياشايدىغان بولسۇن. بىردىن غەم - قايغۇمۇ كوتىرىلسۇن.

## 3 - چۈشۈنۈكلەر

"بېكەچ — تېگىنلەرنىڭ لەقىمى. بېكەچ ئارسلان تېگىن دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سوز يۇمشاق 'ك' (گ) بىلەن ئېيتىلسا، 'بەگ' سوزىنىڭ كىچىكلىتىلگەنلىگى بولۇپ، ئامراقلىق ۋە ئەركىلىتىش تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى 'ئەمىر' مەنىسىدىكى 'بەگ' سوزىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى يۇمشاق 'ك' (گ) دۇر."
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 180 -بەت)

"تەگىن (تېگىن) — بۇ سوزنىڭ ئەسلى مەنىسى 'قۇل' دېمەكتۇر... كېيىن بۇ سوز پەقەت خاقان ئائىلىسىنىڭ بالىلىرىغىلا خاس بولۇپ قالغان. كېيىنچە، بۇ سوز بىرەر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نامى ياكى شۇنداق سوز بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. مەسىلەن، 'چاغرى تەگىن — قارچىغا تېگىن'، 'كۈچ تەگىن — كۈچلۈك تېگىن' دېگەنگە ئوخشاشلار."
("دىۋان" I توم، فاكسىمىل 209 -بەت)

بېكەچ ئارسلان تېگىن — ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۇسۇپ بۇغراخاننىڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلان خان؛ «بېكەچ ئارسلان تېگىن» ئۇنىڭ شاھزادە ۋاقتىدىكى ئۇنۋانى؛ ئۇ ھىجرى 423 — 448

(مىلادى 1031 — 1057)-يىللىرى «شەرەفىد دەۋلە» (دۆلەتنىڭ شان-شەرىپى) دېگەن ئۇنۋان بىلەن خاقان بولغان. ھىجرى 555 — 603 (مىلادى 1160 — 1206)-يىللىرى ياشىغان تارىخچى ئىبنى ئەسىر (ئابۇلھەسەن ئىززىددىن ئەلى ئىبنى ئەبىيۇلكەرىم) «ئەل-كامىل» دېگەن تارىخ كىتاۋىدا قەيت قىلىشىچە، سۇلايمان خان (بىكەچ ئارسلان تېگىن) "ئادىل ۋە مومىن، ئىلىمپەرۋەر ۋە دىيانەتپەرۋەر زات ئىدى".

"بۇدراچ — ياباقۇ قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. بېكەچ ئارسلان تېگىن زامانىدا، بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەن ئىدى."

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 227-بەت)

"بۇكە — ئەجدەرھا، يوغان ئىلان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يەتتە باشلىغ يەل بۇكە — يەتتە باشلىق يەل بۇكە (مۇڭگۇز). ياباقۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ شۇنداق (بۇكە) دەپ ئاتىلىدۇ، باتۇر يىگىتلىرىگىمۇ شۇنداق نام بېرىلىدۇ. مەسىلەن، بۇكە بۇدراچ دېگەندەك. ئۇلۇغ تەڭرى بۇ ئادەمنى يەتتە يۈزمىڭ ئەسكىرى بار تۇرۇقلۇقىمۇ، مۇسۇلمانلاردىن ئارسلان تېگىن غازىنىڭ قىرىق مىڭ ئەسكىرى بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان (كىتاپ ئاپتورى) مەھمۇت دەيدۇكى، مەن بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانلاردىن: كاپىرلار نۇرغۇن تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن قاچتى، دەپ سورىدىم. (ئۇرۇشقا قاتناشقانلار) مۇنداق دېدى: بىزمۇ شۇنىڭغا ھەيران بولدۇق؛ قولغا چۈشكەن تۇتقۇنلاردىن: شۇنچە كوپ تۇرۇقلۇق نېمىشقا يېڭىلىپ قالدىڭلار، دەپ سورىغان ئىدۇق، ئۇلار (تۇتقۇنلار) جاۋاپ بېرىپ: دۈمباقلار چېلىنىپ، بۇرغىلار تارتىلىشى بىلەنلا، ئۈستىمىزدە كوپ-كوك تاغ كورۇنىدى. بۇ تاغ ئاسماننى قاپلىۋاپتۇ، تاغدىن بىر قانچە ئىشىك ئېچىلىپ، شۇ ئىشىكلەردىن بىرگە دوزاق ئوتى ياغدى؛ بىز بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتۇق؛ بىزنى شۇنداق يەڭدىڭلار، دېدى. مەنمۇ تەڭرى ئىسەنلىگەن يالۋاچىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارغا كورسەتكەن موجىزىلىرىدىندۇر دېدىم."

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 545-بەت)

قاراخانىلار (مىلادى 841 — 1212-يىللار) دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى بىلگە كۆل قىدىرخان (شاھزادە ۋاقتىدىكى ئىسمى قاپان تېگىن) نىڭ نەۋرىسى ساتۇق (ئابدۇلكېرىم) بۇغراخان ئىسلام دىنىنى رەسمى دولەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ، تەخمىنەن بىر قەرنە (30 يىل) ئوتكەندىن كېيىن، بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي بازىلىرىدىن بولغان خوتەننىڭ ھوكۇمدارلىرى «ئوردۇ كەنت» يەنى پايتەخت شەھەر قەشقەرغە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. تارىختا تەزكىرىچىلەر "قىرىق يىل داۋام قىلغان" دەپ تەرىپلىگەن، ئەمەلدە بولسا 28 يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىدە، ئاخىر يۇسۇپ قىدىرخان (سۇلايمان خاننىڭ يەنى "بېكەچ ئارسلان تېگىن"نىڭ ئاتىسى) خوتەن ھوكۇمدارلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ئىدى. بۇددىست ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن تاڭغۇت-تۇبۇتلەرنىڭ خوتەنگە مەدەت بېرىشى ئارقىلىق، بۇددىزىمنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئىسلام دىنىنى شەرققە تارقاتماسلىق يولىدىكى ھەركەتلىرى شۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھىجرى 410 (مىلادى 1020)-يىلى بىر قانچە كوچمەنچى قەبىلىلەر ۋە قىتانلار (كىتەنلەر) يەتتە سۇ رايونىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ مەلۇمات بويىچە، ئېرتىش، ئېمىل ۋادىلىرىدىكى باسمىللار ۋە ئىسسىق كولنىڭ شىمالىدىكى ياباقۇلار (بالدۇرقى «توققۇز ئۇيـ

(ئاخىرى 91-بەتتە)

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئەمىرى ئەپەندى

رىفات

«دىۋان» يولىدىكى «قارا بابا» كوچىسىنىڭ بېشىدا «دىيارى بەكىر» ناملىق بىر قىرائەتخانە بولۇپ، ئەلىي ئەمىرى ئەپەندى بۇ يەرنىڭ ئاكتىپ مۇشتىرىلىرىدىن ئىدى.

ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى قىرائەتخانىغا كېلىپ تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇراتتى، دوستلىرى بىلەن كۆرۈشەتتى، پاراڭلىشاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن «بارماق قاپىسى» دىكى ئۆيىگە كېتەتتى.

بۇ بويتاق زات ھاياتىنى كىتاب ئوقۇشقا بېغىشلىغان ئىدى.

تۈرلۈك ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىلەن بىللە ئوسمانىيە تارىخى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىناتتى. زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، ئوقۇغانلىرىنى ئەسلا ئۇنۇتمايتتى. "يۈزمىڭ تۈركچە بېيىتنى يادقا بىلىمەن" دەيتتى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى سىناپ بېقىش بىلەن بىر قېتىم سىناپ باقماقچى بولدۇم-دە، قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ غەزىلىدىن بىر مىسرا تاللاپ:

— بىلەمسىزكى، بۇ كىمنىڭ مىسراسى؟ — دەپ سورىۋىدىم، ئۇ كۈلدى ۋە:

— ئىمتىھان ئالماقچى بولۇۋاتامسىز؟ بۇ، پالانىنىڭ غەزىلىنىڭ ئاخىرقى مىسراسى، غەزەلنىڭ تولۇقى مۇنداق... — دېدى ۋە يادقا ئوقۇدى.

بۇ زات ئۇلۇغلارنىڭ تەرجىمىھالى بىلەنمۇ كۆپ شۇغۇللانغان ئىدى. ئىسلام ھۆكۈمدارلىرى، ئۇلۇغ ئالىملىرى، ئوسمانىيە ماشايىخلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەرجىمىھالىنى تەپسىلىي بىلەتتى. ئۇنىڭدىن بىر ھەرسى توغرىلىق سورالسا:

— شۇنداق ئىسىملىك ئىككى شائىر بار، سىزنىڭ سورىغىنىڭىز قايسىسىكىن؟ —

دەيتتى ۋە ھەر بىرسى ھەققىدە مەلۇمات بېرەتتى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى «ئايا - سوفىيە»① مەيدانىدىكى دەرەخزارلىق ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم، «ئاياسوفىيە» ھامامىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى تارىخىي چېسلاغا كۆزۈم چۈشتى، دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، خاتىرىلەپ ئالدىم.

شائىرنىڭ تەخەللۇسى ھۇدايى ئىدى.

مەن بۇ كىشىنى ئەزىز مەھمۇت ھۇدايى دەپ ئويلىدىم ۋە كەچلىكى قىرائەتخانىدا ئەلى ئەمىرى ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقاندا:

— ئەزىز ھەزرەتلىرىنىڭ ھامام خاتىرىسىنى يازغانلىقىنى قىزىق ئىش - ھە! دېدىم مەن. ئۇ كۈلدى:

— رىفات، تەزكىرىچىلىكتە ئاجىزسىز، بىرئاز ئىزلىنىڭ، تاكامۇللىشىشقا يۈزلىنىڭ. ئىككى ھۇدايى بار: بىرسى، ئەزىز ھەزرەتلىرى، يەنە بىرسى، مۇئەززىن زادە ھۇدايى. چېسلا خاتىرىسى بولسا شۇنىڭ، — دېدى.

بۇ زاتنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىياتتا كامالىغا يەتكەنلىكىنى بىلگىنىم ئۇچۇن ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئېلىشقا تىرىشاتتىم. ئۇ ھەر كۈنى قىرائەتخانىغا پەيدا بولۇش بىلەنلا ئەتراپىغا تارىخ ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى توپلىناتتى - دە، ئۇ يەر دەرسخانىغا ئايلىناتتى.

تارىخ جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئەۋەد بەگ بىلەن ئارىف بەگ ۋە ئاماسيا تارىخچىسى ھۇسامىدىن ئەپەندى ئۇنىڭ باش شاگىرتلىرىدىن ئىدى. مەنمۇ كىچىك شاگىرتى بولۇپ توپقا قېتىلاتتىم، لېكىن كەيپكە ئۇنىڭ چۆۋالا ئاردلا شمايتتىم.

بۇ زات ھەققىدە ئۇزۇن بىرتەرجىمە-ھال يازماقچىمەن. بۇ يەردە ھازىرچە ئاددىلا قىلىپ سۆزلەپ ئۆتەي:

ھىجرىيە 1333 - يىل ئىدى. بىر ئاخشىمى ئۇ يەنە مۇشۇ قىرائەتخانىغا كەلدى، تارىختىن، ئەدەبىياتتىن بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

— بەگلەر، ئەپەندىلەر! بۇ كېچە سىزلەردىن بىر نەرسىنى سورىماقچىمەن! — دېدى.

— قېنى، مەرھەممەت، — دېيىشتۇق.

— «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابنى كۆرگىنىڭلار ياكى ئاڭلىغىنىڭلار بارمۇ؟

دەسلەپ مەن جاۋاپ بەردىم:

— كىتابنىڭ ئۆزىنى كۆرگىنىم يوق، لېكىن كاتىپ چەلەبى بۇ كىتابنى كۆرگەن ۋە بۇ ھەقتە «كەشفۇززۇنۇن» دا يازغان ئىكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىپ بەگ ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى ئەرەپچە تارىخلارنىڭ بىرسىدە كىتابنىڭ نامىنى كوردۇق، دېيىشتى. ئەمىرى ئەپەندى فۇزۇلىنىڭ مۇنۇ مىسراسىنى ئوقۇدى:

"ئەيلىدىم تەھقىق، كورمۇش كىمسە يوق جانانىمنى".

سۆزنىڭ نوۋىتى بىزگە كەلدى. بىر ئېغىزدىن ھاياجان بىلەن:

— سىز كوردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدۇق.

ئۇ، سوئالىمىزدىن خوشاللاندى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇزۇك - ئۇزۇك كۈلكىسى بىلەن:

— نېمە دەۋاتىسىلەر؟ ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇگۈن ئۇ كىتابقا ئىگە بولدۇم، — دېدى. ھەممىمىز قىزغىن تەبرىكلىدۇق ۋە قولىغا قانداق چۈشۈرگەنلىكىنى، كىمدىن ئالغانلىقىنى سورىدۇق.

— ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم كونا

① ئىستانبۇل شەھرىنىڭ «ئايا سوفىيە مۇزېيى» ئالدىدىكى مەيدان.

كىتاپ بازىرىغا بېرىش ماڭا ئادەت، — دىدى
ئەمرى ئەپەندى، — مەن ئۇ يەرگە بېرىپ،
كىتاپپۇرۇچلاردىن يېڭى كىتاپلار بارمۇ، دەپ
سورايتتىم. تۈنۈگۈنمۇ كىتاپپۇرۇچ بۇرهان
بەگنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ "بىرەر يېڭى كىتاپ
بارمۇ؟" دىۋىدىم، كىتاپپۇرۇچ: "بىر كىتاپ
بار، ئەمما ئىگىسى ئوتتۇز لىرا ① دەيدۇ. بۇ
كىتاپنىڭ ماڭا كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولدى.
مەن بۇنى قىممەت باھادا ئالار دەپ مائا-
رىپ نازىرى ئەمرۇللا ئەپەندىگە ئېلىپ
باردىم. ئۇمۇ ئىلمىي جەمىيەتكە ھاۋالە قىل-
دى. جەمىيەتتىن كورۇپ بېقىش ئۇچۇن
بىر ھەپتە سۇرۇك سورىۋىدى، ماقۇل بول-
دۇم. بىر ھەپتىدىن كېيىن بارسام، ئون
لىرا بېرەيلى، دىدى. مەن كىتاپ مېنىڭ
ئەمەس، باشقا كىشىنىڭ، ئوتتۇز لىرادىن
بىر لىرامۇ تۆۋەنلەتكىلى بولمايدۇ، دىدىم.
ئۇلار: 'بىز ئوتتۇزلىراغا بىر كۇتۇپخانا سېتىپ
ئالالايمىز، ئال كىتاۋىڭنى، بىزگە كېرەك
ئەمەس' دەپ، قولۇمغا قايتۇرۇپ بەردى.
كىتاپنىڭ ئىگىسى بىلەن پۇتۇشكەن مۇددەت
ئەتە توشۇدۇ، كىتاپنى ئەتە قايتۇرۇپ بېرىش-
كە مەجبۇرمەن. قاراپ بېقىڭ، ئەگەر سىزگە
توغرا كەلسە ئېلىڭ" دىدى. كىتاپنى قولۇم-
غا ئېلىش بىلەن ئۆزەمنى يوقىتىپلا قويدۇم.
بۇ كىتاپ ئوتتۇز مىڭ لىرا قىممىتىگە ئىگە،
دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر تۈرك قامۇسى
ۋە گرامماتىكىسى ئىدى. بىراق، كىتاپپۇرۇچ-
نى ئالاقزادە قىلماسلىق، باھاسىنى ئاشۇرغۇ-
زۇۋەتمەسلىك ئۇچۇن، ناز بىلەن: "چۇۋۇق
كىتاپ ئىكەن، تولۇقمۇ-ئەمەسمۇ بىلگىلى
بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مۇئەللىپى قەش-
قەرلىق بىر ئادەم ئىمىش. ئۇ كىم، نىمە
ئىش قىلىدىغان ئادەم، بۇمۇ نامەلۇم. بوپتۇ،
نىمىلا بولمىسۇن، بىر ئەسەر ئىكەن، مائارىپ

10 لىرا دىگەن بواسا، مەن 15 لىرا بېرەي"-
دىدىم. كىتاپپۇرۇچ: "باشتا دىگەندەك، كىتاپ
مېنىڭ ئەمەس. مېنىڭلا بولسا بېرەتتىم. ئىگىسى
30 لىرادىن كەم بولمايدۇ، دىگەن. ئالمايدىغان
بولسىڭىز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن" دىدى.
"ئىگىسى كىم؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "ياشلا بىر
خوتۇن، بۇرۇنقى مالىيە نازىرى نەزىف بەگ-
نىڭ تۇققانلىرىدىن. پاشا ئۇنىڭغا بۇ كىتاپنى
بېرىۋېتىپ: 'قارا، ساڭا بىر كىتاپ بېرىد-
مەن، ياخشى ساقلا! قىسىلىپ قالغىنىڭدا
كىتاپپۇرۇچنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار. باھاسى
تۆۋەن بولغاندا 30 لىرا بولىدۇ. ئەرزىنىغا
بەرمە' دىگەن ئىكەن. ھازىر بۇ 30 لىرا دىگەن
گەپ خوتۇننىڭ قۇلىغىغا ھالقا بولۇپ قاپتۇ،
بولمىسا ئۆزى ئاجىزە بىر خوتۇن. كىتاپنى
ئالغۇدەك بولسىڭىز ئۇ خوتۇنغا ياخ-
شىلىق قىلغان بولىسىز" دىدى. "ئەمدى
ئىشنىڭ شەكلى ئۆزگەردى. بىر خوتۇنغا
ياردەم بېرىش ۋەزىپىسى توغرا كېلىپ قال-
دى. بولىدۇ، قوبۇل قىلدىم" دىدىم ۋە كى-
تاپنى ئالدىم. ئەمما شۇ مىنۇتتا مۇنداق
ئويلىدىم: "يېنىمدا پەقەت 15 لىرا بار.
ئويگە بېرىپ پۇل ئېلىپ كەلگىچە كىتاپ
دۇكاندا قالىدۇ، بەلكىم، باشقا بىرەر خېرىد-
دار كېلەر، كىتاپپۇرۇچ تاماگەرلىك قىلىپ
كىتاپنى ئۇنىڭغىمۇ كورسىتەر، ئۇ ئادەم كى-
تاپنى ئېلىۋېلىشى مۇمكىن. پۇلنىڭ قالغىنىنى
ئەتە بېرەي دىسەم بولماس"... ئىچىمدە ئاللاغا:
"ئىلاھىم، بىردوستىنى ئەۋەت، ماڭا ياردەم
قىلسۇن. مېنى كىتاپتىن ئايرىما!" دەپ ئىلت-
تىجا قىلدىم. ئىككى مىنۇت ئوتۇۋىدى، يول-
دىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان دوستۇم، دارىلفۇ-
نۇننىڭ بۇرۇنقى ئەدىبىيات مۇئەللىمى فايىق
رەشات بەگكە كوزۇم چۈشتى. دەرھال چا-
قىردىم: "يېنىڭدا بولسا خاپا بولماي ماڭا

① لىرا — تۈركىيە پۇلى.

www.uyghurkitap.com

20 لىرا بەر" دېدىم. ئۇ ھەمياننى ئېچىۋە-دى، 10 لىرا چىقتى. ئۇ: "قالغىنىنى ئۇيە-دىن ھازىرلا ئەپكىلىپ بېرىمەن" دېدى. مەن كىتاپپۇرۇچىنىڭ دۇكىنىدا بىر پەس ھوزۇرلىنىپ كۈتۈپ ئولتۇردۇم. بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن رەشات بەگ پۇلنى ئېلىپ كەلدى. 30 لىرانى بۇرھان بەگكە بەردىم. بۇرھان بەگ: "بەللى، مېنىڭ چاي ھەققىم يوق...ۇ؟" دېدى. ئۇنىڭغا 3 لىرا بەردىم، خوشلىشىپ دۇكاندىن چىقتىم. يولدا رەشات بەگ بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭدىم. "يەنە بۇرھان بەگ پۇشمان يەپ، ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ قالمىسۇن" دەپ ئەندىشە قىلىپ، پات-پاتلا ئارقامغا قارايتتىم.

كىتاپنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم، يېمەك-ئىچمەكنى ئۇنتۇدۇم. بىرقانچە سائەت ئوقۇدۇم. دوستلار، سىلەرگە ئېيتسام، بۇ بىر پارچە كىتاپ ئەمەس، بەلكى تۈركىستان دولىتىدۇر. تۈركىستان ئەمەس، پۈتۈن جاھاندۇر، تۈركىلوگ، تۈرۈك تىلى بۇ كىتاپ سايىسىدا باشقىچە روناق تاپىدۇ. ئەرەپ تىلىدا سەيىبۇيىھنىڭ كىتاۋى قانچە قىممەتلىك بولسا، تۈرك تىلىدا بۇ كىتاپ شۇنداق قىممەتلىكتۇر. تۈرك تىلىدا ھازىرغا قەدەر مۇنداق بىر كىتاپ يېزىلمىغان. بۇ كىتاپنىڭ ھەققى قىممىتىگە جاھاننىڭ غەزنىلىرى يەتمەيدۇ. بۇ كىتاپ بىلەن ھەزرىتى يۇسۇپ ئارىسىدا بىر ئوخشاشلىق بار، يۇسۇپنى قېرىنداشلىرى ئازغىنە پۇلغا ساتقان بولسىمۇ، كېيىن مىسىردا ئۇز ئېغىرلىقىدەك جەۋھەرگە سېتىلدى. بۇ كىتاپنى بۇرھان ماڭا 33 لىراغا ساتتى، لېكىن مەن بۇنى بىرقانچە ھەسسە قىممەت ئالماسلارغا، زۇمرەتلەرگىمۇ بەرمەيمەن.

ئەمىرى ئەپەندى بۇ كىتاپنى قولىغا چۇشۇرگەنلىكىنىڭ شاتلىقىدا مەس ئىدى. ئۇ دائىم ھەمراھلىرىغا، دوستلىرىغا، ئۇچرىغانلا ئادەمگە: "مەن بىر كىتاپ ئالدىم. ئۇنداق، مۇنداق..." دەپ مەدھىيىلەپ، قىزىقتۇرۇپ سوزلەپ يۈردى.

ئېغىزدىن-ئېغىزغا، قۇلاقتىن-قۇلاققا ئۇتۇپ بۇ خەۋەر زىياگوك ئالىپقا① يېتىپتى. ئۇ، شۇ ھامان ئەمىرىنىڭكىگە كېلىپ، كىتاپنى كورمەكچى بولدى. بىراق ئەمىرى:

— ھازىر كورسەتمەيمەن. بەلكى ئىككى ئايدىن كېيىن مۇمكىن بولار، — دەپ زىيا بەگنى قىينىدى.

كېيىن زىيابەگ دىيار بەكر دېپۇتاتلىرىدىن ئىككى زاتنى ئەۋەتتى، ئەمىرى ئەپەندى ئۇلارغىمۇ كورسەتمىدى. مەن ئەمىرى ئەپەندىنىڭ تەبىئىتىنى بىلگەچكە كورۇش ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدىم. نىھايەت، بىر ھەپتىدەك ۋاقىت ئۇتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا تەكلىپ ئەۋەتىپتۇ. بارسام كىتاپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىكەن. ئۇ ماڭا:

— مانا بۇ «تۈركى تىللار دىۋانى» مەرھەمەت، ئوقۇ، — دېدى، مەن كىتاپنى قولۇمغا ئېلىپ كورۇشكە باشلىدىم ۋە:

— خۇدايىم، نەشرىنى نېسىپ قىلسۇن، — دېدىم.

بۇ سوز ئۇنى خوشال قىلدى.

— بۇ سوزنى باشقىسىدىن ئاڭلىمىدىم. ئىنشائاللا، نەشر قىلايلى، تەھرىرلىگىنى سەن قىل، — دېدى ۋە بىر ئاھ چەكتى، رەڭگى بۇزۇلدى، — رىقات بۇ كىتاپنى قانچىلىك يۇكسەك دېسەك، شۇنچىلىك يۇكسەك، شۇنچىلىك قىممەتلىك. بىراق، بۇنىڭ مۇھىم بىر قۇسۇرى بار. كىتاپنىڭ شىرازىسى چۇگۇلگان، بەتلىرى چېچىلغان، ۋاراقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن. باش-ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بېتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى يوق. بەت باشلىرىدا نومۇر

① زىياگوك ئالىپ — تۈركىيە ئالىملىرىدىن بىرى.

يوق، كىتاپ تولۇقمۇ، ئەمەسمۇ؟ رەتلەپ چىقىشقا بولارمۇ-بولماسمۇ؟ بۇ نۇقتىلار مېنى ئازاپلاۋاتىدۇ. كىتاپ تولۇقمىدۇ؟ ئەگەر تولۇق بولسا نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى-ھە!؟ ئۇنداق بولماي قالسا، بۇ كىتاپنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۆلگىچە يىغلىنىشىم كېرەك. رىفات، سەندىن ئۆتۈنۈمەن، ھەر كۈنى كېلىپ، بىر-ئىككى سائەت بۇ كىتاپ بىلەن ھەپىلەش، كىتاپ تولۇقمۇ-ئەمەسمۇ؟ ئېنىقلاپ چىق!

مەن تەشەككۇر ئېيتىپ قوبۇل قىلدىم. ئىككى ئايغىچە ھەر كۈنى بىرقانچە سائەت ئاشۇ كىتاپ بىلەن ھەپىلەشتىم. ئۈچ قېتىم ئوقۇپ تامامىلدىم. بەت ۋاراقلىرىنى قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ رەتلىدىم. سوزلەرنىڭ رېتىگە، داۋامىغا قارىدىم. شۇنداق ھەپىلىشىپ يۈرۈپ رەتلەپ چىقتىم، بەتلىرىگە نومۇر قويدۇم. كىتاپنىڭ تولۇق ئىكەنلىگى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى بەردىم. ئەمىرى ئەپەندى خوشاللىقىدىن يىغلاپ كەتتى، ئارقىدىن:

— مەنمۇ كورەي، — دىدى. بىر نوۋەت بىرلىكتە كوزدىن ئوتكۈزدۇق. ئۇمۇ قانائەت قىلدى. ئۇنىڭ ئىككى جايدا ئويى بار ئىدى. ئۇ، مېنىڭ خىزمىتىمدىن شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتكەچكە، بىر كۈنى ماڭا:

— رىفات، يۇر، دەپتەرخانەمگە بارايلى، بۇ خىزمىتىڭگە جاۋابەن، خانەمنىڭ بىر قىسمىنى ساڭا بېرەي، — دىدى.

— خانىڭىز ئوزىڭىزنىڭ بولىۋەرسۇن، — دىدىم رەھمەت بىلەن، — مەن سىزدىن پەقەت بۇ كىتاپنىڭ نەشرىنى سورايمەن، مۇكاپاتىڭىز شۇ بولسۇن.

— ئىنشائاللا، — دىدى ئۇ جاۋابەن، — ئۇمۇ بولۇپ قالار، ئەمما بىرئاز سەۋر قىل.

ئۇ نەشر قىلىشقا رازى ئىدى. پەقەت چوڭلاردىن بىرەرسىنىڭ ياكى بىر قانچىسىنىڭ ئىلتىجاسىنى ئىزلەيتتى. چۈنكى، ئەمىرى ئەپەندى چوڭلارنىڭ ئىلتىپاتىدىن تولا خۇش بولاتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا كۈندۈزى چوڭلاردىن بىرەرسى ھورمەت بىلدۈرسە، كەچتە قىرائەتخانەمگە كېلىپ: "بۈگۈن پالانى بەگ ئەپەندىگە ئۇچراپ قالدىم، ماڭا شۇنداق ھورمەت بىلدۈردى — ئېگىلدى، قولۇمنى سۈيدى. ئۇ نىمىدىگەن ئالىجاناپ، نىمىدىگەن تەربىيىلىك ئىنسان-ھە!" دەپ سائەتلەپ مەدھىيىلەيتتى.

زىياگوك ئالىپ «تۈركى تىللار دىۋانى»غا بەكمۇ غايىۋان ئاشىق ئىدى. دىۋاننىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا لەيلىسىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان دەرتمەن قەيستەك ئاھ چېكەتتى. ئۇنىڭ دىۋاننى كورۇش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرى پايدا بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇ بىر كۈنى مېنىڭكىگە كەلدى. ئارىمىزدا شۇنداق بىر پاراڭ بولدى:

— تەلەيلىك رىفات، سەن بۇ كىتاپنى ھەم كوردۇڭ، ھەم ئوقۇدۇڭ، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ھەم كوردۇم، ھەم ئوقۇدۇم.

— رىفات، مەن سەۋدالىقنى بىلمەيتتىم، بىراق مۇشۇ كىتاپقا مەپتۇن بولدۇم. كورۇش ئۈچۈن قىلغان بارچە ھەركىتىم بىكارغا كەتتى. ئەمدى، قەتئى قارارغا كەلدىم، بۇ كىتاپنى نەشر قىلايلى. بۇ غەزىنىنىڭ ئاچقۇچى سېنىڭ قولۇڭدا. كەل، ماڭا ياردەم قىل. مۇشۇ كىتاپنى قۇتۇلدۇرايلى. بۇ، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرگە قىلغان سوغىمىز بولسۇن. قېنى، ماڭا ئۇنىڭ چارىسىنى كورسەت!

— مەندە بىر چارە بار، بۇ چارە ھەم قولاي، ھەم تەس چارە، سەن قاملاشتۇرالامسەنكىن؟

— قېنى، چاپسان سوزلە، ئىشەنگىنكى،

مېنىڭ پەرھاتنىڭ تاغلارنى تەشكىنىدەك قۇدرىتىم بار.

— تەلئەت پاشا بىلەن كورۇشەمسەن، ئۇنىڭغا سوزۇڭ ئوتەمدۇ؟

— مەركەز ئەزاسىدىن بولغانلىقىم ئۇچۇن سوزۇم ئوتىدۇ، نىمە دىمەكچىسەن؟

— ئەلى ئەمىرى ئەپەندى تەلئەت پاشانى بەك ياخشى كورىدۇ. قاچانلا ئۇنىڭ ئىسمى چىقسا مەدھىيلەيدۇ. مېنىڭچە، تەلئەت پاشا بۇ كىتاپنى سورىسا، ئەلى ئەمىرى ئەپەندى دەرھال بېرەتتى، تەلئەت پاشا ئۇنىڭدىن سورارمىكىن؟

— تەلئەت پاشا كىبىرى يوق، پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ياخشى كورىدۇ. يۇر، دەرھال ئىلتىماس قىلىمىز. شۇنىسى باركى، ئىلتىماسىنىڭ شەكلى غەيرىيرەك بولىشى كېرەك. تەلئەت پاشا ئەمىرى ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بارسا بولماس، ئۇنى، بابى ئالى① مەركەزگە چاقىرسىمۇ بولماس. بۇنىڭغا قانداق چارە قىلغۇلۇق؟ ئوتۇنۇمەن، بۇنىڭمۇ بىر چارىسىنى تاپ.

— مەن بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇن ئويلىغان، چارىسىنى تېپىپ قويغان ئىدىم.

— قانداق چارە؟ قېنى، سوزلىگىنە!

— ئەمىرى ئەپەندى ئەدلىيە نازىرى ئىبراھىم بەگ ئەپەندىنى بەك ياخشى كورىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ مىجەز، پەزىلەتلىرىنى تولىمۇ ھورمەت قىلىدۇ، ئۇمۇ ئەمىرى ئەپەندىگە بەك ھورمەت قىلىدۇ، كورگەنلا يەردە قولىنى سۇيمەي قالمايدۇ. ئۇلار ئارىسىدا ئاشۇنداق ھورمەت بولغاچقا، ئەمىرى ئەپەندى ئىبراھىم بەگنىڭ قوسقادىكى ئويىگە پات - پاتلا كېچىلەردە باراتتى. كېيىن بىرگە قانداق كورۇشكەنلىكىنى سوزلەپ بېرەتتى. مېنىڭ تاپقان چارەم مۇنداق: "ھازىر رامزانى شەرىپ، ئىبراھىم بەگكىدە، ئەمىرى ئەپەندىنى بىر ئاخشام ئىپتارغا چاقىرسۇن. تەلئەت پاشاغىمۇ ئىلتىماس قىل، شۇ ئاخشىمىسى تاماقتىن بىر سائەت كېيىن بىر نەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن ئىبراھىم بەگنى يوقلاپ كەلسۇن. ئۇ يەردە ئىبراھىم بەگ ئاۋال مېھمانلارنى ئەمىرى ئەپەندىگە تونۇشتۇرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرى ئەپەندىنى يۇكسەك سوزلەر بىلەن ئۇلارغا تونۇشتۇرسۇن. ئۇلارمۇ تەلئەت پاشانىڭ باشچىلىقىدا "ئەي ئۇستازى مۇھتەرەم، بۇيۇك ئەدىپ ھورمەتكە سازاۋەر تارىخچى، ... شانۇ - شوھرىتى دۇنيىاغا مەشھۇر ئەمىرى ئەپەندى سىزمۇ؟ بۇ نىمە دىگەن بەختلىك ئىش، بۇ كېچە سىز بىلەن كورۇشۇشكە مۇيەسسەر بولدۇق. بىز نىمە دىگەن بەختلىك، سىزنى ئاسماندىن ئىزلەپ، يەردىن تاپتۇق ..." دەپ ئەمىرى ئەپەندىنىڭ قولىنى سۇيسۇن، قوللىرىنى قويۇشتۇرۇپ ئورە تۇرسۇن، ئولتۇرۇڭلار دىمىگىچە دىۋان بوش تۇرسۇن. ئولتۇرغاندىن كېيىن "ئۇستازىمىز رۇخسەت قىلسا، تارىختىن، ئەدەبىياتتىن بىرگە تۇتۇق بولغان بەزى نەرسىلەرنى سورايلى" دىسۇن، بەزى يېنىك مەسىلىلەرنى سورىسۇن. ئالغان جاۋاپلىرىغا مەمنۇن بولۇپ ھەممىسى رەھمەت ئېيتسۇن. بۇ بىر ئويۇن تۇگىگەندىن كېيىن، مۇھتەرەم ئۇستازىمىز: "ئاڭلىساق، سىزدە «تۇركى تىللار دىۋانى» دىگەن بەك قىممەتلىك بىر كىتاپ بارمىش، بىزنى ئۇ كىتاپ توغرىلىق خەۋەردار قىلىشقا ئىلتىپات قىلارلىمىكىن" دىسۇن. ئاندىن تەلئەت پاشا ئورنىدىن تۇرسۇن، غايەت دەبدەبىلىك مەدھىيىلەردىن كېيىن: "ئىلتىپات قىلسىڭىز، شۇ كىتاپنى

① بابى ئالى — يۈكسەك دەرۋازا دىگەن مەنىدە بولۇپ، ئوسمانلىق ئىمپىراتورلىقى دەۋرىدە پايتەخت ئىستامبۇلدىكى باش مىنىستىرلىكىنىڭ بىناسى.

نەشىر قىلىپ، تۈركلەر ئالىمىگە ھەدىيە قىلىشاق بولماسمۇ؟ ئىلتىپات قىلىشىڭىزنى سورايمەن" دىسۇن. شۈبھىسىزكى بېرىدۇ.

زىياگوك ئالىپ بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلە - كۈلە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خوشاللىقىدا ئولتۇرالماي قالغان ئىدى.

— ئايھاي، نىمىدىگەن ئەپچىل، نىمىدىگەن قولاي چارە. ئىشىنەنچىم، ئىمانىم بىلەن ئېيتىمەنكى، كىتاپنى ئالدۇق، كۈتۈپ تۇر، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ ئۇسۇلنىڭ ئەملىيىتىنى ئەمرى ئەپەندىدىن ئاڭلايسەن، — دىدى.

ھەقىقەتەن ئۈچ كۈن ئۆتتى، تۆتىنچى كۈنى كەچتە ئەمرى ئەپەندى ئادىتى بويىچە دىيار بەكر قىرائەتخانىسىغا كەلدى. لېكىن، كېلىشى باشقىچە ئىدى، ئۇ، نە قەھرىمانلارغا، نە مەملىكەت ئالغۇچىلارغا، نە پادىشالارغا، نە ئىمپىراتورلارغا نەسىپ بولمىغان بىر مەردانە، ئۇلۇغۋار قىياپەتتە كىرىپ كەلدى، شاتلىقىدىن پۇتى يەرگە تەگمىگەندەك، كوكلەرگە كوتىرىلگەندەك ئىدى. ئۇ، گويا پەرىشتەلەرگە: "سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، ئۇچماق ماڭا يارىشىدۇ، ئۇچماقچىمەن، ئۇچماقچىمەن، ئەرشى - ئەلاغىچە ئۇچماقچىمەن" دىگەندەك قىلاتتى.

مەن ئەمرى ئەپەندىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئەتراپقا بېقىشىدىن ئىشنىڭ نىمىلىگىنى بايقىدىم، بىراق سەزدۇرمىدىم.

ئەپەندىمنى ئادەت بويىچە قارشى ئالدۇق، ئۇ ئولتۇردى، ئەمما خوشاللىقىنى سىغدۇرالمايتتى. دەسلەپكى سوزى:

— بۇ كېچە بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە چاي مەندىن! بۇ كېچە مېنىڭ زىياپەت بېرىدىغان كېچەم. بۇ كېچە ئەمرىد-نىڭ قانداق ئەمرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كېچە! - دىگەنلەردىن ئىبارەت بولدى.

بىز ھەيرانلىق بىلەن:

— ئىنشائاللا، ياخشىلىقتۇر، بەلكىم ئۇلۇغ بىر خىزمەتكە تەيىنلەنگەنسىز! — دىدۇق.

— مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمنىڭ ئالدىدا خىزمەت قانچىلىك پۇلغا يارار؟ ھاياتىمنىڭ ئەڭ بۈيۈك زەۋقى — ئارتۇقچىلىقنى تەقدىرلەشتە. مانا مەن شۇنداق بىر تەقدىرلەشكە ئېرىشتىمكى، ئۇنىڭدىن يۇقۇرى تۇرىدىغان ھېچنەرسە يوق! — دىدى ئەمرى.

— ئىلتىپات قىلىپ ئىزاھلاپ بېرەرسىزمۇ؟ — دەپ سورىدۇق.

ئەمرى ئەپەندى سوزىنى مۇنداق باشلىدى:

— ئەدلىيە نازىرى ئىبراھىم بەگ ئەپەندى بەك ئېسىل ئادەم، بۈيۈك بىر خاندانغا مەنسۇپتۇر، ئەجدادىدىن بىرقانچىلىغان شەيخۇلئىسلام چىققان، ئۆزىمۇ ياخشى ئوقۇغان. ئۇ، ئادىمىگەرچىلىكنىڭ، قەدىردانلىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى نەمۇنىلىرىدىن بىرى. مېنىمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ، كورگەنلا يەردە قولۇمغا سۆيىدۇ. بىرەر ئىش ئۈچۈن بىرەر باغاق ئەۋەتسەم باغاقنى پەرمانى ھۇمايۇندەك① كۆرىدۇ. مېنى پات - پات تەكلىپ قىلىدۇ، بارمىسام ئالدىمغا كېلىدۇ، خاپا بولىدۇ. تۈنۈگۈن كەچتە مېنى ئىپتاغا ئېيتقان ئىدى. قوسقادىكى ئۆيىگە باردىم. مېنى قالتىس ئىززەت - ھورمەت بىلەن قارشى ئالدى. توپ ئېچىلىش بىلەن ئىپتار قىلدۇق. داستىخاندا مېنىڭدىن باشقا كىشى يوق ئىدى. ئىككىمىزلا ئىدۇق. چۈنكى، مېنى سىقىلىپ قالمىسۇن، دەپ باشقا بىرسىنى چاقىرمىغان ئىدى. ئىپتادىن كېيىن پاراڭغا

① ھۇمايۇندەك — قۇتلۇق، بەختلىك مەنىسىدە بولۇپ، پادىشالارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا قوللىنىلىدۇ. بۇ يەردە پادىشا پەرمانى مەنىسىدە.

چۈشۈپ كەتتۇق. بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، خىزمەتچى كىرىپ: "ئەپەندىم، تەلئەت پاشا قەدەم تەشرىپ قىلدى" دېدى. ئىبراھىم بەگ ئەپەندى دەرھال قارشى ئالدى. مېھمانلارنى بىز ئولتۇرغان ئۆيگە باشلىدى. كەلگەنلەر تەلئەت پاشا ۋە ئۇنىڭ بەش، ئالتە نەپەر ئابرويلۇق ئاغىنىلىرى ئىدى. مەن بۇلاردىن يالغۇزلا تەلئەت پاشانى تونۇيتتىم. مېھمانلار ئىچكىرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىبراھىم بەگ ئەپەندى مېھمانلارنى تونۇشتۇردى، كېيىن مېنى ئۇلارغا ئەڭ يۈكسەك مەدھىيە سۆزلەرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ كەتتى. مېھمانلار "ئەمىرى" دېگەن ئاتنى ئاڭلىغان ھامان، بىردىن ئالدىمغا كېلىشتى، ئاۋال تەلئەت پاشا ماڭا ئۇدۇل كېلىپ: "ئەي مۇھتەرەم ئۇستاز، مۇبارەك قولىڭىزنى سۆيۈشنى شەرەپ ھېساپلايمەن، رۇخسەت قىلىڭ" دېدى. قولۇمنى تەكرار سۆيدى. قالغانلىرىمۇ شۇنداق قىلىشتى.

مەن ئۇ كېچە، ئېھتىمال، كەم دېگەندىمۇ 33 قېتىم ئەستەغپۇرۇللا دېگەندىمەن. مەن ئەپۇ سورىغانچە ئۇلارنىڭ ھەۋىسى ئاشاتتى، قولۇمنى تاشلاپ، پېشىمنى سۆيەكچى بولۇشاتتى. سۆيۈش تاماملانغاندىن كېيىن ھېچ كىشى ئولتۇرمىدى، ھەممەيلەن ئالدىمدا قول باغلىشىپ تۇرۇشتى. مەن ئۆزەمنى قانۇنى سۇلتان سۇلايماندەك① ھېس قىلدىم، ھەتتا، ئۇلارنىڭ بۇ ئەدەپلىك ۋەزىيىتىدىن سىقىلدىم. "ئۆتۈنۈمەن، ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار!" دېدىم. ئاخىرى ئۇلار ئولتۇردى. دېمەكتىن ماقۇللۇق ئېلىپ تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر مەسىلىلەرنى سورىدى. مەنمۇ چۈشەندۈردۈم، ئۇلار تەشەككۈر ياغدۇرۇۋەتتى...

ئەڭ ئاخىرىدا، تەلئەت پاشا ئورنىدىن تۇرۇپ «تۈركى تىللار دىۋانى» ھەققىدە بىر ئاز مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەن بىلىشىمچە سۆزلەپ بەردىم. مەن سۆزلەۋاتقاندا ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلىدى. مۇشۇنداق بىر كىتاپقا ئېرىشكەنلىكىمنى بىر ئېغىزدىن تەبرىكلەشتى. تەلئەت پاشا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئۇستازى مۇھتەرەم، ھۇزۇرى پەزىلىتىڭىزنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىشقا خىجىل بولۇۋاتىمەن. رۇخسىتىڭىز بىلەن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، كىتاپلارنىڭمۇ ئىنسانلاردەك تەبىئى بىر ئۆمرى بولىدۇ. بىر كىتاپ مىڭ يىللاپ ياشمايدۇ، ئۇ چىرىيدۇ، بۇزۇلىدۇ. كىتاپلارنى ياشىتىش ئۈچۈن بۇرۇندىن تارتىپ نۇسخىلاش ئۇسۇلى بولغان، بىراق بۇنىڭمۇ پايدىسى چەكلىك. مەدەنىيەت بۇنىڭ ئۈچۈن يېگانە بىر چارە تاپتى، ئۇ بولسىمۇ، مەتبەئە ئۇسۇلى. مەتبەئەدە بىر كىتاپ مىڭ، ئون مىڭ، يۈز مىڭ بولىدۇ. مادامىكى «تۈركى تىللار دىۋانى» بۈيۈك ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىك كىتاپ، شۇنداق ئىكەن، رۇخسەت قىلىڭ، بۇ كىتاپنى ھەممىدىن ئاۋال باستۇرايلى، بېشىغا ئالىي نامىڭىزنى قويايلى، پۈتۈن دۇنياغا يېيىلسۇن، جاھان سىزدىن مىننەتدار بولسۇن، بۇ ئىلتىپاتنى بىزدىن ئايىماڭ، دېدى. مەن: "مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىمەن، بىراق ئىككى شەرتىم بار، بىرىنچىسى، مەن بۇ كىتاپنى پەقەت كىلىسلىق مۇئەللىم رىفات ئەپەندىگە تاپشۇرالايمەن. كۆچۈرۈشنى، تەھرىرلىگىنى ئۇ ئىشلىسۇن. ئۇ، كىتاپنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ. كىتاپنى كۆچۈرۈش ۋە تەھرىرلەشنى دىققەت بىلەن ئىشلەيدۇ. باشقىسىغا بەرمەيمەن؛ ئىككىنچى شەرتىم، رىفاتقىلا كىتاپ پەقەت رىفاتنىڭ ئۆزىدىلا تۇ-

① قانۇنى سۇلتان سۇلايمان — ئوسمانلىق ئىمپېراتورلۇقىنىڭ 10-سۇلتانى، مىلادى 1494—1566-يىللاردا ياشىغان. ئىمپېراتورلۇقنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلغان مەشھۇر سۇلتان.

"رۇشى، باشقىسىغا بېرىلمەسلىكى لازىم" دېدىم. تەلئەت پاشا بارىكاللا ئېيتىپ، شەرتلىرىگە رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن مەندىن: "ئۇلۇغ ئۇستاز، ھازىر نىمە ۋەزىپىدە تۇرىۋاتىسىز؟" دەپ سورىدى. "مالىيە مۇدىرلىقىدىن پېنسىيىگە چىقتىم" دېدىم، "خەير، سىزدەك پەزىلەتلىك، تەجرىبىلىك بىر زاتنىڭ پېنسىيىگە چىقىپ كېتىشىگە كۆڭلۈم رازى ئەمەس. ئەلھەمدۇلىللا، سالامەتلىكىڭىز ياخشىكەن، يەنە بىر قانچە يىللار ئىشلىيەلەيدىكەنسىز. ئۇستاز، مالىيە مۇدىرلىقىمۇ، ۋالىلىقمۇ، دولەت كېڭەش ئەزالىقىمۇ، نازىرلىقمۇ، قايسىسىنى ئارزۇ قىلىسىز؟ ئىلتىپات قىلىپ سوزلەڭ، مۇشۇ يەردىلا تەيىن قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇغىڭىزغا ھازىرمەن" دېدى. "مەن مىللىتىمگە تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم. ئۆمرۈمنىڭ قالغان قىسمىنى مۇتالىيىگە بېغىشلاش ئارزۇسى بىلەن پېنسىيىگە چىقتىم. بۈگۈن نەزىرىمدە ھېچ بىر مەمۇرىيەتنىڭ قىممىتى يوق. يېقىنلىق كورسەتكىنىڭىزگە، ئىلتىپاتىڭىزغا تەشەككۈر بىلدۈرىمەن." دېدىم. ئۇلار بۇ سوزلىرىمنى بەكمۇ ئالقىشلاشتى. يەنە بىردەم ئۇ يەر-بۇ يەردىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار كېتىشتى. مەنمۇ ئىبراھىم بەگ ئەپەندىگە ۋەدە بېرىپ ئايرىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەمرى ئەپەندى ماڭا خىتاپ بىلەن:

— ئەتە كەل، كىتاپنى ئال، ئەمما شەرتىمنى ئۇنۇتما، — دېدى.

مەن ئەتىسى ئەتىگەندە كىتاپنى ئالدىم. كىتاپنى ئالغاندىن كېيىن زىيابەگكە خەۋەر بەردىم.

— تىلسىمنى بۇزدۇق، غەزىنىسىنى ئاچتۇق، شۇنداقمۇ؟ — دەپ كۈلدى زىيا بەگ. — كىتاپنى كورۇپ بېقىشىمغا بولارمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، ئىش چىقارمايلى، كىتاپنى چىققاندا ئوقۇڭ، — دېدىم. ئۇ رازى بولدى.

مەن شۇ كۈنىلا بىر ئۈرنەك كوچۈرۈپ مائارىپ نازارىتىگە چاپتىم، يازغان ئۈرنەكنى كورسەتتىم. دەرھاللا مەتبەئەگە بۇيرۇق بېرىلدى، كىتاپ ئۈچۈن 4 نەپەر نابورچىك ئاجرىتىلىپ، ئىشقا كىرىشىلدى.

كىتاپ ماڭا تاپشۇرۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، تەلئەت پاشا ئىشەنچلىك بىر خىزمەتچىسىگە ئۈچ يۈزلىرا ئالتۇن پۇل بېرىپتۇ ۋە: "بۇنى دەرھال ئەمرى ئەپەندىگە ئاپىرىپ بەر!" دەپ مۇنداق بىر باغاق يېزىپتۇ:

"زات ئالىيىڭىزگە كىچىككىنە بىر مۇكاپات دەپ ئۈچ يۈز لىرا ئەۋەتتىم. ئىلتىپات قىلىپ قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن".

خىزمەتچى پۇلنى باغاق بىلەن بىللە ئەمرى ئەپەندىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ، بىراق ئەمرى ئەپەندى پۇلنى قوبۇل قىلماپتۇ، ئۇمۇ مۇنداق بىر باغاق يېزىپتۇ:

"ئىلتىپاتىڭىزغا، قەدىرشۇناسلىقىڭىزغا تەشەككۈر، ئەمما پۇلنى قوبۇل قىلمايمەن. چۈنكى ۋەتەن ۋە مىللەتكە قىلغان كىچىككىنە خىزمىتىمنىڭ بەدىلىگە پۇل ئالغان بولۇپ قالىمەن، بۇ بولسا ۋىجدانىم كوتۈرەلمەيدىغان بىر ئىش. شۇ تۆپەيلى سىزگە رەھمەت بىلدۈرۈپ پۇلنى قايتۇردۇم. سىز پۇلنى ياردەمگە مۇھتاج بولغان بەزى نومۇسلۇق ئائىلىلەرگە تارقاتسىڭىز سىزدىن مىننەتدار بولىمەن، شۇنىڭدەك جانابى ھەقمۇ مەمنۇن بولىدۇ. بۇ سەدىقىنىڭ ئىسمىمۇ «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ سەدىقىسى بولسۇن."

ئەمرى ئەپەندى بىرگە بۇ ئىشنى بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— قانداق، ئىشىمدىن زوقلانىدىڭلار...

www.uyghurkitap.com

مۇ؟ — دەپ سورىۋىدى:

— بۇ ئىشقا بىز زوقلىنىمىز، تەڭرىمۇ زوقلىنىدۇ، — دەپ تەشەككۈر بىلدۈردۇق.

كىتاپ بېسىلىشقا باشلىدى. مەن ھەر كۈنى بىر پارچە يازاتتىم، ئەمماماگا مۇنداق بىر ئەندىشە چۈشتى: "بۇ كىتاپ دۇنيادا بىر دانە. ئىككىنچى بىر نۇسخىسى يوق. فوتوگرافىيىنى ئالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بىر مۇنچە بەتلىرى ئۆپرىگەن، فوتوغا چىقمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان. مەن بۇ كىتاپنى ئۆيۈمدە قانداق ساقلايمەن؟ ئاللا كۆرسەتمىسۇن، مەن ئۆيدە يوق ۋاقىتلاردا ئۆيگە ئوت كېتىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ئوغرى كىرىپ باشقا نەرسىلەر قاتارىدا بۇنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ كېتىپ قالسا، ھۆكۈمەتكە نېمە دەيمەن؟ ئەڭ ياخشىسى، مەن بۇنى ئۆيۈمدىنمۇ خاتىرجەم بىر يەرگە قوياي..." مەن كىتاپنى ئالدى بىلەن ئومۇمىي كۇتۇپخانىغا ئېلىپ باردىم، مۇدىر ئىسمايىل ئەپەندىگە چۈشەندۈردۈم:

— بۇ سىزدە تۇرسۇن، مەن كېلىپ، مۇشۇ يەردە كۆچۈرەي، — دېدىم.

مەرھۇم قورقتى ۋە:

— كەچۈرگىن، ئاغىنە، مېنى مۇنداق بىر خەۋپلىك ئىشقا سالما، كۇتۇپخانىغا كۈندە بىر قانچە يۈز كىتاپخان كېلىدۇ. بىرەرسىنىڭ قوسىغىغا جىن كىرىپ كىتاپنى ئېلىپ كەتسە مەن قانداق قىلىمەن؟ شۇڭا مېنى ئەپۇ قىل. مەن بۇ كىتاپنى ئالمايمەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ۋاپا مەكتىۋىگە ئېلىپ باردىم. مەكتەپنىڭ پولات ساندۇغى بار ئىدى، شۇ ساندۇقتا ساقلىماقچى بولدۇم. مۇدىر ئاقىل بەگكە چۈشەندۈردۈم. ئۇمۇ:

— ياق، ياق! — دېدى.

ئۇ يەردىن چىقىپ، مائارىپ ھىساۋاتچىسىنىڭكىگە باردىم. ھىساۋاتچى سىدىقبەگنىڭ پولات ساندۇغى بار ئىدى، شۇ يەرگە قويۇشنى ئويلىدىم. ئۇمۇ قاخشىغىلى تۇردى.

ئۇ يەردىن چىقىپ، ئامىرە مەتبەسىنىڭ ئىشكاۋىغا قويۇشنى ئويلىدىم. مۇدىر رەھمەت بەگ:

— نېمە دەۋاتىسەن؟! مەتبەخانىمىز ياغاچتىن. ئوت كېتىپ قېلىپ، كىتاپ كۆيسە مېنى ئاستۇرامسەن؟ قوبۇل قىلمايمەن، نېمە قىلساڭ قىل! — دېدى.

مۇراجەت قىلىدىغان يەر قالمىدى، ئويلاپ-ئويلاپ، شۇنداق بىر چارە تاپتىم: ئوبدان بىر سومكا ئېلىپ، كىتاپنى سومكىغا سالدىم، بالىلىرىم دائىم تۇرىدىغان ئۆينىڭ تېمىغا يوغان بىر قوزۇق قاقتىم، سومكىنى قوزۇققا ئاستىم ۋە بالىلىرىمغا:

— كوزۇڭلار دايىم مۇشۇ سومكىدا بولسۇن، ناۋادا خوشنىلارغا ياكى بىرەر ئىشقا چىقماقچى بولساڭلار، بىرسىڭلار بۇ سومكىنى ساقلاڭلار، بەك زورۇر ئىش بولۇپ قېلىپ بىللە چىقىدىغان بولساڭلار، سومكىنى بىللە ئېلىۋېلىڭلار، زادى قولدىن چىقارماڭلار، خوشنىلارنىڭكىدە ئولتۇرساڭلارمۇ سومكا قولۇڭلاردا بولسۇن، مەن ئۆيدە بولماي قالغان چاغلاردا ئوت كېتىش ھادىسىلىرى بولۇپ قالسا، ھېچ نەرسىگە قارىماي، دەرھال سومكىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار، مۇشۇ سومكا ئامان قالسا قالغان ھېچ نەرسىدىن قورقماڭلار. ئۆي-جاھاز، يوتقان-كورپىلەر كۆيسە كۆيۈۋەرسۇن، — دەپ تەكىتلىدىم. سومكىنى كېچىلىرى بېشىمنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتاتتىم.

×

ئاشۇنداق دىققەت قىلىپ يۈرۈپ بۇ كىتاپنى بىر يېرىم يىلچە مۇھاپىزەت قىلدىم.

«تۆركى تىللار دىۋانى» نىڭ بىرىنچى
جىلدى چىقتى، ئىككىنچىسى يېرىمىغا يېقىن-
لاشتى. بىر كېچىسى ئەمرى ئەپەندى قىرا-
ئەتخانىدا ماڭا ئاستا مۇنداق دېدى:

— ياۋروپالىق بىر شەرقشۇناس بۇ كى-
تاپنى ئاڭلاپتۇ، بېسىلغان جىلدىنى ئوقۇپتۇ،
بەك سۆيۈپتۇ ۋە قەدىرلەپتۇ. ئەسلى نۇس-
خىسىنى بىرلا قېتىم كۆرۈشنى سورىدى.
ئۈنۈگۈن ماڭا كېلىپ، جىق ئۆتۈندى، ئە-
تىسى ئەتىگەندە يەنە كەلمەكچى. ئىلتىماس-
نى رەت قىلالمىدىم، ئىلمى ئادەم بولغانلىقى
ئۈچۈن ھۆرمەت قىلدىم، ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل
قىلدىم، "كۈتكىن" دېسەم بولماس، ئۇ بىر
چەتئەللىك، سەن ئەتە ئەتىگەندە كىتاپنى
ماڭا ئەكىلىپ بەر، چۈشتىن كېيىن كېلىپ
ئېلىۋال!

ئەپەندى بىلەن بولغان بىر قانچە
يىللىق دوستلۇغىمىزدا يالغانچىلىقنى كۆرمە-
گەچكە، گېپىگە ئىشەندىم، ئەتىگەندە كىتاپنى
ئاپىرىپ قولىغا بەردىم.

— چۈشتىن كېيىن كېلىپ ئالىمەن، —
دېدى.

بۇ سۆزگە ئۇ شىردەك ھىجايدى ۋە:

— كىتاپمۇ؟ ئەمدى كۆرەلمەيسەن! —
دېدىم.

— قانداق گەپ؟ نېمە بولدى؟! —
دېدىم.

— تىڭشا، ساڭا ئېيتاي، — دەپ سۆزى-
نى باشلىدى، — مېنىڭ ھەمشىرەمنىڭ بىر
كۈيوغلى بولۇپ، ئېتى بەسىرى بەگ ئىدى،
قىرشەھەر ۋىلايىتىدە بوغالتىر ئىدى.
ئۇنى ناھەق چىقىرىۋېتىپتۇ. كېلىپ ماڭا
دېدى، گۇناسىزلىقىغا ۋە ناھەقچىلىققا ئۇچ-
رىغانلىقىغا ئىشەندىم، مالىيە ئىدارىسىنىڭ
مۇدىرى تەھسىن بەگكە بىر خەت يېزىپ،
بەسىرنىڭ گۇناسىزلىقىنى ئېيتتىم ۋە ئۈچ
كۈن ئىچىدە ئۆز جايىغا ئەۋەتىشنى تەلەپ
قىلدىم.

ئۈچ كۈن ئۆتتى، ھېچ جاۋاپ ئالال-
مىدىم. بانا قىلىپ شۇ كىتاپنى سىزدىن
ئالدىم. يالغان سۆزلەشكەمۇ مەجبۇر بولدۇم،
خۇدايىم مېنى كەچۈرسۇن، ئەمدى سىزگە
چۈشكەن ۋەزىپە شۇ: مائارىپ نازىرى شۈك-
رۈ بەگكە بېرىڭ، ئەھۋالنىڭ ئەيىنىنى چۈ-
شەندۈرۈڭ ۋە ئۈچ كۈن ئىچىدە بەسىرى
بەگنى ئۆز جايىغا ئەۋەتىش ھەققىدە مېنىڭ
نامىمدىن سۆزلەڭ. ئەگەر ئۈچ كۈن ئىچىدە
ئەۋەتمەيدىغان بولسا، تۆتىنچى كۈنى بۇ
كىتاپنى ئوچاققا تاشلاپ كۆيدۈرىمەن. بۇنىڭ
ئۈچۈن ھۆكۈمەت مېنى بايەزىت مەيدانىغا
ئاسىدۇ، ئېسىلسام نېمە بوپتۇ؟ كەشىم يەر-
دە قالماس.

ئۇستازنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن
ئۇرۇنۇپ باقتىم، پايدىسى بولمىدى. ئارتۇق
بىر نەرسە دېيەلمىدىم - دە، دەرھال شۈكرى
بەگكە بېرىپ ئەھۋالنى ئەينەن مەلۇم
قىلدىم.

شۈكرۈ بەگنىڭ كۆزى يۇمۇلدى، ئاغزى
ئېچىلدى:

— مەن سېنى ئەقىللىق بىر ئىنسان
ھېساپلاپ كەلگەن ئىدىم، سەن ئاخماقلار-
نىڭ ئاخمىقى ئىكەنسەن، نېمە دېگەن دوت
ئادەمسەن. مۇئەللىم تۇگۇل دەرۋازىۋەنمۇ
بولالمايسەن، ئويلىمىدىڭمۇ؟ كىتاپنى سەن
ئالمىدىڭ، ئەمرى كىتاپنى ساڭا بەرگەن
بولسا، تەلئەت پاشانىڭ يۈز - خاتىرىسىنى
دەپ بەردى. ئەمرى سەندىن كىتاپنى سو-
راپ كەلسە، سەن ماڭا ياكى تەلئەت پا-
شاغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشىڭ كې-
رەك ئىدى. بول! كىتاپنى قۇتقاز، بولمىسا
سېنى ھازىر بوشۇتۇپ، مائارىپقا ئىككىنچى
يولاتمايمەن! — دەپ ۋاقىرىدى.

ناھايىتى قاتتىق ۋە كوڭۇلنى بۇزۇدىغان، جاننى قاخشىتىدىغان گەپلەرنى قىلدى.

جاۋاپ بېرىش نوۋىتى ماڭا كەلگەندە شۇنداق دىدىم:

— بەگ ئەپەندى، پۈتۈن سوزلىرىڭىزنى تىڭشىدىم. بىلىڭكى، مەندە ئەيىپ يوق. ئامما كىتاپنى مەن ئالالمايمەن، يەنە سىز ئالىسىز، قاراڭ، ئۇ ئادەم كىتاپنى بەرمەيمەن دىمىدى، بەسىرى بەگنى جايىغا ئەۋەتىپ ئاندىن كىتاپنى ئېلىڭ، دەيدۇ. ئەمدى سىزگە چۈشكەن ۋەزىپە ياجاۋىت بەگكە دەڭ، ياتەلئەت پاشاغا چۈشەندۈرۈڭ، بەسىرى بەگنى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئەۋەتسۇن. بىزمۇ كىتاپنى ئالايلى. كىتاپنى ئالغاندىن كېيىن، سىز مېنى بوشىتىڭ. ئۇ سىزنىڭ مىشىڭىز. رىسقىمنى جانابى ھەق بېرىدۇ، ئىشلەپ ھايات كەچۈرۈمەن.

ئۇ يەردىن چىقىپ مالىيە مۇدىرى تەھسىن بەگكە باردىم. ۋەقەنى، ئەپەندىنىڭ ئۆلتىماتومىنى دىدىم، تەھسىن بەگ:

— نازىر بەگ بىلەن كورۇشىدىغان بىر ئىشىم بار، ئەتە ماڭا يولۇقۇڭ، — دىدى.

ئەتىسى تەھسىن بەگكە باردىم، كۇلدى:

— ئەمىرى ئەپەندى ھەقلىق ئىكەن، بەسىرى بەگ ناھەق بوشۇتۇلۇپتۇ. خىزمەت ئورنىغا قايتا ئېۋەتىش ئۈچۈن بۇيرۇق بېرىلدى. ئەتە يول راسخودى بېرىلىپ ماڭدۇرۇلىدۇ، — دىدى.

ھەقىقەتەن بىر كۈن ئوتكەندىن كېيىن مالىيەدىن بەسىرى بەگنى چاقىرتىپتۇ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ ھەم خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىك ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپتۇ.

بەسىرى بەگمۇ كېلىپ، ئىشنى ئەپەندىگە چۈشەندۈردى، مەنمۇ:

— ناھايىتى ياخشى، ئىش جايىدا پۈتتى، سوزىڭىز ئەمەلگە ئاشتى، ئىلتىپات قىلىپ كىتاپنى بېرەرسىز؟ — دىدىم.

ئۇ كۇلدى ۋە:

— سىياسەتچى ئادەملەر جىق ئىشلارنى بىلىدۇ، بەلكىم بۇ مېنى ئالداش ئۈچۈن قىلىنغان ۋاقىتلىق بىر ھىيلە بولۇشى مۇمكىن. كىتاپنى ئېلىش ئۈچۈن سەۋرە قىلىپ تۇرۇڭ، بەسىرى بەگ جايىغا ئورۇنلاشسۇن، ئۇستىلىگە ئولتۇرسۇن، "ئىشنى باشلىدىم" دەپ ماڭا تېلېگىرامما ئېۋەتسۇن، كىتاپنى شۇ چاغدا بېرىمەن، — دىدى.

ئامال يوق، سوزىنى قوبۇل قىلدىم، بەسىرى بەگ كەتتى، تېلېگىرامما كەلدى، مەنمۇ كىتاپنى ئالدىم، ئەمما شۇكرۇ بەگدىن ئىشىتكەن ئاچچىق سوزلەرنى ھىلىمۇ ئۇنتالمىدىم، ھېچبولمىغاندا، كېيىن كوڭلۇمنى ياساپ، تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ قويغان بولسا ئىدى، بەلكىم بۇ ئاچچىقلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى، ئۇنداقمۇ بىر نەرسە دىمىدى. ئۇ ئاچچىقلار ئىچىمگە ئوتۇپ كەتتى، ئويلىسامىلا كوڭلۇم بۇزۇلىدۇ.

مەن ئىشتىياق باغلىغانلارغا ئوقۇشلۇق بولسۇن ئۈچۈن، كىتاپنى ئۈچ جىلدكە ئايرىدىم. كىتاپتا، ئاساسەن، ماۋزۇ بېرىلمىگەن ئىكەن. مەن ماۋزۇلىرىنى كورسەتتىم ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا لوغەتلەردە كورۇلگەن ئۇسۇللارغا قاراپ باستۇردۇم، كىتاپنىڭ ئەرەپچە سوزلىرى ھەرىكىلىك ① ئەمەس ئىكەن، مەن ئۇلارغا ھەرىكە قويدۇم، تۈركچىنىڭ ھەرىكىسىزلىرىنى شۇنداقلا تاشلاپ قويدۇم، ھەرىكىلىك بولغانلىرىنىڭ ھەرىكىلىرىنى ساقلاپ قالدىم. ھەتتا بەزى ھەرپلەردە جۈپ ھەرىكە بار ئىكەن، ئەينەن ساقلىدىم.

(1) ھەرىكە — ئەرەپ ئېلىپبەسىدە سوزۇقلارغا قويۇلىدىغان بەلگە.

ئۇمۇمەن كىتاپ ئەسلىسىگە ئۇيغۇن چىقتى، بىرىنچى، ئىككىنچى جىلدىنىڭ باسمىسى ياخشى بولمىدى، چۈنكى مەتبە ھەرپلىرى كونىرىغان، چېكىتلىرىنىڭ، ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپى ياخشى چىقمايتتى ياكى زادىلا چىقمايتتى. ماشىنىست ھەر بەت ئۈچۈن ئەڭ ئاز دىگەندە ئىككى، ئۈچ سائەت ھەپىلىشەتتى. بۇ ۋاقىتلاردا مەنمۇ مەتبە يېنىدا بىللە بولاتتىم.

ئۈچىنچى جىلد پۈتۈنلەي ناچار چىقىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. ئۈچىنچىنىڭ بىرىنچى بېتى مەتبەگە چۈشكەچكە باش مەتبەچىگە:

— بۇ ماشىنىغا جىقراق بېسىم بېرىڭ،— دېۋىدىم، ماشىنىست:

— بەللى، ئۇ چاغدا بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەممىسى ئېزىلىپ كەتسە، مېنى مەتبەخانىدىن قوغلاپ، ھەرپلەرنى تولەتنەمدۇ!؟— دېدى.

— قورقما، مەن بار، سېنى قۇتقۇزىمەن،— دېدىم.

دىگەندەكلا ئارتۇق بېسىم بېرىلىشى بىلەن تەڭ بەت بۇزۇلۇپ كەتتى، ئىش مۇدىر ھامىت بەگكە ئىنكاس قىلىنىدى، ئۇ دەرھال كەلدى-دە، مېنى ئەيىپلىدى:

— تولەي،— دېدىم مەن ۋە دەرھال مائارىپقا چاپتىم، بولغان ئىشنى ئېيتتىم.

— ياخشى قىلماپسىز،— دېدى شۇكرۇ بەگ،— مەن ھازىر ھامىت بەگكە تېلېفون بېرەي، يېڭى ھەرپلەرنى ئالسۇن، بېسىلغان ئىككى جىلد ماڭىمۇ ياقمىدى. شۇ ئىككى جىلدنى يېڭىدىن باستۇرۇشنىمۇ ئويلاۋاتىمەن، بولدى خاتىرجەم بولۇڭ،— دېدى ۋە ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن يېڭى ھەرپلەر كەلدى. كىتاپ بېسىلىشقا باشلىغاندا مىللى تەتقىقات كومىتېتىنىڭ ئەزاسى كىتاپنى تەرجىمە قىلىپ بېرىشىمنى تەكلىپ قىلدى.

بىر ئورنەك يېزىپ، ئېلىپ بېرىۋىدىم ئولار ئوقۇشۇپ كورۇشتى. زىيا بەگ قارشى پىكىر بەردى:

— رىفات كىتاپنىڭ ئەسلى ئارگىنالى بويىچە ئىشلىمەپتۇ، بۇ سوزنىڭ ھەرىكىسى ئۇنداق ئەمەس مۇنداق بولۇشى كېرەك، دىگەندەك ئىزاھاتلارنى بېرىپتۇ. ھالبۇكى، مەن كىتاپنىڭ ئەينى تەرجىمىسىنى ئىستەيتتىم.

شۇنىڭ بىلەن كومىتېت زىيا بەگنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىش بىلەن شۇ يول بويىچە داۋاملاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى.

كىتاپنى بىر تەرەپتىن يازدىم، بىر تەرەپتىن تەھرىرلىدىم ۋە ۋاقتىم مەتبەدە كەتكەچكە تەرجىمىگە ۋاقىت چىقىرالمىدىم. كىتاپ پۈتكەندىن كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئىشلەپ پۈتتەردىم. 22 دەپتەر بولدى.

تەرجىمىنىڭ پۈتۈشى بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كەلدى. كومىتېت تارقالدى. كىتاپنى باسىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ساقلىدىم، كۈتتۈم.

پەيلاسوپ رىزا تەۋپىق بەگ ئەپەندىنىڭ مائارىپ نازارىتىگە كەلىسگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىركۈنى دەپتەرلەرنى قولتۇقلاپ، مائارىپ نازارىتىگە باردىم، ھوزۇرىغا كىرىدىم، ئۇنى تونۇيدىغانلىقىم ئۈچۈن پەخىرلىنىپمۇ كەتەيتتىم.

بولۇمگە كىرىپ سالاملاشتىم، دەپتەرلەرنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. ئالدىدا ئۆرۈپ سۆز كۈتتۈم. بەگ ئەپەندى بىر دەپتەرلەرگە، بىر ماڭا قاراپ:

— كىمسىز؟— دېدى.

— كىلىسلىق مۇئەللىم رىفاتمەن،— دېدىم.

— ھە، ئېتىڭىزنى ئاڭلىغان، ناھايىتى ياخشى، بۇ نىمە دەپتەرلەر؟

www.uyghurkitap.com

— «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ تەرجىمىسى.

— بۇلارنى نىمىگە ئېلىپ كەلدىڭىز؟ نىمە قىلماقچى؟

— بۇ ئەسەرىمنى مائارىپ نازارىتىگە بېرىشنى خالايمەن.

— سىز بۇ تەرجىمىنى ئۆزلىگىڭىزدىن قىلدىڭىزمۇ ياكى بىرەر بۇيرۇق بىلەن قىلدىڭىزمۇ؟

— نازارەتنىڭ بۇيرۇغى بىلەن قىلدىم.

— ياخشى. ئەمما، سىزگە بۇيرۇغان نازىر ئورنىدىن يوتكەلدى.

— دۇرۇس، يوتكەلدى، ئەمما بۇيرۇغى كۆچكە ئىگىدۇر. ئالىيىڭىزغا مەلۇمكى، چوڭلارنىڭ سوزلىرى ئىدارە نامىدىن بولىدۇ. شۇڭا بىر نازىرنىڭ يوتكىلىشى، ئورنىغا اشقىسىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇ ئىدارە نامىدا قىلىغان سوز، ۋەدە كۈچىدىن قالمايدۇ. مائارىپ نازارىتى ماڭا بۇيرۇق قىلدى، مەن ئۇ بۇيرۇقنى ئورۇنلىدىم. ئەسەرىمنى قوبۇل قىلىش نازارەتنىڭ جۇملىدىن، ئالىيىڭىزنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

ئۇستاز كۈلدى ۋە:

— سەن مەنتىقچىغا ئوخشايسەن، — دىدى.

— شۇنداق، — دىدىم، — كىلىسىلىقمەن، مەنتىقنىڭ ئۆگىسىدىنمەن. ئىستامبوللۇق، ئانا تۇلىيەلىك نۇرغۇن ئالىملار كىلىسكە مەنتىق ئۆگىنىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

— ماقۇل، قوبۇل قىلدىم، ئەمما سىزگە بېرىدىغان پۇل بارمۇ ـ يوق قاراپ باقاي.

— بوغالتىردىن سورارسىز، ئەپەندىم.

ئۇ بوغالتىرنى چاقىردى ۋە:

— تۈرلۈك ئېھتىياجدىن سىرت، زاپاس پۇل بارمۇ ـ يوق، ۋە سانى قانچە، دەپتەرگە ياخشى قاراپ بېقىڭ؟

بوغالتىر چىقىپ كېتىپ، قايتىپ كىردى.

— ئەركىن خەجلەشكە بولىدىغان پۇلدىن 120 لىرامىز باركەن.

ئۇستاز:

— تەلىيىڭىزگە مۇشۇنچىلىك پۇلىمىز باركەن، بۇ سانىنى قوبۇل قىلامسىز؟ — دىدى ماڭا.

— تەشەككۈر بىلەن قوبۇل قىلىمەن، — دىدىم.

ئۇ باش كاتىپقا بۇيرۇق قىلدى:

— بىر ھوججەت يېزىڭ، بۇ ئەسەرنى يۈز يىگىرمە لىراغا ئېلىڭ ۋە پۇلنى ھازىرلا بېرىڭ!

ھوججەت يېزىلدى، پۇلنى ئېلىپ، ئۇستازغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كىردىم. ئۇ تەشەككۈرۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئارتۇق پۇل تاپالمىغانلىغا خىجالەتمەن. بۇنداق ئۇلۇغ بىر كىتاپنىڭ تەرجىمىسى ئۈچۈن سىزگە بۇنىڭدىن بىرقانچە ھەسسە ئارتۇق بەرسە بولاتتى، لېكىن نىمە چارە، ئىمكان يوق، ئەپۇ قىلىڭ، — دىدى.

تەرجىمەمنى ئالغاندىن كېيىن تەھرىر ۋە تەرجىمە ھەيئىتىگە ئەۋەتتى. ئۇ يەر ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، تەرجىمەم دارىلفۇنۇندىكى كۇتۇپخانىغا مۈلۈك قىلىندى. ئانچە ـ مۇنچە بېرىپ قاراپ قوياتتىم.

كۇتۇپخانىغا نەجىپ ئاسىم ئەپەندى قارايتتى. بىر كۈنى ماڭا:

— دىۋاندىكى ئاتىلەر سوزلىرىنى تاللاپ ئالدىم، تەرجىمىدىن پايدىلاندىم، ئاپىرىن! يۇرتدىشىم، گۈزەل تەرجىمە قىلىپسەن! — دىدى.

ئارىدىن خېلى بىر ۋاقىتلار ئوتتى. سامىھ رىفات بەگ مائارىپ باش كاتىۋى بولدى. شۇ چاغدا گېزىتنىڭ بىرسىدە مۇن-

داق خەۋەر كوردۇم:

"بۇيۇك مىللەت مەجلىسى مەھبۇت قەشقەرىنىڭ «تۇركى تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى ۋە تەرجىمىسىنى سامىھ رىفات بەگ بىلەن شائىر مەھمەت ئاكىف بەگكە ھاۋالە قىلىدى. بۇ تەرجىمە ئۇچۇن ھەر بىرىگە مىڭ لىرادىن بېرىشنى بېكىتتى."

بۇ ماقالىنى كۆرۇپ "ئۇھ، دىۋان ئۇچۇن يەنە ئىككى زات ئىشلەيدىكەن، مەنمۇ ئەمگەك قىلغىنىمنى بىلدۇرسەم ۋە ئۇلار مېنىڭ نۇسخەمنى كۆرسە، تەرجىمانلارنىڭ ئارىسىغا مېنىڭمۇ ئىسمىم قوشۇلسا بولماسمۇ؟" دېدىم-دە، سامىھ بەگ بىلەن تونۇشلۇغىمىز بولغاچقا مۇنداق بىر مەكتۇپ يازدىم:

"ئەزىزىم، بۇ كىتاپنى مەنمۇ تەرجىمە قىلغان ئىدىم. قولىيازمام 22 دەپتەر بولۇپ دارىلفۇنۇننىڭ ئەدەبىيات كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا، ئالدۇرۇپ ئوقۇپ بېقىڭ. ئەگەر قىممىتى بولسا گۈزەل ئاتلىرىڭىزنىڭ يېنىدا مېنىڭ ئىسمىمۇ چىقىپ قالسۇن."

بىر ھەپتىدىن كېيىن سامىھ بەگتىن بىر مەكتۇپ ئالدىم، مەكتۇپتا: "ئەدەبىيات مۇئەللىمى بەھچەت بەگكە مەكتۇپ يېزىپ، دەپتەرلەرنى ئالدۇردۇم. ئوقۇدۇم، تەرجىمىڭىزگە بەك قايىل بولدۇم ۋە ئاكىف بەگكىمۇ كۆرسەتتىم، ئۇمۇ ئوقىدى. قايىل بولدى. بىز، سىزنىڭ تەرجىمىڭىز بىلەن قانائەتلىنىشنى مۇناسىپ كوردۇق. ئىنشائاللا، دەسلەپتە تەرجىمىنى سىزنىڭ ئامىڭىزدا باستۇرىمىز ۋە سىزگە ياسما ھەققى ئېلىپ بېرىمىز." دېيىلگەن ئىدى.

مەنمۇ تېگىشلىك تەشەككۇرنى يازدىم.

ئارىدىن ۋاقىتلار ئۆتۇپ بىر تىل كومىتېتى تەشكىل قىلىندى. باش كاتىپلىققا روشەن ئەشرەپ بەگ تەيىنلەندى. مائارىپ نازىرلىغىغا رەشىت غالىپ بەگ كەلدى. ئەمدى تىل كومىتېتى دىۋاننى يېڭىدىن تەرجىمە قىلىشقا قارار قىلىپ، بۇ تەرجىمىنىمۇ ماڭا قىلدۇرماقچى بولۇشتى.

رەشىت غالىپ بەگ ماڭا مۇنداق مەكتۇپ يازدى:

"سىزنىڭ بىر تەرجىمىڭىز بار، بىراق كىتاپنىڭ ئەينى بولۇپ، ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە ئەمەس. بىز پۈتۈن لۇغەتنى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تەرجىمە قىلدۇرۇش ۋە ھەرىپ قائىدىسىنى ئالماشلىقنى ئويلاۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۇچۇن سىزنى مەسئۇل قىلىمەن. قەغەز ۋە باشقا نەرسىلەر لازىم بولسا، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى مۇدىرى مۆزەپپەر بەگكە مۇراجەت قىلىڭ..."

قوبۇل قىلدىم. ماڭا تۈركىيات ئىنىستىتۇتىدىن بىر ئۆستەل بېرىلدى. كارتىلارنى قويۇش ئۇچۇن ئىشكاپلار كەلتۇرۇلدى. ئىشقا كىرىشىشتىن ئاۋال روشەن ئەشرەپ بەگدىن: "تەرجىمىگە قولايلىق بولۇش ئۇچۇن سىزگە ئاۋالقى تەرجىمىڭىزنى ئەۋەتتىم. ئۇنىڭغا قاراپ يازسىڭىز تەرجىمە ئۇچۇن چارچاپ يۈرمەيسىز" دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ ئالدىم.

دېگەندەك، پوچتا بىلەن بىر قانچە دەپتەر كەلدى. تەكشۇردۇم، بۇ دەپتەرلەر مېنىڭ ئەسلىدىكى تەرجىمە دەپتەرلىرىم ئەمەس، بەلكى كوچۇرۇلگەن نۇسخا ئىدى. ئەمما بىر نەچچە كاتىپ تەرىپىدىن كوچۇرۇلگەچكە خام-چالا، ھەتتا پۈتۈنلەي خاتا كوچۇرۇلگەن، قۇرلار، بەتلەر ئالماشقان ئىدى. بۇنى كۆرۇپ تەرجىمىنىڭ نېمە بولغانلىغىغا ئېچىندىم:

"بۇنىڭ كېرىگى يوق، مەن يازغان 22 دەپتەر بار، شۇنى ئەۋەتسىڭىز" دېدىم. "ئۇنداق بىر نىمىلەر يوق!" دەپ جاۋاپ

كەلدى، مەنمۇ: "بۇ دەپتەرلەر ئىشىمىغا يارىمايدۇ" دېدىم. دەپتەرلەرنى قايتۇرۇۋەتتىم، تەرجىمىنى تەلەپ بويىچە دىۋانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا قاراپ ئىشلەشكە باشلىدىم.

ئەمما، دەپتەرلەرنىڭ نەدە قالغانلىقىنى ھەممىدىن سامىھ بەگ بىلىشى مۇمكىن بولغانلىقى ئۈچۈن بىرىنچى قۇرۇلتاي ئېچىلماستىن بۇرۇن:

— مېنىڭ دەپتەرلىرىم نەدە قالدى؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن دەپتەرلەرنى ئېلىپلا كاتىپلارغا تەقسىم قىلدىم، — دېدى ئۇ، — سۈرىتىنى ئالدۇردۇم، سىزنىڭ ئەسلى دەپتەرلىرىڭىزنى غازى پاشا ھەزرەتلىرىگە تەقدىم قىلدىم. غازى پاشاھەزرەتلىرى "سىزدە بىردىن سۈرەتلىرى بارمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن "بار" دېدىم. "ئۇنداق بولسا بۇ دەپتەرلەر مېنىڭ بولسۇن، مەن ئانچە-مۇنچە ئوقاي" دېدى. شۇڭا دەپتەرلىرىڭىز غازى پاشا ھەزرەتلىرىنىڭ خۇسۇسى كۇتۇپخانىسىدا، تەبىكى ئىزلىمەي قويۇڭ، — دېدى.

مەن ئىككىنچى تەرجىمىنى پۈتتۈرۈۋاتقاندا رەشىت غالىپ بەگ:

"يازغان كارتىلارنى ماشىنىكا بىلەن، يېڭى يېزىق بىلەن بىر نۇسخىدىن يېزىڭ" دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتتى.

"مەن ماشىنكا بىلمەيمەن" دەپ جاۋاپ يازدىم. بۇنىڭغا جەفەر ئوغلى ئەخمەت بەگنى مەسئۇل قىلدى. پۈتۈن كارتىلارنى ماشىنكا بىلەن باستى. كېيىن رەشىت غالىپ بەگ بۇ كارتىلارنى بىروككىلمانىنىڭ كىتاۋى بىلەن بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. "مەن نېمىسچە بىلمەيمەن" دېدىم. بۇ ئىشمۇ ئەخمەت بەگكە ھاۋالە قىلىندى.

يەنە ئارىدىن بىر زامان ئۆتتى. بىر كۈنى ئىبراھىم نەجمى بەگ مېنى دولما باغچە سارىيىغا چاقىردى. مەن بارغاندا نەجمى بەگ بېسىم ئاتالاي بەگ بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ ماڭا:

— ئەزىزىم، بىز «تۈركى تىللار دىۋانى»نى يېڭىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇپ باستۇرۇشنى ئويلاۋاتىمىز. سىزنىڭ قولىيازمىڭىزنى تاپالىمىدۇق. ئۇنىڭدىن كوچۇرۇلگەن بىر نۇسخە بار، سىز ئۇنى خاتا، كەمتۈك دەۋاتىسىز، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن سىزگە مۇراجەت قىلىمەن. بىزگە دىۋاننى يېڭىۋاشتىن تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ. بولامدۇ؟ — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدىم مەن.

— ھەققىگە نىمە دەيسىز؟

— سىز دەڭ، قانچە بېرىسىز؟

— يۈز لىرا! — دېدى بېسىم ئاتالاي بەگ.

— بولماس، — دېدىم. ئىككى يۈزگە چىقتى. يەنە "بولماس" دېدىم. ئۈچ يۈزگە چىقتى.

— كوپرەك بەرمەمسىز؟ — دېدىم مەن.

— بەرمەيمىز.

— بەرمىسىڭىز ئۈچ يۈز لىراغا تەرجىمە قىلمايمەن، — دەپ ئاخىرقى جاۋاپنى بەردىم.

بېسىم ئاتالاي ماڭا ئېتىراز بىلەن:

— سەن ئۆز ۋاقتىدا تەرجىمىنى يۈز يىگىرمە لىراغا بەرگەن ئىكەنسەن، ھازىر نىمىشقا نازلىنىسەن؟ — دېدى.

— ئۇ تەرتىپسىز چاغلار ئىدى. ھازىر شۇكۇر، كەڭ-كۇشادە چاغلار، ئەمىلىيەتتە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى بۇ تەرجىمە ئۈچۈن ئىككى مىڭ لىرا ئاجرىتىشنى ماقۇللىدى. قېنى، يەنە ئازراق قوشۇپ بېرىڭ! — دېدىم مەن.

(ئاخىرى 69 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

## مۇشتىرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان، ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا چىقىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژورنال.

بۇ ژورنالدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەممە ژانىرلىرىغا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلگەندىن باشقا، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تونۇشتۇرۇلۇپ كەلمەكتە. ژورنال سەھىپىسى مەزمۇنىغا بىرقەدەر باي، ئەسەرلەرنىڭ شەكلى خىلمۇ - خىل ھەم قىزىقارلىق بولۇپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشمەكتە.

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ ئاممە بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىگە 3 يىل بولدى. 83 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ھەرقايسى پوچتا تارماقلىرى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ژورنال باھاسى 30 فۇڭ، يىللىق ئابۇنە ھەققى 1.20 يۈەن. ژورنالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى: 47—58.

كىتابخانلارنىڭ ژورنىلىمىزنىڭ 1983 - يىللىق سانلىرىغا ھازىردىن باشلاپ مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئاقسۇ مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىي - مائارىپ باشقارمىسى.

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژورنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بولۇمى.

www.uyghurkitap.com



TARIM

塔里木（维吾尔文，文学月刊）

1983 - يىل 2 - سان (264 - سان)، 26 يىل نەشرى

تۈزگۈچى: «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورا، تېلېفون نومۇرى: 24784

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە

ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

باسما تاۋاق: 8، ژورنال نومۇرى: 66 - 58، باھاسى: 35 فۇڭ.

قەرەللىك ژورنال نومۇرى: 024.